# TANGRITAG



ئادىل ياراتقان يەنە بىر مۆجىزە

بېيجىڭدا كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىم

شۈكۈر يالقۇن:

مېنى باسقان ئىزلار

شائىرلىق قىسمىتى ھەققىدە

6

天尔塔格

# تەڭرىتاغ


ISSN 1004-17

9 771004 174004



ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ 20 ياشقا تولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سىزگە ۋە سىز ئارقىلىق باشقا سىرداش دوستلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ ۋە قىزغىن سالام يوللايدۇ.

كۆپ يىللاردىن بۇيان سىز بىلەن سەممىي دوستلىشىپ، دوستلاشقاندىن كېيىن قىزغىن سىردىشىپ كېلىۋاتقان «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى قۇمۇل تاغلىرىغا ئوخشاش بەردەملىكى، بوستانلىقتىكى باغلىرىغا ئوخشاش ئۆزگىچە گۈزەللىكى بىلەن، شۇنداقلا مىللىي ئەدەبىياتىمىز باغچىسىدا ئېچىلغان بىر گۈل سۈپىتىدە خۇش پۇراق چېچىپ، قۇمۇلنىڭ تارىخى، مىللىي مەدەنىيىتى، ئۆزگىچە تۇرمۇش ئەھۋالىنى چۈشىنىشىڭىزدىكى ئالتۇن كۆزنەك بولۇپ كەلدى.



ئۇيغۇرچە، قازاقچە قۇمۇل ئەدەبىياتى ژۇرنىل

باش مۇھەررىر: ھەبىبۇللا مۇھەممەت
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا
قانۇن مەسلىھەتچىمىز: ئابلىمىت رەھىم

# 2000.6

# تەڭرىتاغ

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت،
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

تەھرىر ھەيئەتلەر:

ئازات سۇلتان، ئابدۇقادىر جالالىدىن،
ئەخمەت ئىمىن، ئەكبەر ئېلى، ئىمىن
ئەھمىدى، بوغدا ئابدۇللا، مۇرات
مەتنىياز، مۇختار مەخسۇت، مۇھەممەت
پولات، غوپۇر نۇر، ھاجى قۇتلۇق
قادىرى، ئوسمانجان ساۋۇت

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى چىقاردى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى

E-mail:tangri@mail.wlxj.cn

# مۇندەرىجە


## ئەدەبىي ئاخباراتلار

ئادىل يارانقان يەنە بىر مۆجىزە ........................ ئالىم خالىدىن (4)
بېيجىڭدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم........................ تەلئەت ئىبراھىم (42)

## ھېكايىلەر

قىسمەت ........................ ئابباس مۇنىياز (21)
ئۆيىنى يەۋەتكەن ئادەم ........................ ئۆمەر ئابدۇللا (39)

## شېئىرلار

تاھىر قاسىم، كامىل رەھىم، ۋارىسجان قاسىم ........................ (17)

## نەسىرلەر

يىگىت ........................ ئەخمەت ئىمىن (15)
ھايات كۆلەڭگىسى........................ رەخىم ياسىن قاينامى (30)

## ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق

ۋاھىتجان ئوسمان، ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم، ئابدۇغېنى ساۋۇت ........................ (33)

## ئەدەبىي خاتىرىلەر

ئەدەبىي خاتىرىلەر ........................ غوپۇر قادىر تەرجىمىسى (65)
تىنىمسىز خىياللار ........................ ساۋۇت داۋۇت (70)



**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىن نۇر**
**مۇھەررىرلەر: ئەكبەر سالىھ**
**سەنەۋەر ئۆمەر**
**ئالىم خالىدىن**
**ئىمىرھەسەن مەخمۇت**
**مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت**
**گۈزەل - سەنئەت مۇھەررىرى: ئەكبەر سالىھ**
**تارقىتىش خادىمى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت**

## كەچمىش ۋە كەچۈرمىشلەر

شۆكۈر يالقىن: مەن باسقان ئىزلار ........................................ (25)
ستالىننامە ................................................ يورىي بورىف (57)

## مەشھۇر ئاسارلەردىن بەھرىلەر

شېئىر، سىمۋول ۋە باشقىلار ........................................ جىبلىل خىبلىل (54)
شائىرلىق قىسمىتى ھەققىدە ........................................ ئالېكساندىر بلوك (84)

## چەت ئەل شېئىرىيىتىدىن ئۈرنەكلەر

چەت ئەل شائىرەلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن ........................ مۇختار مەخسۇت تەرجىمىسى (90)

## بازىرى ئىتتىك كىتابلاردىن ئەرمىلار

بورۇقتۇرمىلىقتىن ئازادلىققىچە ........................................ ئوشۇ (95)

## ئەدەبىي ئۇچۇرلار

«كۆكنۇر مۇكاپاتى»- سىزنىڭ مۇكاپاتىڭىز ........................................ (112)



ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 - نومۇر
تېلېفون: 2818897، 2819490 پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
(782 - خەت ساندۇقى)
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65—1012/1
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 83 - 52
پارچە سېتىلىشى: 4.40 يۈەن

# ئادىل ياراتقان يەنە بىر مۆجىزە

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ئالىم خالىدىن



ھاياتىمىزدا شۇنداق بىر كۈنلەر بولىدۇكى، ئۇنى ھەربىر ئەسلىگىنىمىزدە سىزنى قاتتىق ھاياجانغا سالىدۇ. بۇ ئەسلىمىلەرنى كاللىمىزدىن چىقىرىۋېتىمەن دېسىڭىزمۇ چىقىپ كەتمەي مەڭگۇ خاتىرە بولۇپ قالىدۇ. مېنىڭ كاللامدىمۇ شۇنداق خاتىرىلەرنىڭ بىرنەچچىسى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ بىرسى ئادىل ھوشۇرنىڭ خۇەن ئۆلكىسى نەنيۈ خېڭشەندىن غەلىبىلىك ئۆتكەنلىك خاتىرىسىدۇر.

بۇنىڭدىن ئون يىللار بۇرۇن خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان «بىلىم خەزىنىسى» دېگەن ژۇرنالدا «دۇنيادا ئەڭ» دېگەن سەھىپە ئاستىدا بېرىلگەن «دۇنيادىكى ئەڭ ئەرزان ئون مېھمانخانا» دېگەن ماقالىنى كۆرۈپ خېلىلا ھاياجانلانغانىدىم. چۈنكى ماقالىدە قەشقەردىكى قايسىبىر ساراي «دۇنيادىكى ئەڭ ئەرزان مېھمانخانا» قاتارىدا تىلغا ئېلىنغانىدى. گەرچە بۇ مىللىتىمىزنىڭ شان - شەرىپىگە مۇناسىۋەتلىك ئالاھىدە زور بىر ئىش بولمىسىمۇ، يۇرتىمىزدىكى ئاددىي بىر سارايىنىڭ «دۇنيادىكى ئەڭ» دېگەن قاتارغا تىزىلىشى مېنى خېلىلا سۆيۈندۈرگەن، ھاياجانلاندۇرغانىدى. بۇ خەۋەر ماڭا خېلى زور ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بەخش ئەتكەنىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇيغۇر يىگىتى ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنشيا بوغۇزىدىن ئۆتۈپ دۇنيا گىنېس رېكورتى يارىتىپ، ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپلا ئۇزۇنلۇقى 1399.6 مېتىر، ئېگىزلىكى 266 مېتىر مۇساپىنى دىئامېتىرى 3.7 سانتىمېتىر كېلىدىغان پولات سىم ئۈستىدە 52 مىنۇت 22 سېكۇنتتا بېسىپ ئۆتۈپ يەنە بىر دۇنيا گىنېس رېكورتى يارىتىشىنى نەق مەيداندا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ھاياجىنىمنى باسالمىدىم.

2000 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، يەنى بىز سەپەرگە چىقىشتىن بىر كۈن بۇرۇن ئادىلنىڭ ھەممىسىنى بېڭىسارغا ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن پويىز ئىستانسىسىغا چىققانىدۇق. قايتىشىمىزدا ئادىلنىڭ ماشىنىسىدا ئادىل ۋە ئادىلنىڭ ئاچىسى ئاسىگۈل قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ئاسىگۈل:

— جېنىم ئۇكام، ئىشىڭ ئوڭغا تارتىدىغان ئوخشايدۇ، چۈشۈمدە ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا چوڭ - چوڭ

تېلېۋىزورلار پەيدا بولۇپ قاپتۇ، تېلېۋىزورنىڭ ھەممىسىدە سېنى تونۇشتۇرۇۋاتقۇدەك. ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ سېنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلدىم،ـ ئۇلا پلا ئادىل ئۆزى كۆرگەن چۈشنى سۆزلەپ بەردى.

ـ ھەممە تۇغقانلار ئۆيدە جەم بوپتۇق، ئاتام، ئانامىلارمۇ بىز بىلەن بىرگە ئولتۇرغۇدەك،ـ ئادىلنىڭ گېپىدىن كېيىن ھەممىمىز شۈكلىنىپ كەتتۇق. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئادىلنىڭ چۈشىدە نامايان بولۇشى ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ ئىش ئىدى. چۈنكى ئۇ كىچىكىدىنلا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلغان، ئاتا ـ ئانا مېھرىدىن مەھرۇم قالغان، بالىلىقتىكى ئەركىلەش، بالىلىقتىكى تەنتەكلىك، بالىلىقتىكى نۇرغۇن ـ نۇرغۇن نەرسىلەردىن قۇرۇق قالغانىدى. ھاياتلىقتىكى بۇ خىل چوڭ يوقىتىشنى پەقەت ئاتا ـ ئانىسى يوق كىشىلا ھېس قىلالايدۇ.

## مەن چوقۇم دارۋاز بولىمەن

ئادىل ناھايىتى كىچىكلا ئاتىسىدىن ئايرىلغان، ئۇ چاغدا ئۇ ھېچنېمىنى بىلمەيتتى. ئانىسىمۇ ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى ئېيتمىدى. ئۇ ئەمدىلا ئېسىنى بىلگەندە باشقا بالىلارنىڭ ئانىسىدىن باشقا يەنە دادىسىنىڭمۇ بار ئىكەنلىكىنى بىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئانىسىدىن سورىدى:

ـ ئانا، ھەممە بالىلارنىڭ دادىسى بولامدۇ؟
ـ شۇنداق بالام.
ـ ئۇنداقتا، نېمىشقا مېنىڭ دادام يوق؟
ـ سېنىڭمۇ بار بالام.
ـ ئەمىسە قېنى؟
ـ يىراققا كەتتى.
ـ قاچان كېلىدۇ؟
ـ ئۇزاقتا كېلىدۇ.

. . . . . .

شۇنداق قىلىپ نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئادىلمۇ ئاق ـ قارىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولدى. بىچارە ئانا بۇ شۇم خەۋەرنى ئوغلىغا دېيىش ئۈچۈن نەچچە يىل ئويلاندى. بۇ خەۋەرنى ھامان ئۇنىڭغا دېمىسە بولمايتتى. بىر كۈنى ئۇ ئادىلنى ئالدىغا چاقىرتتى.

ـ بالام، خېلى چوڭ بولۇپ قالدىڭ. ئەمدى داداڭنىڭ ئىشىنى ساڭا دېمىسەم بولمىدى.

ـ دادام كېلىدىغان بولدىمۇ؟ـ ئادىل خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتتى. ئانا بالىسىنىڭ دادىسىغا بولغان تەشنالىقىدىن يۈرىكى ئېزىلىپ، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. خېلى ھازاغىچە گەپ قىلالماي قالدى.

ـ ياق بالام، داداڭ ئەمدى كېلەلمەيدۇ. ئۇ سەن كىچىك ۋاقتىڭدا قازا قىلغان.

ـ سىز دادامنى يىراققا كەتكەن دېگەنتىڭىز-غۇ؟

ـ ئۇ چاغدا سەن كىچىك ئىدىڭ بالام. ئەمدى چوڭ بولدۇڭ، ساڭا دېمىسەم بولمايدۇ. ئادىل قېتىپلا قالدى. ئانىسىدىن ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىلگىرىكى شوخلۇقلىرى يوقاپلا كەتتى.

ـ ئانا، دادام بۇرۇن نېمىش قىلاتتى؟

ـ دارۋاز ئىدى بالام،ـ ئانا دادىسىنىڭ ئۆز جەمەتىنىڭ 5 ـ ئەۋلاد دارۋازى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەل ئارىسىدا نامى بارلىقىنى، پۈتۈن يۇرت خەلقى ئۇنى ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

ـ مەنمۇ دارۋاز بولىمەن.

ـ ياق بالام، داداڭ سېنى چوڭ بولسا دارۋاز بولمىسۇن، بۇنداق خەتەرلىك ئويۇن بالىلىرىمغا مىراس قالمىسۇن دېگەن.

ـ مەن چوقۇم دارۋاز بولىمەن. خۇددى دادامدەك. ئۇزۇن ئۆتمەي ئانىسىمۇ ئادىلنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تېخى يېتىلىپ بولالمىغان كىچىككىنە يۈرەك پارىسىنى تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالدى. گەرچە ئادىل ئۆز جەمەتىنىڭ 6 ـ ئەۋلادى بولسىمۇ، ئۇ ئۆز دادىسىدىن دارۋازلىق سەنئىتىنى ئۆگىنىشكىمۇ نائىل بولالمىدى.

ئەينى ۋاقىتتا ھوشۇر ئاكا بىلەن قول بېرىشىپ قەدىناس بولۇشقان، مەڭگۈلۈك ئۇرۇق ـ تۇغقان بولۇشقا ۋەدىلەشكەن زۇنۇن ھاجى ئاكا دادا ئورنىدا ئادىلغا دارۋازلىق سەنئىتىنىڭ ماھارەتلىرىنى ئۆگەتتى. دادىسىنىڭ ئورنىدا ھوشۇر ئاكا جەمەتىنىڭ 5 ـ ئەۋلاد دارۋازلىرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالدى. . .

1989 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئەينى

ۋاقىتتىكى رەئىسى تۆمۈر داۋامەت يېڭىسار سېرىك ئۆمىكىنى شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكىگە قوشۇۋېتىپ، بۇ ئۆمەكنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ ئەكەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ شارائىتى تېخىمۇ ياخشىلاندى. ئۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ مۇھىم شەھەرلىرىدە ۋە چەت ئەللەردە ئويۇن قويۇش پۇرسىتى تېخىمۇ كۆپەيدى. ئادىل ئالاھىدە سورۇنلاردا ئويۇن قويۇپ ماھارىتى مۇكەممەللەشىپ باردى. نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئېگىزلىكى ئوتتۇز مېتىر كېلىدىغان تۈۋرۈككە ئۇزۇنلۇقى سەكسەن مېتىر كېلىدىغان ئارغامچىنى باغلاپ ماھارەت كۆرسىتىدىغان ئەنئەنىۋى دارۋازلىق كۆزقارىشىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ بىنالار ئوتتۇرىسىدا پولات سىم تارتىپ ماھارەت كۆرسىتىپ باقتى. كەيىندىنلا ئىككى تاغ چوققىسىغا پولات سىم تارتىپ ماھارەت كۆرسىتىپ باقتى. دەريا ئوتتۇرىسىغىمۇ پولات سىم تارتىپ ماھارەت كۆرسىتىپ باقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ماھارىتى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ باردى. ئەمدىلىكتە ئېگىزلىك ۋە ئۇزۇنلۇق ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمايۋاتاتتى. دەل شۇ پەيتتە ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى كانادالىق كوچىرائىن ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر رىقابەت سورۇنى ھازىرلاپ بەردى. لېكىن ئادىل ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنىلىپ قالدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ دەل شۇ پەيتتە شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكىنىڭ باشلىقى مىجىت ساۋۇت ئاكا ئوتتۇرىغا چىقىپ جەمئىيەتتىن پۇل ئىئانە قىلىپ، ئادىل ئۈچۈن جەڭ مەيدانى ھازىرلاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى بۇنىڭغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن بۇ ئىشنى قوللاپ بېرىش ئۈچۈن ھۆججەت چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تۇنجى دۇنيا رېكورتىنى يارىتىشى غەلىبىلىك تاماملاندى.

مەن ئادىل بىلەن 1997 - يىلى ئەتىيازدا تونۇشقان. ئۇ چاغدا ئادىل تېخى چولپان ئەمەس ئىدى. شىنجاڭ ئاياللىرى ژۇرنىلىدىن غەلىبە مۇھەممەت ھەدەم ئادىل ھوشۇرنى تونۇشتۇرۇپ ماقالە يازغانلىقىنى، ئۇنىڭغا مۇناسىپ رەسىم تارتىپ بېرىشىمنى ئېيتتى. دەل شۇ قېتىمقى رەسىم تارتىشتىن كېيىن ئادىلغا، دارۋازچىلىققا، شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكىگە رىشتىم باغلىنىپ قالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ تەھرىر بۆلۈمىمىز مەسئۇلىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا ئادىل ماھارەت كۆرسەتكەن چوڭ پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىگە قاتناشتىم.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئادىل سەنشيا بوغۇزىدىن ئۆتمەكچى بولدى. ئۇ چاغدا، سەنشيا بوغۇزىغا بېرىشتا بەكمۇ دېلىغۇل بولدۇم. چۈنكى ئادىلنىڭ خەلقئارادا «پەلەك شاھزادىسى» دەپ نام ئالغان ئامېرىكىلىق كوچىرائىننى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىغا ئانچە بەك ئىشەنچ قىلىپ كېتەلمىدىم. ئامېرىكا ھەممىدە دۇنيانىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ دېگەن ئۇقۇم مېنىڭ كاللامدىمۇ مەۋجۇت ئىدى. تارىختا ئۇيغۇر سېرىكچىلىرىنىڭ «غەربىي يۇرتتىكى سېھىرلىك ئادەم» دەپ ئاتالغانلىقىنى، «خەننامە»دە ئۇيغۇر دارۋازلىرىنىڭ چاڭئەندە ماھارەت كۆرسەتكەنلىكى خاتىرىلەنگەنلىكىنى، بىزدىكى دارۋازچىلىقنىڭ دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى دارۋازچىلىق ئىكەنلىكىنى تېخى ئەمدىلا بىلدىم. ئۇنى ماڭا ئادىلنىڭ ماھارىتى بىلدۈردى. چۈنكى 1997 - يىلىدىن بۇيان مەن ئادىلنىڭ ماھارىتىنى ئۇنىڭ ئاكىسى ئەركىن ھوشۇر ۋە نەۋرە ئاكىسى مەمەت تۇرسۇندىن باشقا ئۆز كۆزى بىلەن ئەڭ كۆپ كۆرگەن ئادەممەن.

بىز نۇرغۇن جەھەتلەردە مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا ئاپتونوم رايون ۋە ئۆلكىلىرىدىن كېيىن تۇرساقمۇ بۇ جەھەتتە بىز مەملىكىتىمىز بويىچىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا بويىچىمۇ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتۇق. بەلكىم باشقا تەنھەرىكەت تۈرلىرىگە ئوخشاش دارۋازچىلىقمۇ كەلگۈسىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت تۈرلىرىگە كىرىپ قېلىشى مۇمكىنغۇ؟ ئۇ چاغدا مەملىكىتىمىز يەنە بىر تۈردە ئالتۇن مېدال ئالالايدۇ. خۇددى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ بىر رەھبىرى ئېيتقاندەك: بۇ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا جۇڭگو كوماندىسى ئىچىدە خۇنەن ئۆلكىسى ئەڭ كۆپ ئالتۇن مېدال ئالدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئادىل ھوشۇر خۇنەن ئۆلكىسىدە ماھارەت كۆرسىتىپ خۇنەن ئۆلكىسى ئۈچۈن يەنە بىر ئالتۇن مېدال ئېلىپ بەرگەندەك بولدى.

## دېڭىزدىن ئەجدىھا ئىزلەش

2000 - يىلى 6 - ئۆكتەبىردىن 10 - ئۆكتەبىرگىچە خوتەن ئۆلكىسىنىڭ خېڭياڭ شەھىرى نەنيۆ رايونىدا جوڭگو نەنيۆ خېڭشەن مەدەنىيەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، بۇ بايرامنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى جوڭگودىكى بەش داڭلىق تاغنىڭ بىرى بولغان خېڭشەن تېغىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ساياھەتچىلىك ئالاھىدىلىكىنى دۇنياغا تونۇتۇپ ئۆز ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بارلىق ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشلىتىپ، نۇرغۇن لايىھىلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا قايتا - قايتا مۇزاكىرىلىشىپ، نەنيۆ خېڭشەندە فۇرۇڭ چوققىسى بىلەن جۇرۇڭ چوققىسى ئوتتۇرىسىدا پولات سىم تارتىپ، ئادىل ھوشۇرنىڭ پولات سىم ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىپ دۇنياغا جەڭ ئېلان قىلىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنى بۇ قېتىمقى بايرامنىڭ مەركىزىي ھالقىسى قىلىشنى قارار قىلدى. نەنيۆ رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يۈەن ۋېيشياڭ بۇ قېتىمقى پائالىيەتنىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ «پەلەك شاھى» ئادىلنىڭ نامىدىن باشقا ھېچنەرسىنى بىلمەيتتى. ئادىلنى نەدىن تېپىش كېرەك؟ ئۇ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا تېلېفون قىلدى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا تېلېفون قىلدى. لېكىن ئادىلنىڭ ئادرېسىنى تاپالمىدى. شىنجاڭ ئۇنىڭ كاللىسىدا مۈجمەل بىر ئۇقۇم بولغاچقا، تېلېفون قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئاخىر ئۇنىڭ كاللىسىغا دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى كەلدى. دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسىنىڭ بىرنەچچە بۆلۈمىگە تېلېفون قىلىش ئارقىلىق ئاخىر ئادىلنىڭ شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكىدە خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇ ئۈرۈمچىنىڭ 114 نومۇر سوراش تېلېفونى ئارقىلىق شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكىنىڭ تېلېفون نومۇرىنىمۇ بىلىۋېلىپ، ئادىلنى تېپىۋالدى - دە، دەرھال ئۈرۈمچىگە قاراپ ئۇچتى. ئادىل ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى بىلگەندىن كېيىن نەق مەيداننى كۆرمەي تۇرۇپلا پولات سىمدىن ئۆتۈپ كېتەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە نەنيۆ رايونى بىلەن شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكىنىڭ توختام تۈزسە بولىدىغانلىقىغا ئىپادە بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى پائالىيەتنىڭ كونتېرتىپى رەسمىي باشلاندى. بىز چاڭشاغا يېتىپ بارغاندا باش قوماندان ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى.

- مەن ئادىلنى ئىزلەش ئۈچۈن شۇنداق باش قاتۇردۇمكى، خۇددى دېڭىزغا كىرگەندەك بولدۇم.

- ئاخىر دېڭىزدىن بۇ بېلىقنى سۈزۈپ چىقىپسىز - دە؟

- ياق، ياق، ئۇ ھەرگىزمۇ بىر بېلىق ئەمەس، بەلكى ئەسىرلەپ تېپىلمايدىغان بىر ئەجدىھا. . .

## داڭدارلار يۇرتى

خوتەن ئۆلكىسى مەملىكىتىمىز بويىچە داڭلىق ئىختىساس ئىگىلىرى چىقىدىغان جاي. ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش نىسبىتى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئۆلكىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش نومۇر سىزىقىمۇ باشقا ئۆلكىلەردىن يۇقىرى. نەنيۆ رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، ئەگەر مەملىكەت بويىچە ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش نومۇر سىزىقى بىرلىككە كەلسە، جوڭگودىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كۆپىنچىسى خوتەنلىك ئوقۇغۇچىلار بىلەن توشۇپ كېتىشى مۇمكىن.

بىز چاڭشا شەھىرىدىن نەنيۆ رايونىغا كېتىۋاتقاندا 107 - دۆلەتلىك تاشيولىدا بىر ماي قاچىلاش پونكىتىنىڭ ۋىۋىسكىسى كۆزۈمگە چۈشتى. ئۇنىڭدا «بەيشى ماي قاچىلاش پونكىتى» دېگەن خەت بار ئىدى. مەن دەر گۇمان بولۇپ، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقىدىن سورىدىم:

- ۋىۋىسكىدا يېزىلغان بەيشى «چى بەيشى» دىكى بەيشىمۇ؟

- دەل توغرا. بۇ چى بەيشىنىڭ مەھەللىسى.

- چى بەيشى خوتەن ئۆلكىسىدىن ئىكەن - دە؟

- بولا ئەمەس، خوتەن ئۆلكىسىدىن نۇرغۇن داڭلىق شەخسلەر چىققان. ئۆلكىمىز داڭدارلار

يۇرتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ماۋ زېدۇڭ، ليۇ شاۋچى خۇنەنلىك، ھازىرقى زۇڭلى جۇ رۇڭجى خۇنەنلىك. تېخى لېي فېڭمۇ خۇنەنلىك. ئازادلىقتىن كېيىن سىلەرنىڭ شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان ۋاڭ جېن، ۋاڭ ئېنماۋمۇ خۇنەنلىك. ۋاڭ جېن تېخى ئەينى ۋاقىتتا ماۋزېدۇڭدىن يولىيورۇق سوراپ 700 خۇنەنلىك قىزنى شىنجاڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانىغا ئېلىپ كەتكەن. خۇنەن خەلقى شۇ ۋاقىتتىكى ئىشلارنى ھازىرمۇ قوشاق قىلىپ ئېيتىپ يۈرمەكتە.

خېڭشەن تېغى مەملىكىتىمىز بويىچە بەش چوڭ داڭلىق گۈزەل تاغلارنىڭ بىرى بولۇپ، مەملىكەتلىك نۇقتىلىق مەنزىرىلىك مەشھۇر جاي. بۇ تاغدا يەتمىش ئىككى چوققا بولۇپ، ئادىل ماھارەت كۆرسەتكەن جۇرۇڭ چوققىسى بۇ چوققىلارنىڭ ئەڭ ئېگىز نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1290 مېتىر. بۇ تاغدا نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بۇتخانىلار ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلار بار. مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىن نۇرغۇن كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ ساياھەت قىلىدۇ.

## خەيرلىك بولمىغان باشلىنىش

بۇ نۆۋەتلىك پائالىيەتنىڭ كوللېكتىپ ئايروپىلان بېلىتىنى ئېلىشقا مەن مەسئۇل بولغانىدىم. ئادىل مېنىڭ سەيشەنبە كۈنىنىڭ بېلىتىنى ئالغانلىقىمنى بىلىپ، - «سەيشەنبە» كۈنى يولغا چىقساق خەيرلىك بولماسمىكىن. بېلەتنى باشقا كۈنگە ئالماشتۇرۇۋەتمەسەن، - دېدى.

دۆلەت بايرىمىدا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىر ھەپتە دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، بېلەت بەك قىس ئىدى.

- ئەگەر بېلەتنى ئالماشتۇرساق بەش كۈندىن كېيىنكى بېلەتنى ئالالايمىز، قانداق قىلاي؟

- بوپتۇ ئەمىسە، ئۆلگۈرەلمىگۈدەكمىز، خۇدايىم ساقلا.

دېگەنىكىدەك ئالدىرىغانسېرى ئىشلىرىمىز تەسىرگە ئۇچراپلا تۇردى. 26 - سېنتەبىر ئەتىگەن سائەت ئالتە بولماي تۇرۇپلا سىرلىك ئۈمىكىگە يىغىلىپ تۇرساق ئايرودرومدىن تېلېفون كېلىپ بىز چىقىدىغان ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش ۋاقتى سائەت ئونبىرگە كېچىكتۈرۈلگەنلىكىنى ئۇقتۇردى. بىزنى ئۇزاتقىلى چىققان مۇخبىرلار ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلار نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. سىرلىك ئۈمىكىدە ئارتۇقتىن ئارتۇق ئىككى - ئۈچ سائەت تۇرۇۋېتىپ، ئايرودرومغا كەلسەك ئايروپىلانغا چىقىڭلار دېمەي يەنە «سائەت ئۈچكە كېچىكتۈرۈلدى، دەم ئېلىپ تۇرۇڭلار» دەپ مېھمانخانا ياتاقلىرىغا چىقىرىپ قويدى. ئايرودروم مېھمانخانىسىدا نەچچە سائەت ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتتۇق. مەن تەشۋىشلىنىپ قالدىم. ئەگەر ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش ۋاقتى يەنە كېچىكتۈرۈلسە بىزنىڭ ئومۇمىي پىلانىمىز تېخىمۇ چوڭ تەسىرگە ئۇچرايتتى. ئالدىنقى قارارda خېڭشەن تېغىغا چىقىپ كەتكەن دارۋاز تېخنىكلار پولات سىمنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك تارتىلمىغىنىنى خەۋەر قىلغاچقا بالدۇر بېرىپ پائالىيەت ئورۇنلاشتۇرغۇچى تەرەپ بىلەن كېڭىشىپ پولات سىمنى قايتا تارتىش ئۈچۈن تالاي كۈن كېتەتتى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئون نەچچە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى نەق مەيداندىن تارقىتىدىغان ۋە سەكسەن مىڭ بېلەت سېتىلغان بۇ پائالىيەتنىڭ ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايتتى. بىز ئۈچۈن بىر كۈن ۋاقىتمۇ ئىنتايىن قەدىرلىك ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى ئايروپىلان ئاخىر ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. ياخشى تۇرۇۋاتقان ھاۋا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ ئۇرۇمچىنىڭ تۇنجى شىۋىرغانلىق يامغۇرى بىزنى ئاچچىق سوغۇقى بىلەن ئۇزىتىپ قويدى.

ئايروپىلانغا بىزدىن باشقا يەنە ئىككى ئۇيغۇر چىقتى. ئۇلار «مۇزتاغقا كەلگەن مېھمان» فىلىمىدىكى ئامىر بىلەن جىڭ گۈلەندەمنىڭ رولىنى ئالغان ئارتىستلار بولۇپ، خۇنەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن چاڭشا شەھىرىگە قاراپ مېڭىپتۇ.

بىز چاڭشا ئايرودرومىغا ناھايىتى كەچ يېتىپ باردۇق. بۇ ئايرودروم سېرىق گۈل ئايرودرومى دەپ ئاتىلىدىكەن. سېرىق گۈل ئايرودرومىمۇ بىزنى سىم - سىم يامغۇر بىلەن كۈتۈۋالدى. لېكىن ھاۋا يەنىلا ئىسسىق ئىدى. بىزنى كۈتۈۋېلىشقا چىققان نەنيۆ رايونىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش ۋاقتى قايتا - قايتا

كىچىكتۇرۇلۇش سەۋەبىدىن بىزنى پۈتۈن بىر كۈن ساقلاپتۇ. بىز يەنە ماشىنىغا ئولتۇرۇپ قاتناش پەۋقۇلئاددە قىستاڭچىلىق بولغان 107 - دۆلەت تاشيولىنى بويلاپ تۆت سائەت يول يۈرۈپ يېرىم كېچىدە نەنيۈ رايونىدىكى سومرۇغ مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇق. شۇنچە ئالدىراپمۇ بىرىنچى كۈنىدىكى پولات سىمنى كۆرۈش ئارزۇيىمىز سۇغا چىلاشتى.



خۇنەن سۇنئىي ھەمرا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «خۇشاللىق لاگېرى» بىۋاستە كۆرسىتىش پروگراممىسى 30 - سېنتەبىر ئادىلنى تېلېۋىزوردا ماھارەت كۆرسىتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغاچقا، بىز نەنيۈگە كەلگەندىن بۇيان خېڭشەن تېغىغا بىرلا قېتىم چىقىپ، چاڭشا شەھىرىگە كىرىپ كەتكەندۇق. ئادىل تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا پولات سىم ئۈستىدە بىر چاقلىق ۋېلىسىپىت مىنىش، پولات سىم ئۈستىدە ئورۇندۇققا چىقىپ ئۆرە تۇرۇش، پۇتىغا تەخسە باغلاپ كۆزىنى ئېتىپ مېڭىش قاتارلىق ماھارەتلەرنى كۆرسەتتى. 1 - ئۆكتەبىر نەنيۈ رايونىغا يېنىپ كەلدۇق - دە، 2 - ئۆكتەبىر ئەتىگەن خېڭشەن تېغىدىكى چېنمېي مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇق. بىز تاغقا چىققاندا ھاۋا ئانچە ناچار ئەمەس ئىدى. يوق - تاقىلىرىمىزنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىپ ئوق سىمنىڭ جورۇڭ چوققىسى ۋە فورۇڭ چوققىسىغا تارتىلغان ئىككى ئۇچىنى كۆرۈپ چىقتۇق. ئارقىدىن تاغ باغرىغا تارتىلغان يان سىملارنى كۆرۈپ باقايلى دەپ بىر چىغىر يولدىن تۆۋەنگە چۈشۈۋىدۇق، ئۇزۇن ماڭمايلا يامغۇر چۈشۈشكە باشلىدى ۋە ئەتراپنى تۇمان قاپلاشقا باشلىدى. شۇنچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئاران بىر سىمنى كۆرەلىدۇق. لېكىن ئوق سىمغا تۇتاشقان ئۇچىنى كۆرەلمىگەچكە ئۇنىڭ ئۆلچەملىك تارتىلغان - تارتىلمىغانلىقىنى بىلەلمىدۇق. يامغۇر، تۇمان بىزنى چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ ھاۋا بىزنى شۇنداق قىينىدىكى، كۈندە ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىمىز، لېكىن ھاۋا ئېچىلمايدۇ. تاكى 6 - ئۆكتەبىرگىچە پولات سىمنى تەكشۈرۈشىمىزگە پۇرسەت بەرمىدى.

گەرچە يۇقىرىقى بىر قاتار ئىشلار ئادىل دېگەندەك «سەيشەنبە» بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، لېكىن نەتىجىسى ھەقىقەتەن كۆڭۈلسىز بولدى.

ئادىل بۇ نۆۋەت پولات سىمدىن ۋاقىتىنچە ئۆتمىسىمۇ بولاتتى. قوماندانلىق شتابى ۋە شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكىنىڭ رەھبەرلىرىمۇ پىشىپ يېتىلمىگەن بۇ شارائىتتا ئادىلنىڭ ئۆتۈشىنى ئۈمىد قىلمايتتى. نۇرغۇن مەبلەغ سالغان خۇنەن ئىقتىسادىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىمۇ زىياننىڭ كۆزىگە قارىماي ناچار شارائىتتا ئادىلنىڭ مېڭىشىنى ئۈمىد قىلمىغانىدى. لېكىن ئادىل ئۆزى قارار چىقاردى. بۇ خەتەرگە ئادىل تەۋەككۇل قىلدى. ئىلگىرىكى ھەرقانداق شارائىتتا ئادىلنىڭ ئاكىسى ئەركىن ھوشۇر ۋە نەۋرە ئاكىسى مەمەت تۇرسۇن پولات سىم قورۇلۇشىنىڭ ھەربىر نۇقتىسىغىچە تەكشۈرۈپ چىقاتتى. نەتىجىدە ھېچقانداق مەسىلە كۆرۈلمەيتتى. بۇ قېتىم ئۇنداق بولماي قالدى. ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈشكە تەبىئىي شارائىت يار بەرمىدى.

### ئادىلدىكى روھ

6 - ئۆكتەبىر ئەتىگەن قۇياش چىقىپ بۇلۇت - تۇمانلار تارقىدى، پۈتۈن خېڭشەن تېغى بىز كەلگەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئۆز جامالىنى كۆرسەتتى. ھەممىمىز ياتاقلىرىمىزدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ تەنتەنە قىلىشتۇق. ئادىلنىڭ چىرايىدىمۇ بىر خىل خاتىرجەملىك جەۋلان قىلغانىدەك بولدى. ھاۋارايى مۇتەخەسسىسلىرىمۇ

ئۆزلىرىنىڭ مەلۇماتىدىن خورسەن بولۇپ، ئالايىتەن بىزنىڭ قېشىمىزغا كىرىپ بىر كېرىلىپ چىقىپ كەتتى. لېكىن بارلىق خۇشاللىقلىرىمىز پەقەت بىر سائەتلا داۋاملاشتى. تاماق يەپ بولۇپ سىرتقا چىقساق يەنە يامغۇر يېغىشقا باشلاپتۇ. ھاۋا رايى مۇتەخەسسىسلىرى چۈشتىن كېيىن ھاۋا ئېچىلىپ كېتىدۇ دەپ بىزنى يەنە ئۈمىدلەندۈردى. بۇ بىر كۈن ئىچىدە ھاۋا شۇنداق كۆپ ئۆزگەردىكى بىردەم خۇشاللاندۇق، بىردەم مەيۈسلەندۇق. ھاۋا قانچە رەت ئۆزگەرسە كەيپىمىزمۇ شۇنچە رەت ئۆزگىرىپ تۇردى.

شۇ خىل كۈتۈشلەر بىلەن ئاخىر بېيجىڭ ۋاقتى سائەت ئىككى بولدى. بۇ ئادىلنىڭ پولات سىمدىن ئۆتۈشى بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىدى. لېكىن ھاۋا ئېچىلمىدى. پۈتۈن تاغ باغرى جىمجىتلىققا چۆمدى. ئادىل زادى ئۆتەمدۇ - ئۆتمەمدۇ؟ ھاۋانىڭ ئېچىلىشىنى داۋاملىق كۈتۈش كېرەكمۇ؟ ئەگەر ھاۋا زادىلا ئېچىلمىسىچۇ. . . نەق مەيداندىكى سەكسەن مىڭ كىشىنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئون نەچچە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئارقىلىق نەق مەيداننى بىۋاستە كۆرۈۋاتقان سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ يۈرىكى سالماقتا. ھاۋا يەنىلا بىز بىلەن قېرىشماقتا، جۇرۇڭ چوققىسىدا ھاۋا ئېچىلسا فۇرۇڭ چوققىسىدا ھاۋا تۇتۇلدى، فۇرۇڭ چوققىسىدا ھاۋا ئېچىلسا جۇرۇڭ چوققىسىدا ھاۋا تۇتۇلدى. بىردەمدىلا يامغۇر ياغدى، جىلغىدا ھاۋا ئېچىلسا، ئىككى چوققىنى تۇمان قاپلىۋالدى. ئۈچ ئايروپىلان كەينى - كەينىدىن بۇلۇتلارغا دورا چاچتى. كەينى - كەينىدىن توپ ئېتىلدى، لېكىن ھاۋا ئېقىمىنىڭ سۈرئىتى بەك تېز بولغاچقا، بۇلارمۇ كار قىلمىدى، مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق كۆپ، تېز ھاۋا ئۆزگىرىشىنى كۆرۈپ باقمىغاندىم. يەنە بىردەمدىلا بۇلۇتلار خۇددى شارقىراتمىدەك تاغ چوققىسىدىن جىلغا تەرەپكە يوپۇرۇلۇپ كەلدى. پۈتۈن جىلغا يەنە ئاپئاق تۇمانغا پۈركەندى. بىرنەچچە مېتىر يىراقلىقتىكى نەرسىلەرنى زادىلا كۆرگىلى بولمىدى. شۇ تەرىقىدە دەل بىر سائەت ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، نەق مەيداننى بىۋاستە كۆرسىتىشكە مەسئۇل خۇنەن ئىقتىسادىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىمۇ ئالدىراشقا باشلىدى، بۈگۈنكى ماھارەت كۆرسىتىش كېچىكتۈرۈلسە ئۇلارنىڭ ئابرۇيى تۆكۈلەتتى، زور ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچرايتتى. چۈنكى ئۇلار سۈنئىي ھەمرا ئارقىلىق بىۋاستە كۆرسىتىش ھوقۇقىنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا ھەقسىز بەرگەندىن باشقا مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئون نەچچە سۈنئىي ھەمرا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسلىرىغا يۇقىرى باھادا ساتقانىدى.

مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن نۇرغۇن پۇل خەجلەپ، نەق مەيداننى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن ۋە خېڭشەن باغچىسىغا كىرىش ئۈچۈن بىلەت سېتىۋالغان ئاما تېخىمۇ بەك تىت - تىت بولماقتا ئىدى. ئەگەر ئۇلار ئادىلنىڭ ماھارىتىنى كۆرەلمىسە خېڭشەن تېغى ئورمانلىقىغا ئوت قويۇۋېتىشتىن يانمايتتى. ۋاقىت ئەنە شۇنداق ئۆتمەكتە، ھاۋا جاھىللىق بىلەن ئادىلغا خىرىس قىلماقتا، سائەت ئۈچتىن ئون سەككىز مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى، ئادىل زادىلا ئولتۇرالمىدى، ئۇ باش قوماندانىنىڭ يەنە ساقلايلى، دېگەنلىرىگە زادىلا چىداپ تۇرالمىدى، ئاخىر ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز پولات سىمنىڭ ئۈستىگە چىقتى - دە، جاپالىق ماھارەت كۆرسىتىش مۇساپىسىنى باشلىۋەتتى. باشلىنىش تاپانچىسىنىڭ ئوقى ئۇ مېڭىپ بولغاندىن كېيىن ئېتىلدى. باشلىنىش دۇمباقلىرىنىڭ ئاۋازىمۇ ئادىلنىڭ قەدىمىنىڭ كەينىدە قالدى. ئۇ مېڭىپ ئۇزۇن ئۆتمەي پۈتۈن تاغ ئاپئاق تۇمانغا پۈركەندى. بىرنەچچە مېتىر يىراقتىكى نەرسىلەرنى كۆرگىلى بولمىدى. پۈتۈن ئاما جىمىپ كەتتى. پەقەت تۇمان يوقىتىشقا قادىر بولالمايۋاتقان ئايروپىلاننىڭ ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇردى. ئادىل پولات سىمنىڭ ئۈستىدە ئەمەس بەلكى قويۇق تۇمان ئۈستىدە مېڭىۋاتاتتى. ئۇ ئەزەلدىن يولۇقۇپ باقمىغان خىرىسقا يولۇقتى. ئۇ تۇمانلارنىڭ جەڭ ئېلان قىلىشىغا دۇچار بولدى. قويۇق تۇمان ئىچىدە ئوكسىگېن كەم بولغاچقا ئۇنىڭ نەپىسى قىسىلدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پولات سىم تەۋرىنىشكە باشلىدى. يەر شارائىتى پەۋقۇلئاددە مۇرەككەپ بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە يان سىم تارتىلىۋاتقان مەزگىلدە ھاۋا تۇتۇلۇۋېلىپ زادىلا

ئىچىلمىغاچقا قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇن نېگىزلىك بىرنەچچە يان سىمنى ئۆلچەملىك تارتالمىغاندىن باشقا بىرنەچچە سىمنى تارتىشنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئادىل بۇ خەتەرلىك جايدىن ئەمدىلا ئۆتۈپ كېتىۋىدى، تۇمان تېخىمۇ بەك قويۇقلاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئادىل كۆزىمىزدىن غايىب بولدى. ئالاھىدە سىنئالغۇ ئاپپاراتى، دۇربۇنلارمۇ ئادىلنى كۆرەلمىدى. ئادىل بويىنىغا ئېسىۋالغان مىكروفوندىنمۇ سادا كەلمىدى.

## ئادىل ئۈچۈن سېلىنغان پال

ئادىل تۇمان ئىچىدە غايىب بولغان ۋاقىتتا باش قوماندان تېپىرلاپ تۇرالمايلا قالدى. بۇ ئوتتۇزنەچچە ياشلىق تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنى دوغا تىككەنىدى. ئۇ باشقا رەھبەرلەرنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماي، ئۆزىنىڭ يىگىتلىك يارىتىش روھى ۋە ئادىلنىڭ جاسارىتىگە ئىشەنچ قىلىپ، بۇ پائالىيەتنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. ئۇ ئىككى كۈن بۇرۇن ئۆزىنىڭ خۇراپىيلىققا زادىلا ئىشەنمەيدىغان روھىنى قايرىپ قويۇپ، خېكشەن تېغىدا نامى پۇر كەتكەن، سالغان پالىنىڭ كۆپ قىسمى توغرا چىقىدىغان مويسىپىتنىڭ ئالدىغا باردى. مويسىپىت ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— 6 - ئۆكتەبىر پەۋقۇلئاددە بىر كۈن. سىلەر بۇ كۈننى ياخشى تاللىماپسىلەر، ئۇ كۈنى ئادىل پولات سىمدىن چۈشۈپ كېتىدۇ.

ئۇنىڭ بېشىغا بىر چېلەك سۇ قۇيۇلغاندەك بولدى. ئۇنىڭ باشقا بۇرادەرلىرىمۇ شۇنداق جاۋابقا ئېرىشىپتۇ (شۇنىڭ بىلەن ئادىل ئۈچۈن پال سېلىش خېكشەن تېغىدىكى قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپتۇ، بۇ ئىشلارنى بىز ئادىل پولات سىمدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىنلا بىلدۇق).

ئادىل پولات سىمنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئەمدىلا ئۆتۈپ بولۇشىغا سىم - سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. پولات سىمنىڭ ئوتتۇرىسىدىن جورۇلۇڭ چوققىسىغىچە بولغان ئومۇمىي ئارىلىق بەك تىك بولۇپ يانتۇلۇقى 22.5 گرادۇس كېلەتتى. ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىپ بارغانسېرى پولات سىمنىڭ تىكلىكى ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ باراتتى. سىلىق ۋە تىك پولات سىم ئۇنى ھالسىزلاندۇرۇۋەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ قەدەممۇ قەدەم ئالغا ئىلگىرىلىدى. شۇ تەرىقىدە ئۇ يىگىرمە بەش مىنۇت كۆزىمىزدىن غايىب بولغاندىن كېيىن، ئاخىر تۇمانلار ئارىسىدىن خۇددى ساماۋى چۆچەكلەردىكى ئەۋلىيالاردەك ئاستا - ئاستا چىقىپ كېلىشكە باشلىدى. جورۇلۇڭ ۋە فورۇلۇڭ چوققىلىرى كۆرگۈچىلەرنىڭ تەنتەنىسىگە تولدى.

ئادىل شۇنچىلىك چارچىغان بولسىمۇ بارلىق كۈچىنى يىغىپ ئون ئىككى كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى تەڭشەكنى بىر تىزىغا قويۇپ تۇرۇپ بىر قولىنى كۆپچىلىككە پۇلاڭلاتتى. ئامما يەنە بىر قېتىم تەنتەنە قىلىشتى. كەينىدىنلا تەڭشەكنى ئىككى قولىدا ئېگىز كۆتۈرۈپ مۈرىسىگە ئېلىۋالدى ۋە ئاخىرقى نۇقتىغىچە مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ ماڭدى. ئۇنىڭ قولى بەك ئاغرىغانىدى. چۈنكى ئۇنىڭ بىر قولى بېجىرىم ئەمەس ئىدى. ئۇ ئادەتتىمۇ بىر قولىدا يۈزىنى يۇيىدۇ. 1991 - يىلى شاڭخەيدە ئەنئەنىۋى داردا ئارغامچا ئۈزۈلۈپ كېتىپ 17 يېرىدىن يارىلانغان. ئۇنىڭ بىر قولىدىكى دەرد دەل شۇنىڭ يالدامىسى ئىدى.

## ئادىلغا چوقۇنغۇچىلار

شۇ كۈنى بىز بوغدا كۆلىگە بارغانىدۇق. بىلەت سېتىش ئورنىدىكىلەر بىزدىن بىلەت پۇلىنىمۇ ئالماستىن كىرگۈزۈۋەتتى. كۆل بويىغا كېلىشىمىزگە بىر توپ ئامما بىزنى ئورىۋېلىپ ئىمزا قويۇپ بېرىڭ، رەسىمگە چۈشۈۋالايلى دېيىشىپ ئۇزاققىچە قويۇۋەتمىدى. مەن ئۇلاردىن تېزرەك قۇتۇلۇش ئۈچۈن:

— بىز تېخى ئەتىگەنلىك تاماقنىمۇ يېمىدۇق. تاماق يەۋالايلى، . . . دېدىم. بۇ گەپ بىلەن ئۇلار ئادىلنى قويۇۋېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن تېخىمۇ چاپلىشىۋالدى.

— تاماق يېمىگەن بولساڭلار، بىز بىلەن يەڭلار.

— بىز ئۇياقتا داستىخان تەييارلاپ قويغان.

. . . . . .

بۇ خىل ئەھۋال 1997 - يىلى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن باشلاپ توختىماي يۈز بېرىپ

تۇردى. بىز دەسلەپتە قېچىپ ناھىيىسىگە كەلگەندە، يەرلىكلەرنىڭ نەزىرىدە ئانچە كۆزگە ئېلىنمىغانىدۇق. ئادىل سەنشىيا بوغۇزىدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىز بىردىنلا ئەتىۋارلىق ئادەمگە ئايلاندۇق. بارلىق كىشىلەر ئادىلغا ئىنتىلدى. ئادىلنىڭ يېنىغا بارالمىغانلار بىزگە ئىنتىلدى. شۇ كۈنى كەچتە مەن ياتاققا يېتىپ كەلگەندە كىيىملىرىم ۋە يۈز - كۆزلىرىم قول ئىزى، قىزلارنىڭ لەۋ سۇرۇقى بىلەن بويۇلۇپ رەڭگا - رەڭ بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار بىزنى ئەمدى «شىنجاڭ رىبن» دېمەي «ئادىلى» دەيدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئادىل دېگەن سۆز ئۇيغۇر دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش مەنىدە بولۇپ قالغانىدى.

1997 - يىلى دۆلەت بايرىمىدا بىز دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن بېيجىڭغا باردۇق. ئىككى كۈن يۈرۈپ ئۇيغۇرلارنىڭ تامىقىنى سېغىنىپ قېلىپ گەنجياكوغا تاماق يېگىلى بارغانىدۇق. يولدا ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر ئۇيغۇر ئۇچراپ، قەدىمىنى توختىتىپ «سىز ئادىلغۇ دەيمەن» دەپلا يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ، ئادىلنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى - دە، «ئاز بولۇپ قالدى، رەنجىمەڭ» دەپلا كېتىپ قالدى. بىز ھەممىمىز خېلى ھازاغىچە نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي قالدۇق. ئادىل يانچۇقىدىن پۇلنى ئېلىپ ساناپ بېقىۋىدى، دەل مىڭ يۈەن ئىكەن.

1998 - يىلى 3 - ئايدا ئادىل سېچۇەن ئۆلكىسىنىڭ چېڭدۇ شەھىرىدە ئىككى بىنا ئوتتۇرىسىغا پولات سىم تارتىپ ماھارەت كۆرسەتمەكچى ئىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان تەيۋەنلىك ئۆي - مۈلۈك سودىگىرى ما ئەپەندى ئۆزلۈكىدىن بىز ئۈچۈن داچا شەكلىدىكى ئالاھىدە مەخسۇس ئۆي تەييارلاپ، ئالىي دەرىجىلىك يېڭى ئۆي جاھازلىرىنى سېتىۋېلىپ سەپلەپ بېرىپ، ئۆز باشقۇرۇشىدىكى سودا سارىيىدىن كېرەكلىك بولغان خالىغان نەرسىلەرنى بىكارغا ئېلىشىمىزنى ئېيتتى. ھەر خىل ئالىي دەرىجىلىك كىچىك ماشىنا بىلەن تەمىنلىدى. تۇرالغۇمىز ئالدىغا مەخسۇس خىزمەتكار ئورۇنلاشتۇرۇپ، 24 سائەت مۇلازىمەتتە بولدى. مەخسۇس قوغداش خادىملىرى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئون نەچچە كۈن ئىچىدە بىز ھەقىقىي «شاھ» لاردەك ياشىدۇق.

ئادىل ماھارەت كۆرسىتىپ بولغاندىن كېيىن، سىچۈەن گېزىتى ئىدارىسى بىزنى ئېمېيشەن ۋە لېشەن تاغلىرىغا ساياھەتكە ئاپارغانىدى. ئادىل بىرىنچى ماشىنىنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى. يول بويىدىكى بارلىق پۇل يىغىش ئورۇنلىرى ئادىلنى كۆرۈپ بىزنىڭ ماشىنا گورۇپپىمىزنى ھەق ئالمايلا ئۆتكۈزۈۋەتتى.

بۇ قېتىم ئادىل ئىككى جىلغا ئارىسىدا ماھارەت كۆرسىتىشتىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن خېڭشەن تېغىدا تۇيۇقسىزلا يىگىرمە - ئوتتۇزدەك ئۇيغۇر باللىرى پەيدا بولۇپ قالدى. مەن ھەيران قېلىپ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ بېقىش ئۈچۈن ئۇلار ئورۇنلاشقان ياتاققا كىرىپ پاراڭلىشىپ كۆردۈم. ئۇلارنىڭ ياتىقىدا دۆۋە - دۆۋە تەييار چۆپ تىزىلىپ كېتىپتۇ.



ئادىل ھوشۇر ئايالى ۋە «دۇنيادىكى 10 مەشھۇر ياش» نىڭ بىرى، جۇڭگونىڭ داڭلىق كىنو ۋە ناخشا چولپىنى ليۇ دېخۇا بىلەن بىللە

- سىلەر بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭلار؟

- ئادىلنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈش ئۈچۈن.

- شىنجاڭدىن كېلىشتىڭلارمۇ؟

- ياق، بىز شىنجاڭدىن ئايرىلغىلى نەچچە يىل بولۇپ كەتتى.

- نەدە تۇرىسىلەر؟

- خاربىن، كۇنمىڭ، چېڭدۇ، بېيجىڭ، گۇاڭجۇ، شاڭخەي...

- ئادىلنىڭ بۇ جايدا ماھارەت كۆرسىتىدىغانلىقىنى قانداق بىلدىڭلار؟

- تېلېۋىزوردىن كۆرۈپ، ئۇرۇمچىگە تېلېفون قىلىپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن ھەرقايسى

شەھەردە تۇرۇشلۇق ئالاقىلاشقۇچىلىرىمىز ئارقىلىق 20 ئادەم كېلىشنى بېكىتتۇق. كېيىن يەنە 15 ئادەم قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن جەمئىي 35 ئادەم كەلدۇق.

بىز ئادىلنى بىر كۆرۈۋالساقلا بولدى.

6 - ئۆكتەبىر ئادىل ماھارەت كۆرسىتىپ بولغاندا، ئۇ ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ھەر بىرسىدىن گۈلچەمبىرەك ۋە گۈل كۆتۈرۈپ چىقىپ ئادىلنى تەبرىكلىدى.

20 - ئۆكتەبىر مەملىكەت بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو ئالتۇن بۇركۈت تېلېۋىزىيە سەنئىتى بايرىمى چاڭشا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەنىدى. گەرچە ئۇ كىنو - تېلېۋىزىيە ساھەسىدىكى چولپان بولمىسىمۇ ئالاھىدە مېھمان قاتارىدا بۇ بايرامغا تەكلىپ قىلىنغانىدى. ئۇ تۇنجى قېتىملىق زىياپەتتىلا پۈتۈن چولپانلار ئارىسىدىكى چولپانغا ئايلاندى. زىياپەت زالىدىكى پۈتۈن چولپانلار ئۇنى ئورىۋېلىپ ئۇنىڭ ئىمزا قويۇپ بېرىشىنى ئۆچمەرەت بىلەن كۈتۈپ تۇردى.

بايرامنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىدا ئادىلنى مەخسۇس ياسىغان ماشىنىغا چىقىرىپ ئەتراپىدا سۇنئىي تۇمان تارقىتىپ، خۇددى ئۇ خېڭشەن تېغىدا ماھارەت كۆرسىتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈش ھاسىل قىلىپ چاڭشا شەھىرىنىڭ مۇھىم كوچىلىرىنى ئايلاندۇرۇپ چىقتى. بۇ تېلېۋىزىيە بايرىمىنىڭ باشلىنىشى خۇددى دارۋازلار بايرىمىنىڭ باشلىنىشىغا ئوخشاش تۈسكە كىردى.

## ئائىلە مېھرى

27 - سېنتەبىر بىزنىڭ خېڭشەن تېغىغا چىققان تۇنجى كۈنىمىز ئىدى. بىز ئاۋۋال باشلىنىش نۇقتىسى بولغان فۇرۇڭ چوققىسىغا چىقتۇق. ئادىلنىڭ ئايالى ئىباگۈل پولات سىمنى كۆرۈپلا كەيپى ئۆزگەردى. ئۇ پولات سىمنىڭ كۆرگىلى بولمايدىغان يەنە بىر بېشىغا قاراپ كۆزىگە ياش ئالدى. ئەگەر نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ۋە سىنئالغۇ ئاپپاراتى ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرمىغان بولسا ئۇ چوقۇم يىغلاپ تاشلىغان بولاتتى. دېمىسىمۇ ئىباگۈل ئادىلنىڭ 1998 - يىلى باھار بايرىمىدا بېيجىڭ ئولىمپىك تەنتەربىيە مەركىزىدىكى ئىككى مۇنار ئوتتۇرىسىغا تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 115 مېتىر، ئېگىزلىكى 73 مېتىر كېلىدىغان پولات سىم ئۈستىدىكى ماھارەت كۆرسىتىشىدىن باشقا خەتەرلىك ماھارەت كۆرسىتىشىنى نەق مەيداندىن كۆرۈپ باقمىغانىدى.

5 - ئۆكتەبىر ئەتىگەن بىز يەنە فۇرۇڭ چوققىسىغا چىقتۇق. ئاساسلىق مەقسىتىمىز يان سىم تارتىلىپ بولغاندىن كېيىنكى ئوق سىمنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈش ئىدى. يان سىم ياخشى تارتىلمىغاچقا ئوق سىم يەنىلا خېلى تەۋرىنىۋاتاتتى. ئوق سىمنىڭ توغرا يۆنىلىشىمۇ تۈز ئەمەس ئىدى. ئادىل سىمنى كۆرۈپ بولۇپ بېشىنى چايقىدى. خۇنەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى ئادىلدىن سورىدى:

- بۇ پولات سىمدىن ئۆتۈپ كېتەلەيدىغانلىقىڭىزغا تولۇق ئىشەنچىڭىز بارمۇ؟

- 90% ئىشەنچىم بار.

- نېمىشقا 100% ئىشەنچىم بار دېمەيسىز؟

- چۈنكى پولات سىم ياخشى تارتىلماپتۇ...

## غايەت زور مەبلەغ

خۇنەن ئۆلكىسى خېڭياڭ شەھىرىنىڭ نەنيۆ رايونى بۇ نۆۋەتلىك ماھارەت كۆرسىتىش ئۈچۈن زور بەدەل تۆلىدى. پولات سىم بولمىغاچقا، باۋتۇ شەھىرىگە بېرىپ مەخسۇس ئالاھىدە ئارىلاشما پولات سىم ياسىتىپ كەلدى. سىمنىڭ پۇختىلىقىغا مۇتلەق كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ھەتتا يان سىمنىمۇ مەخسۇس بۇيرۇتتى. بۇ پولات سىمنى نەنيۆ خېڭشەن تېغىنىڭ فۇرۇڭ چوققىسى بىلەن جۇرۇڭ چوققىسى ئوتتۇرىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن دەسلەپكى قەدەمدە ئىككى مىليون ئىككى يۈز مىڭ يۈەن خىراجەت قىلىندى. يۈز مىڭ يۈەن خىراجەت قىلىنىپ قومۇش تاختا ياتقۇزۇلغان يول ياسالدى. 56 جۈپ يان سىم تارتىش ئۈچۈن تاغ باغرىدىن يۈز نەچچە نۇقتىغا چىغىر يول ياسالدى. تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ نەق مەيداندىن كۆرسىتىشىگە قولايلىق بولۇش ئۈچۈن پولات سىمنىڭ ئاخىرلىشىش نۇقتىسىغا مەخسۇس ئۆي سالدى. تۇمان تارقىتىش ئۈچۈن ئۈچ ئايروپىلان، ئون نەچچە توپ ۋە مىڭ نەچچە توپ ئوقى تەييارلاندى.

ئۇلار 1995 - يىلى كوچرائىن دۇنيا جىننىس رېكورتى ياراتقان، 1997 - يىلى ئادىل دۇنيا جىننىس رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىغان سەنشىيا بوغۇزىغا نەچچە رەت بېرىپ نەق مەيداننى تەكشۈرۈپ كەلدى. ئاخىرىدا ئومۇمىي سالغان مەبلەغ ئۈچ مىليوندىن ئېشىپ كەتتى. بۇلارنى كۆرۈپ 1997 - يىلدىكى جاپالىق دۇنيا جىننىس رېكورتى يارىتىش جەريانى كۆز ئالدىمغا كەلدى. شۇ چاغدا مەبلەغ سالغۇچى ئورۇن بولمىغانلىقتىن، تەييارلىق خىزمىتى بىر يىل بۇرۇن باشلىنىپ، شىنجاڭنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا ۋىلايەتمۇۋىلايەت، ناھىيىمۇ ناھىيە سەييارە يۈرۈپ ھەر خىل جاپالىق ماھارەت كۆرسىتىش ئارقىلىق خىراجەت توپلانغانىدى. شۇڭا پويىز، ئاپتوبۇس ۋە پاراخوتنىڭ ئەرزان باھالىق ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇپ، چۇڭچىلىك شەھەرگە بارغاندىن كېيىن پۈتۈن ناھىيىنى كېزىپ چىقىپ ئەڭ ئەرزان ياتاقتا ئورۇنلاشقانىدۇق. كوچرائىن تىك ئۇچار ئايروپىلان بىلەن چىققان تاغ چوققىسىغا ئادىل ئىككى يېرىم سائەت پىيادە يول يۈرۈپ چىققانىدى. ئادىل كوچرائىن ياراتقان دۇنيا جىننىس رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىغان ۋاقىتتا تەييارلىق ھەيئىتىنىڭ ئادىلغا بېرىدىغان بىر تىيىنمۇ پۇلى قالمىغانىدى.

## بۇ زادى مۇسابىقىمۇ؟

خېڭيالىڭ شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بۇ قېتىمقى خەتەرلىك تەۋەككۈلچىلىكتە ئادىلغا جەڭ ئېلان قىلالايدىغان ماھىرنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، جۇڭنەنخەي ۋە شياڭگاڭدا خەلقئارالىق ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. پەلەك شاھزادىسى كوچرائىنغا ئالاھىدە ئۇقتۇرۇش قىلىندى. كوچرائىن جەڭ ئېلان قىلالمايدىغانلىقىنى، بىرەر يۈز مېتىر مېڭىپ ماھارەت كۆرسىتىپ بېرىشنى خالايدىغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزگەن بولسىمۇ، قارىسى كۆرۈنمىدى. ئاخىر ئۆزبېكىستانلىق تاشكەنبايېف تاھىر، ۋاڭ خەيىەن ۋە جاڭ شېڭلىبىلار ئوتتۇرىغا چىقتى.

تاشكەنبايېف تاھىر، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىدىن بولۇپ بۇ يىل 39 ياشقا كىرگەن. ئۇ سېرىكچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، تاشكەنبايېف ئائىلىسىنىڭ 5 - ئەۋلاد دارۋازى ئىدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خەلق ئارتىسى بولغان ئاتىسىغا ئەگىشىپ، دارۋازلىقنى ئۆگەنگەن. 1995 - يىلى تاشكەنتتە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا پولات سىمدا ماھارەت كۆرسەتكەندىن كېيىن. ئولىمپىك مەشئىلىنى تۇتاشتۇرغان. خەلقئارا ئولىمپىك تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ رەئىسى سامرانچ ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭغا كەسپىي ئورۇنلاش مۇكاپاتى ۋە شەرەپ گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەرگەن.

24 ياشلىق جاڭ شېڭلىبي ۋە 16 ياشلىق قىزچاق ۋاڭ خەيىەن خېنەن ئۆلكىسى بوشلۇقتىكى ئۇچقۇر ماشىنا سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى. ئۇلار ئۈچىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئادىل ھوشۇرغا جەڭ ئېلان قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 30 - سېنتەبىر جەڭ ئېلان قىلغۇچىلارنىڭ مۇخبىرلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا ئادىل ھوشۇر، جاڭ زشېڭلىبي، ۋاڭ خەيىەن ئۈچىسى قاتناشتى. تاشكەنبايېفتىن تېخى ئۇچۇر كەلمىدى. يىغىندا مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قانداق جەڭ ئېلان قىلىدىغانلىقى ئاشكارىلاندى.

مۇخبىر:- ئادىل ھوشۇر ھېچقانداق بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى قوللانماي پولات سىمدىن ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇنداقتا سىز پولات سىمدىن قانداق ئۆتمەكچى؟

جاڭ شېڭلىبي:- مەن بىخەتەرلىك تاسمىسى باغلاپ ئۆتىمەن.

مۇخبىر:- سىزنىڭچە بۇ جەڭ ئېلان قىلىش ھېسابلىنامدۇ؟

جاڭ شېڭلىبي:- ياق.

مۇخبىر: ئۇنداقتا سىز بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟

جاڭ شېڭلىبي:- مېنىڭ پەقەت ئويۇن قويۇش ھېسابلىنىدۇ.

16 ياشلىق ۋاڭ خەيىەنمۇ «ئۇستازلىرىمدىن ئۆگىنىمەن» دېگەندىن باشقا گەپ قىلمىدى.

ئادىل تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن پۈتۈن

(داۋامى 16 - بەتتە)

# يىگىت

ئەخمەت ئىمىن



( «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇر بىلەن بوكس چولپىنى ئابدۇراخمانغا تون كىيگۈزۈش مۇراسىمىدا ئوقۇلغان)

ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر ھاڭ بىلەن ھېچكىمگە ئارىمىزدىن ئۆدۈل يول بەرمەيمىز، دەپ گىدىيىپ تۇرغان ئىككى بۈيۈك ھاڭ ساڭا خىرىس قىلغانىدى دارۋىزىم، سەن ئۇلارغا ئاجايىپ بىر نەزەر بىلەن قاراپ قويدۇڭ.

تۇتەك- تۇمانلار سېنىڭ كۆزۈڭنى باغلايمىز دېگەنىدى دارۋىزىم، سەن ئۇنىڭغىمۇ ئاجايىپ بىر نەزەر بىلەن قاراپ قويدۇڭ.

راست، سېنىڭ نەزىرىڭ ئاجايىپ ئىدى، ئۇنىڭدا مەنسىتمەسلىك ئەمەس، ئەستايىدىللىق بار ئىدى؛ ئۇنىڭدا ئىككىلىنىش ئەمەس، قەتئىيلىك بار ئىدى.

راست، سېنىڭ نەزىرىڭ ئاجايىپ ئىدى، ئۇنىڭدا تەۋەككۇلچىلىك ئەمەس، ئىشەنچ بار ئىدى؛ ئۇنىڭدا زەئىپلىك ئەمەس، پىداكارلىق بار ئىدى.

سەن سىم ئارقانغا قەدەم قويدۇڭ دارۋىزىم، ھەرقانداق قولايسىزلىققا قارىماي قەدەم قويدۇڭ، چۈنكى سېنىڭ ئىرادەڭنى نامايىش قىلىدىغان ۋاقتىڭ توشقانىدى.

بىز سېنى ئاجايىپ بىر چېكىش ھېسسىيات ئىچىدە ئۇزىتىپ قويدۇق. سەن تەمكىن قەدەملىرىڭ بىلەن مېڭىپ كەتتىڭ، يىراقلىدىڭ، ئاز ئۆتمەي تۇمان ئىچىگە كىرىپ كەتتىڭ. . .

ئاھ، دارۋىزىم، شۇ چاغدا سەنلا ئەمەس، بىزمۇ تۇمان ئىچىدە قالدۇق. كۆز كۆرەلمىگەن يامان ئىكەن. بىزنى تەشۋىش تۇمانلىرى چۇلغىغانىدى.

سىم تىترىگەندە بىزنىڭ يۈرەكلىرىمىز تىترىدى، يولۇڭغا يامغۇر تۆكۈلگەندە، بىزنىڭ كۆز ياشلىرىمىز تۆكۈلدى.

ھەمنەپەسلىك دېگەن مۇنداق بولىدىكەن: نەپەسلىرىڭ ئىتتىكلىگەندە بىزنىڭ نەپەسلىرىمىزمۇ ئىتتىكلىدى؛ نەپەسلىرىڭنى ئاڭلىيالمىغاندا، نەپەسلىرىمىز توختاپ قالغاندەك بولدى.

تىنىۋشىڭنى دېرەكلەپ سىمغا قۇلىقىنى ياققان يالغۇز ئىباگۇللا ئەمەس، مىللىتىڭ،

خەلقىڭ شۇ دەقىقىدە تەڭلا شۇ سىمغا غايىبانە قۇلىقىنى ياقتى.

چايقىلىپ كېتىۋاتقان سىمنى ئىختىيارسىز چىڭ تۇتۇۋالغان يالغۇز ئىسباگوللا ئەمەس، دوست- بۇرادەر، قېرىنداشلىرىڭ، يىلتىزداشلىرىڭ شۇ دەقىقىدە تەڭلا شۇ سىمنى غايىبانە تۇتتى.

شۇ دەقىقىدە ئاۋازىڭ ياڭرىدى. شۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ يالغۇز شۇ جىلغىدىلا ئەمەس، مىليونلىغان قەلبتە ئەكس سادا ياڭرىدى.

سەن سۆزلەپ كەلدىڭ، ياق، سۆزلەپ ئەمەس، ھاياتقا مۇھەببەت كۈيىنى كۈيلەپ كەلدىڭ. سەن سۆزلەپ كەلدىڭ. ياق، سۆزلەپ ئەمەس، مەردانىلىق كۈيىنى كۈيلەپ كەلدىڭ.

- مانا يىگىت! - دېدى ئاقساقال بوۋاڭ.

- ياشا يىگىت! - دېدى ئاقۋاش موماڭ.

يىغلاپ تۇرۇپ كۈلدى ئاچا- سىڭىللىرىڭ؛ پەخىرلەندى، ئويلاندى، يەنە ئويلاندى ئاكا- ئىنىلىرىڭ.

يىگىت! يىگىت!

ھەممەيلەننىڭ قەلبىدە شۇ بىرلا سۆز!

سېنىڭ ۋەزنىڭنى ئىپادىلىگىنىمۇ شۇ بىرلا سۆز!

راست، يىگىت! يىگىت دېگەن بۇ سۆز سېنىڭ ۋەزنىڭنى ئىپادىلىدى، سەن ئۆز ۋەزنىڭ بىلەن يىگىتنىڭ ھەقىقىي، چىن مەنىسىنى ئىپادىلىدىڭ.

بىز سەندىن بىلدۇق: يىگىت دېگەن جەسۇرلۇق ئىكەن؛ يىگىت دېگەن تەمكىنلىك ئىكەن؛ يىگىت دېگەن پىداكارلىق ئىكەن؛ يىگىت دېگەندە نۇرغۇن- نۇرغۇن مەنە بار ئىكەن. . .

بۈگۈن ساڭا تون كىيگۈزۈلدى، ئۇيغۇرنى خەلقئارا بوكس سەھنىسىدە تونۇتقان ئابدۇراخمان- غىمۇ تون كىيگۈزۈلدى.

بۇ تون يىگىتلىك تونى، خەلقنىڭ ھەقىقىي يىگىتلىرىگە كىيگۈزىدىغان ئۇيغۇرنىڭ تونى!

سىلەر خەلقىڭلەرگە ھىممەت كۆرسىتىۋ- دىڭلار، خەلق سىلەرگە ھىممەت كۆرسەتتى. خەلق ئۇلۇغلىغان ئادەم ئۇلۇغۋار قىممىتى بىلەن مەڭگۈ ياشايدۇ!

مۇبارەك بولسۇن يىگىتلەر، خەلق كىيدۈرگەن مۇقەددەس تونىنى قانات قىلىپ، شان- شەرەپ كۆكىدە داۋاملىق زەپەر قۇچۇڭلار!

(بېشى 14 - بەتتە)

دۇنياغا جەڭ ئېلان قىلدى. ئۆزبېكىستانلىق ماھىر ئادىلغا جەڭ ئېلان قىلغان بولسىمۇ، تاكى 6 - ئۆكتەبىرگىچە نەق مەيدانغا كەلمىدى.

7 - ئۆكتەبىر جا شېڭلىي بىلىگە ۋە تەڭشەككە بىخەتەرلىك تاسمىسىنى باغلاپ پولات سىمدا بىرنەچچە يۈز مېتىرغىچە مېڭىپ ئاخىردا مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرغان قورۇلمىسىغا ئولتۇرۇپ سىمدىن ئۆتتى. ۋاڭ خەيبىن ئىككى يۈز مېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن چېكىنىپ چىقتى. تەشۋىقات ۋاستىلىرىمۇ ئۇلارنى تەشۋىق قىلىشقا ئامالسىز قالدى.

**تەنتەنە**

ئادىل غەلىبە قىلدى. يېڭى بىر دۇنيا رېكورتى مەيدانغا كەلدى. ئۇ پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۈمىدىنى كۆككە كۆتۈردى. جوڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قەيسىرانە روھىنى پۈتۈن دۇنياغا تونۇتتى. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى- نىڭ، سانسىزلىغان تونۇش - ناتونۇش ئاممىنىڭ تېلېفونلىرى كەينى - كەينىدىن ئۈزۈلمىدى. ئۇنىڭغا گۈل سوۋغا قىلماقچى بولغانلارمۇ ئۇنىڭ يېنىغا كېلەلمەي قولىدىكى گۈللەرنى ئادىلغا قارىتىپ ئېتىشقا باشلىدى. تاغدىن چۈشكەندىن كېيىن ئادىلنىڭ ياتىقىنىڭ قوڭغۇرىقى بىرنەچچە سائەت توختىماي جىرىڭلاپ تۇردى. باش قوماندان ئادىلغا ئۆزىنى ئېتىپ يىغلاپ ئۇزاققىچە توختىمىدى. بىز دەسلەپتە ھەيران بولدۇق، كېيىن ئۇنىڭغا قاراپ بىزنىڭمۇ كۆزىمىزدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. . .




## شۈندىن بېرى

شۈندىن بېرى...
ئىزدەپ يۈردۈم سېنى نىشانسىز
يوللۇرۇڭنى قونالغۇ قىلىپ،
يۈرىكىڭنىڭ خەرىتىسىنى
ماڭا سىزىپ بەرمىدى يوللار.
شۈندىن بېرى...
يۈدۈپ يۈردۈم روھىڭنى پىنھان،
ساھىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا.
ئېزىقمىدىم ئىزىمدىن بىراق
مەن ئۆزۈمنى قويىدۇم يىتتۈرۈپ.
شۈندىن بېرى...
جۈپسىز قالغان قاناتسىز قۇشتەك،
كۆك ئاسمانغا يۈردۈم تەلمۈرۈپ.
قۇرۇپ كەتتى كىرپىكىمدىن ياش،
تاش ئابىدە بوپ قالدىم كۆيۈپ.
شۈندىن بېرى...
قېتىپ قالدى سۈرىتىڭ مەغرۇر،
يۈرىكىمنىڭ قانسىز لېۋىدە.
قارا باسقان چۈشۈمگە يىغلاپ،
بوپ قالدىم مەن تىرىك ئابىدە.

## تىلسىم يوللار

ئوڭغا ماڭسام ئازابلىق جەننەت،
سولغا ماڭسام راھەت بىر دوزاخ.
ماڭالمايمەن كەينىمگىمۇ ھەم،
قەبرە ياساپ كەلگەنمەن ياياق.
ماڭسام قىيپاش ياكى ساراڭدەك،
ئوڭ - سولۇمدا تۇمەنمىڭ ئۈندەش،
كېتىۋەرسەم پەرۋايىم پەلەك،
يوللىرىمدىن ئۈنەر جۈپ سوراق.

# شېئىرلار

### كامىل رەھىم

## مېنىڭ خىيالىم

كىملەر ئۇ خىيالنى دوزاخقا باغلاپ،
يانتاقسىز چۆللەرگە ئوخشىتىپ ئۆتكەن؟

خىيالىن ئۈمىدكە ياتلىق قىلالماي
زارلىنىپ ھاياتتىن ماتەمنى كۈتكەن؛

خىياللار چۆل ئەمەس مېنىڭ قەلبىمدە
يولىدىن ئاداشقان كارۋان ئەمەس ھەم.

خىيالىم ئانىنىڭ كۆكسى قۇرىماس،
ئېمىمەن كۈچ- قۇۋۋەت ئۇندىن دەممۇ دەم.

جەننەتتىن تۇغۇلغان مېنىڭ خىيالىم
ئازابنى تونۇماس شادلىق ئەلچىسى.
تۈنلەردىن يېتىلەپ ئۇپۇق سۆيدۈرەر
ھەر سەھەر لېۋىمدە قۇياش تامچىسى.

## ئوتلۇق تىلەك

ئۇپۇققا تەلمۈرۈپ كېچىلەر بىدار
تەشنالىق تۈيغۇدا ئاتەش يۇتىمەن.
يولىغا قۇياشنىڭ سۆيگۈلەر چېچىپ،
ۋىسالىن قۇچماقنى زارىقىپ كۈتىمەن.

قىزىرىپ ئۇپۇقتىن كۆلگەندە قۇياش
بۇلبۇلى چىمەننىڭ خەندان ئۇرىمەن.
ۋىسالى يەتكەندە يالقۇن قۇياشنىڭ
كۆيسىمۇ لەۋلىرىم قانماي سۆيىمەن.

سۆيىمەن، سۆيگۈدىن يارالغاچ جىسمىم
سۆيۈشكە قانداقمۇ قانسۇن يۈرەكلەر.
ۋۇجۇدۇم نۇر سۆيگەن، نۇرنىڭ نەسلى مەن،
نۇر بىلەن چېچەكلەر ئوتلۇق تىلەكلەر.

## شەيتانغا سۆز

دېدى شەيتان:- ئاشىقمۇ سەن؟
دېدىم:- قالتىس تاپقاقمۇ سەن.
دېدى:- ئويچان نېچۈن كۆزۈڭ؟
دېدىم:- ئاشىق بولغانمۇسەن؟ !
دېدى:- سۆيدۈڭ كىملەرنى سەن؟
دېدىم:- گۈل يۈز چولپاننى مەن.
دېدى:- جىسمىڭ نېچۈن يالقۇن؟
دېدىم:- يۇتسەم ۋولقاننى مەن.
دېدى:- كۆيمەكتە نە پايدا؟
دېدىم:- پەرقىمىز شۇندا.
دېدى:- ئەخمەق.
دېدىم:- ئۆزۈڭ.
ئىنسان ئەمەس نەپكە شەيدا.

# قاقشال ئاۋاز

## ۋارىسجان قاسىم

**1**

تار ئەمەس، تارلارغا چۆككەن بىر باياۋاندۇر دىلىم،
تەڭرىنى چىللاپ، ئۆلۈك سۇلارنى سەن ياندۇر دىلىم.

تاتىرىپ كەتكەن شەھەر قىرغاقلىرىدا مەست تۇمان،
تولغىنار شەبنەم ئىسنىڭ يامرىشى قاندۇر دىلىم.

ئايغا شەيدالىق چىمەن جىمجىتلىقىغا ئەسلىمە،
كىرلىشىپ كەتكەن مۇنارلار كۆككە چۇقاندۇر دىلىم.

ئاقسا يامغۇر چاقمىقى تىلغاپ جاھاننىڭ كەيپىنى،
ئۆلگىيىپ كۆيگەن سىماھلار تاڭغا مارجاندۇر دىلىم.

ئەي ئازاب دىلكەش قولۇڭنى بەر ماڭا، مەشرەپ بولاي،
ئەرش لەۋھەسى ئارا قايمۇقمىغان خاندۇر دىلىم.

قەھرىدىن زۇلمەتلىرىمنىڭ ئېچىلار مەيخانىلار،
مۇڭ بېرەر سۇنغان ساپالغا ماۋى ئاسماندۇر دىلىم.

## 2

چايقىلار جانىمدا گۈلگۈن سۇمبۇلۇم شەھلالىقى،
پارقىرار ھىجران گۈلىنىڭ بەرگىدە بەرنالىقى.

ئەۋجى ئالەم مەڭزىدە تاش يالقۇنى ئويىنار غەرق،
شاكىراپ ئاي شولىسىدىن لايلىنىپ رەنالىقى.

قەترە ياشىم ئەركە چۆللەرنىڭ زىبالىق ئۇپقىنى،
ئۇنسە چاقماق ئۆركىشىدە تەڭرىنىڭ دانالىقى.

شولىزار تەشۋىشلىرىمدە ئاقسا چەۋەنداز جەسۇر،
ئۇنلىگەي قىرغاقلىرىمدىن قاپقارا سەۋدالىقى.

رەستىلەر ئالتۇن يوپۇرماق مېھرىدە ئۇچقاي يەنە،
كىمگە قايىنايدۇ بۈيۈك ئابىدىلەر شەيدالىقى؟!

ئاق بۇلۇتلاردەك ئۈزەر بېھوش سىماھسى قەبرىنىڭ،
ئۆرتىگەي كۆكنى تىرىكلەر ئىشقىنىڭ ئەمالىقى.

خارۇ - زار بۇرجۇمدا ئۇخلايدۇ قىيامەت شەپقىتى،
ياندۇرار روھىمنى مىڭ دۇردانە قۇملار يارلىقى!

## 3

مەن ئۇچۇپ بارسام يىراققا، سەن كېلەرسەنمۇ بۇيان؟
سەۋرسىز تۇن قۇشلىرى ساھىلىدا ئويغانغانسىمان.

بۇ ئېگىز دولقۇن كۆلىدە قالدى كەپتەر سايىسى،
پەرلىرىگە پۇكلىنىپ ئاتەش قۇسۇپ مىڭلاپ داۋان.

سىرلىرىم چەكسىز سادا ئوكيانىغا تاشلار ئۆزىن،
يۇلتۇزۇم تەنھالىقى چايقالدى تارتىنغان تامان.

يوقلۇقۇم مەنزىللىرىدىن ئىزلىرىم ساھىب دىدار،
ئاقلىقىمغا زۇلمىتىم چەكتى ناۋا كۆزلەپ ھايان.

ئۇجمىلەرنىڭ سولكىتى پەرلەيدۇ رەڭۋاز رىشتىنى،
ئۆز قېنىنىڭ رەڭگىگە بولدى غەرق مەپتۇن جاھان.

قايتىلاندىم ساقلار ئايەتلىرى قايىنامىدا،
مەي كېلەر مۇدھىش گۇگۇم گۇمراھلىقىدا بىپايان.

## 4

نۇرۇم نۇر ئەكسىدىن چەمبەر سىزىپتۇ نۇر ئاراسىغا،
ئۆزۈمنى چۈشىدىم تاشلاپ خۇمارلىق تۈن ياراسىغا.

سوزۇلغان بۇ تومۇز چەكسىز ئېقىنلار ئۈستىدە ئوتقاش،
قۇياشنى ئورىدىم مەھشەر بولۇپ توزان ناۋاسىغا.

زاۋال لاچىنلىرى تەپچىپ قىيالار بەرگىدە سەرسان،
لەپىلدەپ ئاي يېشىل قاسراق تۆكەر كۆكنىڭ ئۇۋاسىغا.

ئاۋازىم قەھرىدىن قايناپ تاشار دەم بىپايان ئويلار،
بۈيۈك ئاشىقلىقى ئىچرە ئېزىلگەن قۇم ساداسىغا.

سوغۇق غار بوشلۇقىدا نەغمىسىنى يايدى مىڭ دەۋران،
كۆپۈك چاچتى قويۇق سۈررەڭ بولۇتلارنىڭ قازاسىغا.

ئۇسسۇل ئويناپ قىزىل يالقۇن تىلىدا ياندى قىرغاقلار،
پەرىزكار تۆھپە شامىدا سىڭىپ كۈلدان دۇئاسىغا.

يېنىق، زۇمرەت شامالدا ئاق تىرەكلەر لال ئېتەر جاننى،
قېقىلغان بىر ئىلاھ ئوق ئۇ - ۋەھىي - ھېكمەت ساماسىغا.

## 5

باقمىسالڭ جان پەردىسى قەھرىدە بەرنالىق خاراب،
رىشتىلىك قار چىرمىغان تاقەتتە رەنالىق خاراب.

قايسى تۈننىڭ شىددىتى ئۇچقان شامالنىڭ كەينىدىن؟
ئورۇلۇپ گۈل بەرگىگە ھەسرەتتە سەۋدالىق خاراب.

قانتى دولقۇن تەمترەپ باشىڭ ئارا پىر - پىر قىلىپ،
مەيلىگە ئوي يەتمىگەن ئاشۇپتە زىبالىق خاراب.

قەترە ياشتا چۆلغىنىپ سەكرەيدۇ سۈبھى شادىمان،
شولىلار سۇلغۇنلىقى ھۆكمىدە شەيدالىق خاراب.

سەن بەخش ئەتكەن سۈكۈتنىڭ رىغبىتى ئالەمچە بار،
كەزمىسە مەجنۇن جاھان يېگانە لەيلالىق خاراب.

چۈشلىرىڭ دىلدارلىقىدىن ئىزلىمە باغىڭغا ئاي،
ئاقمىسالڭ سەللەردە بىھوش بارچە دانالىق خاراب.




. . . قويۇق قارا بۇلۇتلار تۈرۈلۈپ كەلمەكتە ئىدى. شامال توختىمايتتى. تاغ ئېگىز، ئەتراپ تۇمانلىق. تاغ باغرىدىكى قارىغاي شاخلىرىنىڭ تىنىمسىز شىرىلداشلىرى، مەزمۇت ئىرغاي دەرەخلىرىنىڭ پات - پات غىرىسلاشلىرى ۋە شۇنىڭغا قوشۇلۇپ يىراق - يىراقتىن كېلىۋاتقان ئەنسىز ھۇشقۇيتىشلار شامالنىڭ يەنىمۇ كۈچىيىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. . .

ئوۋچى سالماق قەدەملەر بىلەن يولىنى داۋام قىلماقتا ئىدى. يول ناھايىتى ناچار، ئايلانمىسى كۆپ بولسىمۇ يەنە ئازراق غەيرەت قىلسىلا كۆزلىگەن يېرىگە يېتىپ بارالايدىغانلىقىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى.

ئۇنىڭ ئىشەنچىسى ئېشىپ باراتتى. لېكىن بۇ يول! . . . ئۇ، بىردە پۇتلىشاتتى، بىردە يىقىلاتتى. بۇ ھال قانچە ئۇزۇن داۋاملاشتى ۋە يەنە قانچىلىك داۋاملىشىدۇ، ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

شامال كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. تۇمان قويۇقلىشاتتى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى. . .

«كۆز» ئېسىگە كېلىشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ جۇدۇنى تۇتتى. ئىلگىرى ئۇ ئۆزىنى «كۆزى ئۆتكۈر» لەر قاتارىدا سانايدىغان، مانا ئەمدى. . .

ئۇ بېشى بىلەن قوشۇپ تېڭىۋالغان ئوڭ كۆزىنى سول قولى بىلەن بوش تۇتۇپ قويۇپ، ئوڭ قولىغا قوندۇرۇۋالغان كۆلرەڭ بۈركۈتكە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ قويدى.

بۈركۈت؟

ھە، بۈركۈت! !

ئۇ، گاڭگىراپ قالغانىدى. خىرەلەشكەن تۇيغۇلىرى ئۇنىڭ گاراڭ ئېڭىدا تۈرلۈك - تۈمەن سوئاللارنى تۇغدۇراتتى. ھازىر زادى كېچىمۇ - كۈندۈزمۇ؟ مۇشۇ يولدا كېتىۋاتقىلى قانچە ئۇزۇن بولدى؟ تۇمانلىق كۈنلەر قاچاندىن بېرى داۋاملىشىۋاتىدۇ؟ شامال ۋە بوران نېمىشقا توختىمايدۇ؟ . . .

ئۇ ئېغىرلاشقان قەدىمىنى بىردىنلا توختىتىپ بۈركۈتكە چەكچىيىپ قاراپ كەتتى. يېشىل نۇر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئۆتكۈر كۆزلىرى قىلىن تومىقىغا بەنت قىلىنىۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن ئېغىر - بېسىق بولۇپ قالغان بۇ جانىۋار شۇئان سۈكۈتلۈك ھالىتىنى بۇزۇپ، ھەدەپ يۇلقۇنۇشقا باشلىدى. ئۇنتۇپ كەتكەن جەسۇرلۇقىنى قايتىدىن ئەسكە ئالغاندەك، ئۇچلۇق تۇمشۇقلىرى بىلەن ئىگىسىنىڭ ياردار كۆزىگە يەنە ھۇجۇم قىلدى.

ئۇنىڭغا مۇشۇ ئەرزىمەس قۇش بىلەن نەچچە ئەسىر ھەمپىلەشكەندەك بىلىنىپ كەتتى. بۈركۈتنىڭ تەرسالىقى ۋەجىدىن، ئۇ تاغدىن غۇلاپ چۈشكىلى تاس - تاماس قالمىدىمۇ؟ يەنە ئۇنىڭ پۇتى، كۆزىچۇ؟ ! شۇ تاپتا قولىدىكى مۇشۇ كۆلرەڭ مەخلۇقنى تاشقا بىرلا ئۇرسا، ئىگىسىنى مورلىغان تىرناقلىرى، گۆش بېرىپ باققان ئادەمنى چوقۇغان ئاشۇ تۇمشۇقى پارە - پارە بولۇپ كەتسە. . .

ئۇنىڭ چىشلىرى كاراسلاپ كەتتى. بۈركۈتكە نەپرەت بىلەن كۆز ئۈزمەي قارىدى. قارىغانچە ئۇنىڭ غەزىپى تاشاتتى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىشەنچىسىمۇ ئېشىپ باراتتى. «قېنى كۆرۈپ باقىمىز، سەن جاھىل بولساڭ، مەن

كاچ. هامان بىر كۈنى...»

كۈچلۈك شامال تۇرۇپ - تۇرۇپلا بورانغا ئايلىنىپ كېتەتتى. تاغ چوققىسىنى يوشۇرۇپ تۇرغان قېلىن پەردىنىڭ تۇمان ياكى بۇلۇت ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى.

ياز دېسە يازغا، قىش دېسە قىشقا ئوخشىمايدىغان، كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئايرىش قىيىن بولغان ئاپەت خاراكتېرلىك بۇ ھاۋا رايى ئۆزگىرىشىنى كىشىلەر «ئارا تالڭ كۈنلىرى» دەپ ئاتىۋېلىشقانىدى.

جاندارلار ئاچ قورساق ھالەتتە يوشۇرۇنۇپ يېتىشاتتى. ئۇلارنىڭ چوڭلىرى ئۇۋچىدىن، كىچىكلىرى چوڭلىرىدىن قورقۇشۇپ ئۈن - شەپىسىز يېتىۋېلىشقانىدى. ئوۋچىلار ئۇسۇلنى ئۆزگەرتتى. ئۇلار ئىلگىرى تۇزلەڭلىكلەردە، يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئوۋ قىلغان بولسا، مانا ئەمدى چاتقاللىق ۋە دۆمبەللەردە ئېگىشىپ يۈرۈپ، مۆكۈنۈۋالغان جاندارلارنى ئۈركۈتۈپ تۈزگە قوغلايتتى. ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئېچىرقاپ كەتكەن قۇشلار قاچقۇن جاندارغا شىددەت بىلەن ئېتىلاتتى.

ئوۋچى سەۋرچانلىق بىلەن تاغقا يامىشىپ يۈرەتتى. گەرچە ئۇنىڭ مىجەزى غەلىتە بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ ئولجىسىغا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمىغىنى ئۈچۈن ھەممە ئۇنى تېزلا ئۇنتۇپ كېتىشكەنىدى. پەقەت قاچانكىن بىر چاغلاردا بىرقانچە ئوۋچى مەست بولۇپ، ئۇنىڭ غەلىتىلىكىنى غەيۋەت قىلىپ تىللاپ قويغاندەك قىلاتتى.

- ئاۋۋال بۈركۈتنى تۇتۇپ، ئۇنى ئۆگىتىمەن دەپ بولغۇچە قېرىپ كېتىدۇ... مىلتىقى بىلەنلا ئوۋ قىلىسىچۇ.

- گۆشنى يېگىلى بولىدىغان نەرسىنى ئۇۋلىماي، بۈركۈت ئۇۋلايدىغان ساراڭ.

ئۇ، بەكلا چىدامىلىق ئىدى. خەتەرلىك قىيا تاشلارغا يامىشىپ يۈرۈپ تالاي بۈركۈتلەرنى قوغلىدى. بىرقانچە بۈركۈتنى تۇتتى! بۈركۈتنىڭ قىيا تاشلارنىڭ ئارىلىقلىرىدا، ئېگىز لىكتە ياشايدىغانلىقىنى ئۇ خېلى بۇرۇنلا بىلىپ يەتكەن. بىراق بۈركۈتنىڭ بۇ يەردە ئۆزى ئويلىغاندىكىدىنمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى، بۇنچىلىك ۋەھشىي بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇۋىسىدا ياتقان بۈركۈتنى يەم بىلەن تۇتۇۋالغان بىر ئەتىگىنى، بۈركۈتلەر ئۇنى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. ئۇنىڭ چاڭگىلىغا چۈشكەن بۈركۈت بىرلا قىقىرىشى بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا بۈركۈت يېغىپ كەتتى. بىرلىرى ئۇ تۇتۇۋالغان بۈركۈتنى چىشلەپ تارتاتتى. بىرلىرى ئۇنىڭ قوللىرىنى زەرب بىلەن چوقۇيتتى، يەنە بىرلىرى ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن ئۇنىڭ باش - كۆزىگە چاڭ سالاتتى... مۇشۇ ھال يەنە داۋاملاشسا، ئۆزىنىڭ تاغدىن غۇلاپ ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن ئوۋچى قولىدىكى بۈركۈتنى قويۇۋېتىپ ماڭ تەستە قۇتۇلغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇ تاغقا چىقىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ تۇردى. يېتىلگەن بۈركۈتلەرنى ئېتىپ باقتى. شۇغىنىسى ئوق تەگكەنىنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك جايىدىلا ئۆلدى. دەرھال ئۆلمىگەنلىرى بولسا، بىر - ئىككى كۈنلۈكلا بولدى. يەنە مىڭ مۇشەققەتتە ئۇۋىغا يامىشىپ چىقىپ بۈركۈت باللىرىنى تۇتۇپ چۈشتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىمۇ ئۆلدى. ھايات قالغانلىرى شۇنچە ئۇزاق ئەتىۋارلاپ باققانغا يارىشا ئولجا ئالالمايدىغان يارامسىزلاردىن چىقتى. ئۇلار پەقەت كەپتەر، توشقانلاردىن باشقىغا يارىمايتتى. بۇلار ئوۋچى كۈتكەن ئولجا ئەمەس ئىدى. ئەدناسى قارچۇغا جىنىدىمۇ ئالدىراپ بۇلارغا ئېسىلماي، جەرەن، كېيىكلەرگە چاڭ سېلىپ باقىدىغۇ؟ گەرچە ئۇلارنى ئالالمىسىمۇ، بۇ - جۈرئەت. قارچۇغىدىن پەرقى يوق، ھەتتا ئۇنچىلىكمۇ بولالمىغان نەرسىنى «بۈركۈت» دەپ كۆتۈرۈپ يۈرگىلى بولامدۇ؟

دەسلەپتە ئوۋچى سەل ئىككىلىنىپ قالدى. لېكىن ئۇ، ئەقىللىق ئىدى. ئۇ سەۋرچانلىق بىلەن ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرگەندىن كېيىن، ئادەم بىلەن ياشاپ چوڭ بولغان بۈركۈتنىڭ ئانا بۈركۈت قويىنىدا ئۆسكەن بۈركۈتتەك جۈرئەتلىك، قىزىققان بولالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى.

سەۋرلىك ئادەم مۇۋەپپەقىيەتكە يېقىن بولىدىكەن. ئۇ ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازاندى! نۇرغۇن باش قاتۇرۇشلاردىن كېيىن ئويلاپ تاپقان «ئۇۋا ئەتراپىغا تور قويۇش» چارىسى ئۈنۈم بەردى. بىرقانچە ھەپتىدىن كېيىن مۇشۇ كۆلرەڭ ئەركەك بۈركۈت تورغا كىردى! ئەمدى يەنە قىيا تاشلارغا يامىشىپ، بۈركۈت ئۇۋىلىرىنى ئىزدەيمەن دەپ ئەجەل بىلەن ئوينىشىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغانىدى.

ئوۋچىنىڭ مىلتىقى ۋاڭىلداپ ئېتىلىشقا باشلىدى. مىلتىق ئاۋازىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، تاغ باغرىدا، چىغىر يوللاردا، قويۇق چاتقاللاردا يىقىلغان توشقان، كېيىك، جەرەنلەرنىڭ سانىمۇ ئېشىپ باردى. ئوۋچى ھەممىنى بىر - بىرلەپ يىغاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۈركۈتى ئۈچۈن، ھەممىسى ئاشۇ تەستە

ئىرىشكەن كۆلرەڭ بۇركۇتى ئۈچۈن ئىدى...

يەنە شۇ تاغ يولى...

شۇ بۇركۇت...

شۇ ئوۋچى...

ئۇ كۆلرەڭ كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىۋالغاندى. بېشى بىلەن قوشۇپ تېڭىۋېتىلگەن ئاق داكا ئۇنىڭ كۆزىنى مەھكەم ئېتىپ تۇراتتى. شامال يالاپ كەتكەن يۈزلىرى قوتۇرلاشقان، لەۋلىرى چاك - چاك يېرىلغانىدى. ئۇ، بىردە قولىدىكى بۇركۇتكە، بىردە باش ئۈستىدە ئۇچۇۋاتقان جاندارلارغا قارايتتى. كۆلرەڭ بۇركۇت قانات قېقىپ تۇراتتى. ئىگىسىنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىشقا ئالدىرايتتى. بىراق ئوۋچى يەنە نېمىنىدۇر كۈتۈپ تۇراتتى. پەرۋاز قىلىۋاتقانلاردىن قايسىدۇر بىرىنى تاللاۋاتقاندەك، ئۇلارغا ئىنچىكىلەپ قارايتتى. دۇرۇت ئوقۇۋاتقاندەك ۋە ياكى قانداقتۇر بىرنەرسىنى ئەسكە ئېلىپ ئۆز ئىشىغا تەدبىقلاۋاتقاندەك توختىماي پىچىرلايتتى. بۇركۇتكە قىيماۋاتقاندەك ياكى ئۇنىڭغا يەنە ئىشەنچ قىلالماۋاتقاندەك، ئۇنىڭ كۈچلۈك نۇرلار ئېتىلىپ چىقىدىغان سارغۇچ كۆك كۆزلىرىگە تۈمىقى ئۈستىدىن يېنىپ - يېنىپ قاراپ قوياتتى.

«تۈزلەڭلىك بولسا مەيلى ئىدى، بۇ قاپتالدا...»

يۇلقۇنۇپ تۇرۇۋاتقان بۇركۇتمۇ ئوۋچىدىن دىققىتىنى ئۈزمەيتتى. ئۇ، بۇيرۇق بەرگەن هامان كۆككە شۇڭغۇشقا تەييار ئىدى. كۆز ئالدىدىكى بۇ مەخلۇق بىردىنلا ئۇنىڭغا ئاجايىپ قۇدرەتلىك، ئۆزىدىنمۇ قۇدرەتلىك بىر قۇش بولۇپ كۆرۈندى. ئۇ، ئەزەلدىن كۆرەڭ ۋە ئەركىن قۇش ئىدىغۇ. ئۇنىڭغا چاڭ سالغان زادى قانداق مەخلۇق ئۇ؟ بۇرۇن ئۇنى كۆرگەندەك قىلامدۇ نېمە؟... توغرا، توغرا... كۆرۈپتىكەن! دەل ئۆزىنىڭ ئۇۋىسىدا.

بۇركۇتنىڭ تۈمىقى ئاستىدىكى كۆزىدىن ئوت چاچرىغاندەك بولدى. ئۇ شۇۋۇرغانلىق چوققىدىكى ئۇۋىسىنى سېغىنغانىدى. ئۇۋا ئۇنىڭغا ھەممىنى ئەسلىتىپ تۇراتتى...

شۇۋۇرغانلىق سەھەر. قىيا تاشلارنى ئوراپ تۇرغان قارامتۇل پەردە تېخى تارىمىغانىدى. هايال ئۆتمەيلا بۇركۇتلەر ئۇۋىسىدىن قوزغىلاتتى...

كۆلرەڭ بۇركۇت قانداقتۇر بىر شەپىنى سەزگەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇن كېچىلەردىمۇ هوشيارلىقىنى يوقاتمايدىغان سەزگۈسى غەيرىي بىر تىنىقنى، غەلىتە بىر پۇراقنى سەزمەكتە ئىدى.

ئاھ!... شورلۇق! ئۇ بەك سەزگۈر ئىدىغۇ؟ ئۇنىڭ تەڭداشسىز بىر جۈپ كۆزى، كۆك قەرىدە تۇرۇپمۇ زېمىندىكى قۇرت چاغلىق نەرسىنى نەزىرىدىن قاچۇرۇپ قويمايدىغان ئۆتكۈر كۆز ئەمەسمىدى؟ ئۇ، بۇركۇتلەر ئەركىسى ئەمەسمىدى؟ ئەمدى ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ ئانىسى قېنى؟ يالىشىپ - پۈرىشىپ تۇرمىسا چىدىيالمايدىغان ئامراق جۈپتىچۇ؟... ئۇ، بۇ يەرگە ساناقسىز قېتىملاپ مۇشۇ هالەتتە چىققان بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكىدەك ئاچ قالمىغانىدى. بۇركۇت بوش يۇلقۇنۇپ قويدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا گۆشتىن باشقا نەرسە كەلمەيتتى. قورساق غېمى ھەممىنى ئەسلىتىشكە قادىر ئىدى. ئۇ، تېزلا ئەسكە ئالدى. تەمسىز گۆشلەرنى يېگەن چاغلىرى كۆز ئالدىغا كەلدى. ئۇ، تورغا كىرىپ قالغان كۈندىن باشلاپ قاراڭغۇ بىر «ئۇۋا»غا باغلىنىپ، كۆزى مەھكەم تېڭىۋېتىلدى. سوغۇق گۆشلەر، ئۇ هازىر ئاچلىقتىن ئامالسىز خالاپ قالغان گۆشلەر ئالدىغا تاشلاپ بېرىلدى. گەرچە سوغۇق بولسىمۇ، ئۇ ئۆزى يەپ كۆنگەن گۆشلەر ئىدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ ئالدىغا ئىسسىق بىر پارچە گۆش تاشلاندى. پۇراپلا بىلدىكى، ئۇ ئۆز تايىپىسىنىڭ گۆشى ئىدى. ئۇنىڭ تۈمىقى ئاستىدىكى كۆزى لىپىلداپ كەتتى. ئۇ، قىقىرىدى. پۇتىدىكى يىپنى كۈچ بىلەن چوقىدى. قاراڭغۇلۇقتا ئۆزىنى ھەر يانغا ئەسەبىيلەرچە ئۇردى. يەنە شۇ ئانىسى، ھەمراھى كۆز ئالدىغا كەلدى. ئانىسىنىڭ گۆشىمىدۇ؟ جۈپتىنىڭمىدۇ؟... ئۇ ئەسەبىيلەشتى. تىرناقلىرى قىپقىزىل قانغا بويالدى. قاۋۇل تۇمشۇقلىرى ئىلاجسىز يېغىر بولدى. كۆزىنى توسۇپ تۇرغان قاراڭغۇ پەردە توختاۋسىز ئېقىۋاتقان ئىسسىق سۇيۇقلۇقتا ھۆللەندى! ئۇ، گۆشكە ئارقىسىنى قىلىپ تۇراتتى. ئۇسسۇلۇق كۆتۈرۈپ كىرگەن «مەخلۇق» گۆشنى ئېلىپلا ئۇنىڭ تۇمشۇقىغا تەگكۈزدى. بىر قېتىم... يەنە بىر قېتىم... ئۇ، قەھر - غەزەپ بىلەن «مەخلۇق»قا چاڭ سالدى. ئۇنىڭ يۇمشاق بىر يېرىنى كۈچ بىلەن چوقۇۋالدى. ئۇ قاراڭغۇ «ئۇۋا»نى بېشىغا كىيىپ، غەلىتە ئاۋازدا چىرقىراپ كەتتى.

ئۇ، باشقا تەرەپلىرىنى ئانچە ئەسلىيەلمەيتتى. ئېسىدىن چىقمايدىغىنى، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇنىڭ يەيدىغان گۆشلىرى ئۇششاق - ئۇششاق چاناپ بېرىلىدىغان بولدى. ئۇ، كۆپ قېتىم دېلىغۇل بولۇپ قالدى. يەۋاتقان گۆشىدىن بۇركۇت ھىدى كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. بىردە ئۇ باشقا ئولجىنىڭ گۆشىدەكمۇ پۇرايتتى. دەسلەپ يېمەيمۇ باقتى. خېلى ئۇزۇنغىچە يېمىدى. لېكىن

يەنە شۇ قورساق. . . كۈنلەر ئۆتتى. . . يىگەنسېرى ئۇنىڭغا بۈركۈت ھىدى پۇرىمايدىغان بولدى. بۈركۈت ھىدىلا ئەمەس، ئاستا - ئاستا ھېچنېمە پۇرىمىدى! يىگەنلىرىنىڭ قايسى تائىپىدىكىلەرنىڭ گۆشى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەلمىدى. نېمىشقىكىن، ئۇ ئەمدى بۇلارنى بىلىشنىمۇ خالىمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئانا بۈركۈت، ئۇۋا. . . دېگەنلەر بولسا ئېسىگىمۇ كەلمەيتتى. ئۇنتۇمايدىغىنى پات - پاتلا ئېچىپ تۇرىدىغان قورساق. . . چاناپ بېرىلىدىغان گۆش! . . .

شۇئېرغان ھۇشقۇيتىپ كېلەتتى. ئېچىرقاپ كەتكەن بۈركۈت ئۈچلۈق تۇمشۇقلىرىنى ھەر يان سوزاتتى. ئۇ ئوۋ تەقەززاسىدا ئىدى.

ئوۋچى بۈركۈتكە سۆيۈنۈش بىلەن قاراپ قويدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ بەخۇاشلىقى قاياققىدۇر ئۆچۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. يول بەكلا ناچار، ئەگىمىسى زىيادە كۆپ بولسىمۇ ئۇ بۇنى سەزمەيۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ، مۇشۇ سۆيۈملۈك بۈركۈتى بىلەن نەچچە ئەسىردىن بېرى تېپىشىپ ھالدا بىرگە ياشاپ كېلىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى. مۇشۇ يولدىن تالاي قېتىم دېلىغۇللۇق بىلەن قايتىپ كەتكەنلىكى، قايرىلغان پۇتى، ئېغىر يارىلانغان كۆزى ۋە يەنە تالاي - تالاي خاپىچىلىقلار بىر يوللا ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. . .

بۈركۈت تۇرالماي قالدى. ئۇنىڭ قورسىقى ھەددى - ھېسابسىز ئېچىپ كەتكەنىدى. كۆزىگە ئولجىدىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. شۇ تاپتا يۇلقۇنۇپ بىر چىقالىسا، قېچىپ كېتىۋاتقان ئولجىنى قوغلاپ، ئۇنى ھاردۇرۇپ قويغاندىن كېيىن شۇڭغۇپ كېلىپ پۇكلەپ باسسا، ھورى ئۆرلەپ تۇرغان قىزىق گۆشتىن قانغۇچە يەۋالسا. . . كۆكتە ئۇچار بولسىمۇ، يەردە چاپار بولسىمۇ ئوۋلىسا. . . ئوۋ قىلسا، گۆش يېسە! . . .

ئوۋچى ئاخىر بىر قارارغا كەلدى. بۈركۈت ئۆزىگە خىرىس قىلىۋاتاتتى. ئۇ بۇنىڭدىن بەك ئېچىرقاپ كەتسە ئىگىسىنى ئېلىپ قويۇشى، ھېچ بولمىسا زەخىم يەتكۈزۈشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇ، ئەتراپنى تېزلىك بىلەن كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن، تومىقىنى ئېلىۋېتىپلا بۈركۈتنى قويۇۋەتتى. بۇ دەل ئۇ كۈتۈپ كەلگەن پۇرسەت - بۈركۈت ئېچىرقىغان، ئوۋ يىراقلاپ كەتمىگەن پۇرسەت ئىدى!

كۆلرەڭ بۈركۈت ۋىژىلداپ ئۇچۇپ باراتتى. ئۇنىڭ قۇدرەتلىك بىر جۈپ قانىتى كۈچلۈك بوران ئېقىمىنى قىلىچتەك كېسىپ ئۆتەتتى. ئۇ گاھ پەسكە شۇڭغۇيتتى، گاھ تېخىمۇ ئېگىزلەيتتى. ۋاقىت بەك سوزۇلۇپ كەتتى. ئۇمۇ بورانغا قارشى ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى.

ئولجا مەيلى ئۇ ئۇچار ئولجا بولسىمۇ - ھامان بۈركۈتتىن ئېگىز ئۇچالمايدىغان. بۇ ئۇنىڭ تەتۈرىسىچە ئىدى. ھەدېسىلا كۆلرەڭ بۈركۈتنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. ئاستىدىكى رەقىبىگە ھۇجۇم قىلمايتتى ياكى ئۇنىڭدىن پەسلەپ ئۇچمايتتى. بۈركۈتنىڭ ئۈستىدىكى ئولجىغا چاڭ سالالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

كۆلرەڭ بۈركۈت ئېچىرقاشتىن ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ تېخىمۇ ۋەھشىيلەشتى. كۆزلىرىگە قان تولدى. ئۇنىڭغا گۆشتىن، قان تامچىپ تۇرغان ئىسسىق گۆشتىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى!

بىر ھازادىن كېيىن، ئولجا تۇيۇقسىزلا يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، پەسكە - تاغ باغرىدىكى بوشلۇققا شىددەت بىلەن ئۇچتى. پۇرسەت كۈتۈۋاتقان كۆلرەڭ بۈركۈت ناھايىتى چاققانلىق بىلەن پۈتۈن كۈچ - قۇدرىتىنى پۇتىغا يىغىپ ئۇنىڭ ئەجەللىك يېرىگە غەزەپ بىلەن بىرنى تەپتى. قاتتىق زەربىدىن ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ئولجا كۆك قەرىدىن موللاق ئاتتى.

- يارايسەن! يارايسەن، بۈركۈتۈم! . . .

مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئوۋچى قىن - قىنىغا پاتماي قالدى. ئۇنىڭ ئوۋلىماقچى بولغىنىمۇ دەل مۇشۇ ئولجا - ئانا بۈركۈت ئىدى!

چالا ھوش ئولجىنى مەھكەم قامالاپ تۇرغان كۆلرەڭ بۈركۈت، ئىگىسىنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ ئولجىنى بېسىپ ياتقىنىدىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمەيتتى. بۈركۈت پۇرىقى، ئانا ھىدى. . . دېگەنلەرنىمۇ سەزمەيتتى. . . ئۇنىڭغا گۆشلا كۆرۈنەتتى. ئىسسىق مەززىلىك. . .

ئوۋچى كەلدى. ئانا بۈركۈت دەھشەتلىك قىقىرىۋەتتى. ئۇ ھېچنېمە بولمىغاندەك، ئۆزىگە ئىپادىسىز ھالدا قاراپ تۇرغان كۆلرەڭ بۈركۈتنى ئەمدىلا ئېنىق تونۇغانىدى!

بوران گۈركىرەيتتى. ئانا بۈركۈتنىڭ تىنىلغان كۆزلىرى تارتىشتى. قانلىق چاناقلىرى كېرىلدى. . .

شۇئېرغان قاپساپ كەلمەكتە ئىدى. ئانا بۈركۈتنىڭ كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. ئەتراپ قاراڭغۇ، ھەممىلا يەرگە يېيىلغان مۇدھىش بىر ئېقىم يەنە توختاۋسىز قىستاپ كېلىۋاتاتتى. . .



# شۈكۈر يالقىن: مەن باسقان ئىزلار

خاتىرىلىگۈچى: ئەزىزى

## تاشكەنتتىن موسكۋاغا

مەن 1917 - يىلى تاشكەنت شەھىرىدە ئۆزبېك تېۋىپ ئائىلىسىدە تۇغۇلغانمەن. دادام تېۋىپ بولۇپ، ياشلىقىدا ھەج مۇناسىۋىتى بىلەن يۇنانىستان، ئىستامبول، مەككىلەردە بولغانىكەن. كېيىن ئۆز كەسپىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ھىندىستانغا كېلىپ بومباي، دېھلى شەھەرلىرىدە تۇرۇپ ئوقۇغانىكەن. ئوردۇ، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىپ پارس ئەدەبىياتىغا قىزىقىپ قالىدىكەن.

دادام تاشكەنتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر، يازغۇچى، شائىرلار بىلەن دوستلىشىپ ئۆتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئېسىمدە قېلىشىچە ئۆيىمىزدە پات - پات ئەدەبىي سورۇنلار بولىدىغان. سورۇنلاردا كۆپرەك شەرق كلاسسىك-لىرى، جۈملىدىن، خوجا ھاپىز شىرازى، شەيخ سەئدى، مىرزا بېدىل، خىسراۋ دېھلەۋى قاتارلىق، شۇنداقلا مەن ئىسمىنى بىلمەيدىغان بىر قىسىم پارس ۋە ئوردۇ شائىرلىرى ھەققىدە پاراڭ بولىدىغان. مەن شۇ سورۇنلارغا داخىل بولۇپ كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالغان، ھەتتا مەنىسىنى بىلمىسەممۇ خوجا ھاپىز شىرازىنىڭ بىرمۇنچە غەزىلىنى يادلىۋالغانمەن. مۇشۇنداق مۇھىتنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، مەن ئەدەبىياتپەرەس-رەك چوڭ بولغانمەن.

كېيىن قىسمەن دىنىي مەكتەپ ۋە خېلى مۇنتىزىم پەننىي مەكتەپتە ئوقۇپ 9 - سىنىپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن موسكۋاغا بېرىپ موسكۋا 2 - پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا كىرىپ ئوقۇدۇم. ئارىدا ئاتا - ئانام قەشقەرگە كۆچۈپ كەلدى، مەنمۇ ئۇلار بىلەن قەشقەرگە كەلدىم. ئەمما ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئوقۇشۇمنى داۋاملاشتۇ-رۇش ئۈچۈن يەنە موسكۋاغا قايتتىم.

## موسكۋادىن قەشقەرگە

1936 - يىلى موسكۋادا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ قەشقەرگە قايتىپ كەلدىم. قەشقەردە ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ ئەرەب، پارس تىلى ئۆگەندىم. چۆچەكتە بىزنىڭ تۇغقانلىرىمىز بار ئىدى. شۇ مەزگىلدە ئۇلار بىزنى چۆچەككە كېلىشكە قايتا - قايتا چاقىردى. لېكىن بىز ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قەشقەردە تۇرىۋەردۇق. شۇ چاغدا قەشقەرنى مەھمۇت سىجاڭ سورايتتى. بىر كۈنى سىلەرنى مەھمۇت سىجاڭ چاقىرىدۇ دېگەن خەۋەر كەلدى. نېمە ئىش بولدىكىن دەپ مەن مەھمۇت سىجاڭنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىغا باردىم. مېنى ئالدى بىلەن مەھمۇت سىجاڭنىڭ

كاتىپى بولسا كېرەك، بىر كىشى قوبۇل قىلدى ۋە:

- سىز چۆچەكتىكى مىرىيۇسۇپ مىرزايىتباييىۋ دېگەن كىشىنى بىلەمسىز؟- دەپ سورىدى. مەن:

- بىلىمەن، ئۇ كىشى بىزگە تۇغقان بولىدۇ، - دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ كىشى:

- ئۇ كىشىنىڭ مەن بىلەن تونۇشلۇقى بار ئىدى، شۇ كىشىدىن تاغام بىلەن ئوغلى قەشقەردە تۇرۇۋېتىپتۇ، بىز نەچچە قېتىم چاقىرساقمۇ كەلمىدى. ئانىمىز قېرىپ قالدى، ئۇلار بىلەن بىر كۆرۈشسەك دەپ ئارزۇ قىلىدۇ، شۇلارنى بىرنېمە قىلىپ يولغا سېلىپ قويساڭلار، دەپ خەۋەر كەلدى،- دېدى ۋە سىجاڭ بىلەن كۆرۈشۈشىمنى ئېيتتى. مەن سىجاڭنىڭ يېنىغا كىردىم. ئۇ كىشى مېنى كۆرۈپ:



- مەن سىزنى كۆرگەنمەن،- دېدى ۋە سوغۇققىنا،- سىلەرنى چۆچەككە چاقىرسا بارماپسىلەرغۇ،- دەپ سورىدى. مەن:

- بارماقچى،- دەپ جاۋاب بەردىم. سىجاڭ:

- بېرىڭلار،- دېدى ۋە مېنى باشلاپ كىرگەن كىشىگە،- بۇلارنى يولغا سېلىپ قويۇشنىڭ ئامالىنى قىلىڭلار،- دەپ تاپىلىدى.

## قەشقەردىن چۆچەككە

شۇنىڭ بىلەن بىز مەجبۇرىي دېگەندەك چۆچەككە كەلدۇق.

چۆچەك ئۆزىنىڭ كىچىك بولۇشىغا


قارىماي، مەدەنىيەت خېلىلا تەرەققىي قىلغان يەر ئىكەن. ئۇ يەردە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلغانىكەن. مەن بارغاندىن كېيىن شۇ يەردىكى ئۆزبېك مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا قاتناشتىم. ھەر بىر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ تەركىبىدە سانائىي نەفىسە تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن ھەر خىل سەھنە ئەسەرلىرىنى تەييارلاپ سەھنىگە قويىدىكەن. مەن بارغاندا ئۆزبېك ئۇيۇشمىسى ئۆزبېكىستانلىق مىرزا مەھمۇد بېھبۇدى دېگەن كىشىنىڭ «پەدەركۇش» (ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈش) دېگەن سەھنە ئەسىرىنى قويۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانىكەن. ئۇلار مېنىڭ ئەدەبىياتتىن خەۋىرىم بارلىقىنى بىلىپ، مۇشۇ ئەسەرنى بىزنىڭ شارائىتىمىزنى چىقىش قىلغان ھالدا ھازىرقى زامانغا ماسلاشتۇ- رۇپ ئۆزگەرتىپ بەرسىڭىز دېيىشتى. مەن ئەسەرنىڭ نامىنى «نادانلىق قۇربانلىرى» دەپ ئاتاپ سەل ئۆزگەرتىپ بەردىم، ئۇلار شۇ بويىچە تەييارلاپ سەھنىگە قويدى. چۆچەكتە ئۇيغۇرلارنىڭ، تاتارلارنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ سەھنە ئەسىرى يازىدىغان يازغۇچىلىرى بولۇپ، ئۇلار شۇلار يازغان سەھنە ئەسەرلىرىنى قوياتتى. شۇڭا ئۆزبېك ئۇيۇشمى- سىدىكىلەر مېنى سەھنە ئەسىرى يېزىپ بەرسەڭ دېيىشتى. مەن شۇ يەردە بولۇپ ئۆتكەن كىچىككىنە بىر ۋەقەنى ئاساس قىلىپ «ئۆلۈم» دېگەن بىر سەھنە ئەسىرى يازدىم. بۇ ئەسەر سەھنىگە قويۇلغاندىن كېيىن ناھايىتى ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ دراما ئىجادىيىتىم باشلاندى. نەتىجىدە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىرنەچچە سەھنە ئەسىرى يازدىم. مۇشۇ جەرياندا بىر تۈركۈم شېئىر ۋە ھېكايىلەرنىمۇ يازدىم، ھەتتا ئۆزۈمنى چاغلىماي «ئۇيغۇر قىزى» دېگەن بىر رومانىمۇ باشلىدىم. رۇس تىلىدىن پۇشكىننىڭ شېئىرى ۋە باشقا بەزى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلدىم. جاھانگىرلىككە

قارشى تۇرۇش شوئارى قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان مەزگىللەردە شۇ تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا «ۋەتەن نومۇسى ئۇچۇن» دېگەن چوڭ ھەجىملىك بىر ئەسەر يازدىم. ئەسەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ناھايىتى ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى. ھەتتا خەنزۇ زىيالىيلىرى ئارىسىدا بىر مەزگىل مۇنازىرە پەيدا قىلدى. بۇ ماڭا زور ئىلھام بولدى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا بىر ئەسەر ھەققىدە بۇنداق مۇنازىرە ئېلىپ بارىدىغان ئىشلار كەمدىن كەم ئۇچرايتتى. شۇنىڭ ئىلھامى بىلەن مەن يەنە بىر چوڭ سەھنە ئەسىرى «تىكەنلىك گۈللەر» نى يازدىم. بۇ ئەسەر چۆچەكتە ئوينالغاندىن كېيىن تاماشىبىنلار ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى. نەتىجىدە بۇ ئەسەر ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، غۇلجا قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئوينالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن يازغۇچى ئاتىلىپ قالدىم.

مېنىڭ ئىجادىيەت ئىشلىرىم ئاساسەن چۆچەكتىكى ۋاقتىمدا بىر قەدەر سەمەرىلىك بولدى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئون نەچچە پارچە سەھنە ئەسىرى، بىرمۇنچە شېئىر ۋە ھېكايىلەرنى يازدىم. بۇ ئەسەرلىرىم ئۆز ۋاقتىدا چۆچەكتە نەشر قىلىنىدىغان مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى.

بىزنىڭ چۆچەكتىكى تۇغقانلارنىڭ بىر شەخسىي كۇتۇپخانىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭدا خېلى كۆپ كىتاب جۇغلانغانىكەن. بىز بارغاندىن كېيىن تۇغقانلىرىمىز ماڭا شۇ كۇتۇپخانىغا ئورۇن راسلاپ بەردى. بۇ كۇتۇپخانىدىكى كىتابلار ئاساسەن ئەدەبىياتقا ئائىت كىتابلار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە رۇس ئەدەبىياتىغا، چەت ئەل كلاسسىك ئەدەبىياتىغا ئائىت نۇرغۇن نادىر كىتابلار بار ئىكەن. شۇنداق قىلىپ مەن ناھايىتى ياخشى بىر ئەدەبىي مۇھىتقا ئېرىشتىم. بىراق ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي شىڭ شىسەينىڭ ئادەم تۇتۇش ھەرىكىتى باشلىنىپ، تۇغقىنىمىزنى قولغا ئېلىپ كەتتى، ئۆيى - زېمىنلىرىنىمۇ مۇسادىرە قىلدى. كىتابلارنىمۇ ئېلىپ كېتىشتى. ھەتتا ئۇنىڭ ئىچىدە ئۆزۈمنىڭمۇ بىرمۇنچە كىتاب ۋە قوليازمىلىرىم بار ئىدى.

چۆچەكنىڭ ئىجتىمائىي ھاۋاسى بارغانسېرى يامانلىشىشقا باشلىدى. بىز چۆچەكتە خېلى ئېغىر ئارىلىشىپ ئۆتىدىغان سەيپىدىن ئەزىزىمۇ غۇلجىغا كۆچۈپ كەتتى. ئۇ غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن ماڭا، «بۇ يەرنىڭ شارائىتى سەل ياخشىراق ئىكەن، شۇڭا مۇشۇ يەرگە كۆچۈپ كەلسەڭلار قانداق؟» دېگەن مەزمۇندا خەت يازدى. شۇنىڭ بىلەن بىز غۇلجىغا كۆچۈپ بېرىپ تۇردۇق. بىز غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن، مەن خىزمەتسىز قېلىپ غۇلجا بىلەن چۆچەكنىڭ ئارىلىقىدا قاتناپ سودىگەرچىلىك قىلدىم. (ئەلۋەتتە پايدا ئېلىش ئەمەس، زىيان تارتىش ھېسابىغا) بىر نۆۋەت شىخۇغا كەلگىنىمدە، غۇلجىدا ئىنقىلاب بولۇپ، مەن شىخۇدا توسۇلۇپ قالدىم. گومىنداڭ دائىرىلىرى مېنى قولغا ئېلىپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلدى. ئارىدىن 11 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن مېنى قويۇپ بېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ قالدىم. 1945 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى بولسا كېرەك، شىنجاڭ ئىنستىتۇتى مېنى خىزمەتكە تەكلىپ قىلدى. مەن ئىنستىتۇتتا دەسلەپ ئەدەبىياتتىن، كېيىن پېداگوگىكىدىن دەرس بەردىم.



**ماۋدۇن بىلەن ئۇچرىشىش**

ئۆز ۋاقتىدا، سەھنىگە قويۇلىدىغان ئەسەرلەرنى ئۈرۈمچىدىن تەستىقلاپ بېرەتتى. 1939 - يىلى مەن بىر سەھنە ئەسىرىنى تەستىقلىتىش مۇناسىۋىتى بىلەن چۆچەكتىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدىم.

شۇ مەزگىلدە، سوۋېتتە نەشر قىلىنغان بىر رۇسچە ماتېرىيالدىن، شاڭخەيدىكى ۋەتەنپەرۋەر ياشلار ئۆزلىرىنىڭ ئورۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە تەسلىمچىلىك قىلىۋاتقانلىقىغا قارشى ھەرىكەتلەردە بولماقتا، دېگەن مەزمۇندىكى بىر خەۋەرنى كۆرۈپ مۇشۇ ھەقتە بىرنەرسە يازسا بولىدىكەن دېگەن ئويغا كەپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەردىن ئەھۋال ئىگىلەش ۋە ھەر تەرەپلىمە ماتېرىيال توپلاش ئارقىلىق بىر تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە ئولتۇرۇپ «شاڭخەي كېچىسى» دېگەن درامىنى يېزىپ چىقتىم. بۇ دراما ئۈرۈمچىدىكى ئۆزبېك ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن سەھنىگە قويۇلغاندىن كېيىن تاماشىبىنلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى بۇ ئەسەرنى شىپىگراپتا بېسىپ پۈتۈن شىنجاڭغا تارقاتتى. نەتىجىدە بۇ ئەسەر شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئوينالدى.

«شاڭخەي كېچىسى» ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىنمۇ ئوينالدى. ئادەتتە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بىرەر يېڭى ئەسەرنى سەھنىگە قويغاندا ئۈرۈمچىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەتكە مۇناسىۋەتلىك زاتلارنىمۇ چاقىراتتى. ئۇلار «شاڭخەي كېچىسى»نى دەسلەپ قويغاندا ماۋدۇننىمۇ چاقىرغانىكەن. ئۇ كىشى درامىنى كۆرگەندىن كېيىن خەمىت ھەكىمدىن «بۇ ئەسەرنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلدىڭلارمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. خەمىت ھەكىمى «ياق، بۇنى شوكۇر يالقىن دېگەن ئۆزبېك يىگىت يازغان» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ماۋدۇن «شۇ يىگىت بىلەن كۆرۈشكىلى بولارمۇ» دېگەنىكەن، خەمىت ھەكىمى «ئەلۋەتتە بولىدۇ. ھازىر بۇ يىگىت مۇشۇ ئۈرۈمچىدە» دەپتۇ.

بىر كۈنى خەمىت ھەكىمى ماڭا «شىن يەنبىڭ سىز بىلەن كۆرۈشەم دەيدۇ» دېدى. مەن شىن يەنبىڭنىڭ كىملىكىنى سورىسام، ئۇ «داڭلىق خەنزۇ يازغۇچىسى، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىسمى ماۋدۇن» دېدى. شۇ چاغدىلا مەن ماۋدۇننىڭ شىن يەنبىڭ دېگەن ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم. موسكۋادا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا ئەدەبىيات دەرسلىكىدە، خەنزۇ ئەدەبىياتى ھەققىدە سۆزلەنگەندە لۇشۈن، گومورو قاتارىدا ماۋدۇننىمۇ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇپ ئۆتۈلەتتى. شۇڭا مەن ماۋدۇننى خېلى بۇرۇنلا بىلەتتىم. بىر كۈنى كەچلىكى بىز ماۋدۇننىڭ تۇرالغۇسىغا كەلدۇق. بىز كۆرۈشكەندىن كېيىن خىزمەتچىسى بىزگە چاي كەلتۈردى. ئارىدا گەپتىن - گەپ بولۇپ «سىز قەيەردە ئوقۇغان؟» دەپ سورىدى. مەن «مەن موسكۋادا ئوقۇغان» دېسەم، دەرھاللا رۇسچە «سىز شاڭخەيگە بارغانمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن «ياق» دەپ جاۋاب بەردىم. شۇنىڭ بىلەن بىز تەرجىماننى قايرىپ قويۇپ رۇسچە پاراڭلاشتۇق. ماۋدۇن رۇسچىنى سەل چالىراق بىلىدىكەن. ماۋدۇن «شاڭخەي كېچىسى» درامىسىنىڭ بىر - ئىككى يېرىگە پىكىر بەردى ۋە «مەن بۇ ئەسەرنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلدۇرىمەن» دېدى.

## ئابدۇللا قادىرى ۋە «تامىللا»

ئابدۇللا قادىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىن چىققان بىر چولپان. مېنىڭ قارىشىمچە مۇشۇ كۈنگىچە مەيلى ئۆزبېك، مەيلى ئۇيغۇر، مەيلى قازاق، مەيلى قىرغىزلاردىن بولسۇن ھېچكىم ئەدەبىيات بابىدا ئابدۇللا قادىرى يەتكەن پەللىگە يېتەلمىدى. مەن ئابدۇللا قادىرى بىلەن خېلى بۇرۇنلا تونۇشاتتىم. تاشكەنتنىڭ چارسۇ دېگەن يېرىدە بىزنىڭ بىر تۇغقىنىمىز گېزىت - ژۇرنال ساتاتتى. بىر كۈنى شۇ تۇغقىنىمىزنىڭ قېشىغا بارغانىدىم، ئابدۇللا قادىرىنىڭمۇ شۇ يەردىن ئۆتىدىغان ئىشى بار ئىكەن، شۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالدۇق. بىز ئۆزئارا ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن:

- ئابدۇللاكا، بىر ياخشى رومانلىرىڭىز بار، مەن سۆيۈپ ئوقۇيمەن، بىرەرمۇ كىتاب بەرمىدىڭىز، - دېدىم. ئابدۇللا قادىرى:

- راست، شۇنداق بولدى - ھە، - دېگىنىچە سومكىسىنى ئاختۇرۇپ، - مەن تەھرىرلىگەن بىر كىتابنى بەرسەم بولامدۇ، - دېدى. مەن:

- مەيلى - مەيلى، نېمىلا بەرسىڭىز بولىدۇ، - دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللا قادىرى ماڭا ھەجىمى ئانچە چوڭ بولمىغان بىر كىتابنى بەردى. قارىسام «تامىللا» دېگەن كىتاب ئىكەن. ئۇ بىر فرانسۇز يازغۇچىسىنىڭ ئەسىرى بولۇپ

ئۆزبېكىستاندا تۇرىدىغان زەرىپ بەشىرى دېگەن تاتار يازغۇچىسى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان، تەھرىرلىكىنى ئابدۇللا قادىرى قىلغانىكەن. كىتابنىڭ ئىچ بېتىگە قېرىنداش بىلەن، «ئابدۇشۇكۇر ئۇكامغا تەقدىم» دەپ يېزىپ بەردى. ئارىدىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىز باشقا - باشقا يەردە بولۇپ قالدۇق. مەن كىتابنى ئابدۇللا قادىرىنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە قەدىرلەپ ساقلىدىم. چۆچەككە كەلگەندىن كېيىن كىشىلەر كىتابنى سوراپ قولدىن - قولغا ئېلىپ ئوقۇشتى. شۇ جەرياندا كىتاب يوقاپ كەتتى. ئارىدىن 50 يىل ئۆتۈپ ئالمۇتىغا بارسام، رەيھان دېگەن بىر ئايال مېنى كۆرگىلى كەلدى. مەن بۇ ئايالنى بۇرۇنلا تونۇيتتىم. شۇ ئاردا رەيھان «ئابدۇشۇكۇر ئاكا كەچۈرسىڭىز، مەن سىزگە بىر ئوغرىلىق قىلغانمەن» دېدى. مەن «نېمەمنى ئوغرىلىغانىدىڭىز» دەپ سورىسام، «مەن سىزنىڭ بىر رومانىڭىزنى ئوغرىلىغانمەن» دېدى. «قايسى رومانىنى؟» دېسەم، «تاملىلا» دېگەن رومانىنى دېدى. مەن «مەيلى ئەمدى» دېسەم، ئۇ «شۇ كىتاب ھازىرمۇ بار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللا قادىرىنىڭ خاتىرە كىتابى 50 يىلدىن كېيىن قولۇمغا قايتىپ كەلدى. ئەپسۇسكى، كىتابنىڭ ئابدۇللا قادىرى ئىمزا قويۇپ بەرگەن يېرى يىرتىلىپ كېتىپتۇ.

مەن ئابدۇللا قادىرىغا چىن دىلىمدىن ئىخلاس قىلاتتىم. شۇ سەۋەبتىن مەن قەشقەردە تۇرغان چاغلىرىمدا ئابدۇللا قادىرىنىڭ «ئۆتكەن كۈنلەر»، «مېھراپتىن چايان» رومانلىرىنى كىشىلەر ئارىسىدا تەشۋىق قىلىپ، بۇ رومانلارنىڭ قەشقەردە كەڭ - كۆلەمدە تارقىلىشىغا تۈرتكە بولغانىدىم.

## ماڭا تەسىر كۆرسەتكەن كىتابلار

ماڭا تەسىر كۆرسەتكەن كىتابلار ئاز ئەمەس. رومانچىلىقتا ماڭا ئابدۇللا قادىرىنىڭ ئەسەرلىرى بەك يېقىپ كەتكەن. مەن ئابدۇللا قادىرىنىڭ رومانلىرىنى ئوقۇۋېتىپ، مۇشۇ ئۇسلۇبنى ئۆزلەشتۈرسەمكەن دەپ ئارزۇ قىلاتتىم. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، مەرھۇم زۇنۇن قادىرى مېنىڭ «گۈلنىسا» ناملىق ھېكايەمنى دراما قىلىپ ئۆزگەرتكەندە، بۇ ھېكايىدىن ئابدۇللا قادىرىنىڭ پۇرىقى كېلىدىغۇ، دېگەنىدى. شۇندىن باشقا ئوقۇغان رومانلىرىم مېنى ئانچە قىزىقتۇرماي قويدى، ھەتتا تولستوينىمۇ گەپنى تولا سوزۇۋېتىدۇ دەپ ياقتۇرمايتتىم.

شېئىرىيەتتە پۇشكىن ماڭا تولىمۇ ياخشى تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇندىن باشقا ئابدۇللا توقاينىڭ شېئىرلىرى ماڭا بەك ياقىدۇ، ھازىرمۇ ئۇنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىنى يادا بىلىمەن. ئۆزبېك شائىرلىرىدىن چولپاننىڭ شېئىرلىرىنى ياخشى كۆرەتتىم. غاپۇر غۇلامنىڭ ماھارىتىگە قايىل بولسامۇ، ئەسەرلىرىنى ئانچە ياقتۇرمايتتىم. خەمىت ئالىمجاننىڭ ئەسەرلىرىنى ئەسلا ياقتۇرمايتتىم.

مېنى ھەممىدىن بەك ئۆزىگە مەپتۇن قىلغان شائىر ھاپىز شىرازى ئىدى. ئۇندىن باشقا شەرق كلاسسىكلىرىدىن پۇزۇلىنىڭ شېئىرلىرىنى ياخشى كۆرىمەن. (ئەزىزى: نەۋائىينى تىلغا ئالمىدىڭىزغۇ؟) ھەزرىتى نەۋائىينى تىلغا ئېلىش - ئالماسلىق كەتمەيدۇ. ئۇ ھەممىمىزگە تەسىر كۆرسەتكەن ئۇستاز. بىر قېتىم ئۇرۇمچىدە نەۋائىيغا بېغىشلاپ ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي يىغىلىشتا نەۋائىينىڭ مىللەت تەۋەلىكى ھەققىدە گەپ بولۇندى. شۇندا مەن «نەۋائىي شۇنداق ئۇلۇغ بىر دەرياكى، ئۇ ئۇيغۇر، ئۆزبېك خەلقىگە يېتىپ ئاشقاندىن باشقا يەنە دۇنيا خەلقىغىمۇ يېتىدۇ، نەۋائىيغا ئەنە شۇنداق قارايلى، نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىنى توغرا ئوقۇشنى بىلمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى تالىشىشنىڭ ھاجىتى يوق» دېدىم. شۇنىڭ بىلەن باشقىلار جىم بولۇپ قېلىشتى.

تۈرك شائىرلىرىدىن تەۋپىق پىكرەتنىڭ شېئىرلىرىنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇنىڭ شېئىرىي پىكىرلىرى ئاجايىپ.






شۇنداق قىلىپ، كۈنلەر كۈنلەرنى قوغلىشىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. ھايات ئۆزىنىڭ سېھىرلىك كۆلەڭگىسىنى زېمىنغا چۈشۈرۈپ كېزىپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا بارا - بارا قېلىنلاپ بېرىۋاتقان قامۇسقا سەندىكى، مەندىكى، ئۇنىڭدىكى. . . رەزىللىك، گۈزەللىك، مېھىر - ۋاپا، ساداقەتلەر خاتىرىلىنىپ بارماقتا. شۇبھىسىزكى بۇنىڭغا ھەممىمىزنىڭ شەرىپى ۋە نومۇسسىزلىقى سىڭگەن! ھاياتنىڭ سېھىرلىك كۆلەڭگىسى ئەگىشىپ يۈرمەكتە. . . گويا ئۇ ھەممىمىزگە ھېلىلا خوش دەيدىغاندەك. . .

(1)

شۇنداق قىلىپ، كۈن ئاۋۋالقىدەكلا شەرقتىن چىقىپ غەربكە پېتىۋاتىدۇ. بۇ ئاددىيلا بىر ھەقىقەت! ئەمما ھامان بىر كۈنى كۈن غەربتىن چىقىپ شەرققە پاتىدۇ، دېگەن قاراشقا كۆپلىرىمىز ئىشەنمەيمىز. شۇنداق، چۈشلىرىمىز يارقىن رەۋىشتە داۋام قىلماقتا. كۈن چىقتى! ئېيتىڭا، ئۇيقۇچان كۆزلىرىڭىزنى ئۇۋۇلىۋېتىپ، موھتاجلىق پۈتۈلگەن پېشانىلەرگە مېھرىڭىز بىلەن قايتا - قايتا سۆيۈپ قويالامسىز؟! شۇنداق قىلالىسىڭىز، ناۋادا راستىنلا شۇنداق قىلالىسىڭىز، ئاشۇ پېشانىلەرنىڭ سىز سۆيگەن شۇ پېشانىلەرنىڭ ئۆزىڭىزنىڭ پېشانىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتەلەمسىز؟!. . . مانا بۇ ھەقىقىي ئازاب! ئۆز نۆۋىتىدە ئازابنى تونۇشنىڭ ئۆزىمۇ بەخت، ئەلۋەتتە. چۈنكى ھەقىقىي ئازاب روھىيىتىمىزنى پاكلاپ يۈكسەك پەرۋازغا ئېلىپ چىقالايدۇ. بەخت ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ. ھايات گوياكى تراگېدىيە! بىز ھايات سەھنىسىدىكى چالا ساۋات ئارتىس. گەرچە كۈلۈپلا يۈرسەكمۇ روھىمىزنىڭ پىنھان بۇلۇڭلىرىدا توپا باسقان ئازابلار شۈمشىيىپ ياتقان بولىدۇ. ھامان بىر كۈنى روھىمىزنىڭ قىيا ئېچىلغان دېرىزىلىرىدىن ئىزغىرىن كىرمەيدۇ، دەپ ئېيتالايمىزمۇ؟. .

(2)

بۇ گويا چەمبىرەك. . . بۇ چەمبىرەكنىڭ ئايىغى چىقماس سىزىقلىرى كىشىنى نەقەدەر چوڭقۇر ئويغا چۆمدۈرىدۇ - ھە! خوش، ئۆز يولىمىزغا قاراپ باقايلىچۇ. بۇ يوللار ئاشۇ چەمبىرەك سىزىقلىرىغا ئاجايىپ ئوخشاپ قالىدۇ. . .

كۆز ئالدىمىزدىن توختىماي ئۆتۈپ تۇرغان ماشىنىلار كۆككە بوي تارتقان ئېگىز بىنالار. . . كىشىگە رەڭدارلىق تۇيغۇسى بەخش ئېتىپ، ئىنتىزارلىق تۇيغۇسىغا چۆمدۈرىدۇ. مايسىراپ كەتكەن ھارۋا چاقلىرى، قويلارنىڭ مەرىشى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭرىشى، تىكەنلەر بىلەن قاشالانغان قورۇلار، سۇۋاقلىرى چۈشۈپ كەتكەن قىيسىق تاملار، مەڭگەن ئىسلىرى قاپلىغان مەھەللىلەر. . . توپىغا مىلىنىپ ئويناۋاتقان باللار. . . مۇ ھەم بىزگە رەڭدارلىق تۇيغۇسى

بەخش ئېتىپ ئىنتىزارلىق تۇيغۇسىغا چۆمدۈرىدۇ. ئالدىنقىسى تەرەققىيات گۈزەللىكى، كېيىنكىسى سەھرا گۈزەللىكى (ئىپتىدائىي گۈزەللىك) بەخش ئېتىدۇ. شەھەر گۈزەللىكى گويا نازىنىنىڭ سۆيۈملۈك خۇلقىدەك، سېھىرلىك جىلمىيىشلىرىدەك بىلىنىدۇ، سەھرا گۈزەللىكى گويا ئەمدىلا تەمتىلەپ ماڭغان سەبىينىڭ ۋىلىق-ۋىلىق كۈلكىسىدەك تاتلىق بىلىنىدۇ...

شۇنداق قىلىپ، بارا- بارا تەبىئەتكە سېغىنىۋاتىمىز. بۇ خىل سېغىنىش كۆۋەجەپ - كۆۋەجەپ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلمەكتە. تەبىئەت بىزنى ئۆز قوينىغا چىللاۋاتىدۇ. شەھەر بىزنى سىقىپ چىقىرىۋاتىدۇ.

يۇرۇڭلار، تەبىئەتكە قايتايلى!... ھايات بىزنى چاقىرىۋاتىدۇ. يۇرۇڭلار، ھاياتقا قايتايلى!... تەڭرى بىزنى ئىشارە قىلىۋاتىدۇ، يۇرۇڭلار، تەڭرىگە قايتايلى!...

(3)

ھايات - ھېچنېمە، ھېچنېمە ئەمەس! ئەنە شۇ ھېچنېمە بىلەن ھېچنېمە ئەمەس ئارىلىقىدا چۈشلىرىمىز پەر قاقماقتا. شۇندا بىز شادلانماقتىمىز، ئازابلانماقتىمىز، سۆيۈنمەكتىمىز، بىزار بولماقتىمىز. بىر كۈنلىرى ئۇنىڭمۇ ساراڭ ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ قالىسىلەر... ھايات گويا قىل ئۈستىگە قۇرۇلۇپ قالغان. مەيلى مۇھەببەت، مەيلى نىكاھ ۋە مەيلى تۇرمۇشتىكى باشقا تەرەپلەردىكى قەدەملەردە بولسۇن گوياكى پىلسىرات كۆۋرۈكىدە ماڭغاندەك تەشۇش ئىچىدە ئىلگىرىلەيمىز. شۇڭلاشقىمۇ ھەممىمىز تەرسا! چۈشلىرىمىزدىمۇ ھاڭدىن غۇلاپ كېتىپ چۈشەيمىز. شۇبھىسىزكى، بۇ خىل ئىزتىراپ - تەشۇشلەرنىڭ ھەممىسى مۇھەببەتتىن، نىكاھتىن، تۇرمۇشتىن زىيادە مۇكەممەللىك ئىزلىگەنلىكىمىزدىن كېلىپ چىققان تىراگېدىيە.

(4)

ھايات شۇنداق. ئەتە نېمە بولىدۇ، كەلگۈسىمىزچۇ؟ كىملەر بىزگە بىر ئۆمۈر، ئىككى ئالەملىك دوست بوپقالىدۇ. كىملەر بىزگە ئەبەدىيلىك رەقىب بوپقالىدۇ؟ بىلمەيمىز. ئازابقا تولغان ئۆتمۈشىمىزدە قەلب گۈلخانلىرىمىزنى چەيلەپ ئۆتۈپ كەتكەنلەرنىڭ بىر كۈنلىرى چوغ سوراپ كېلىشىنى، بىز چىن دىلىمىزدىن سۆيگەن دىلرابا دىلكەشىمىزنىڭ ھامان بىر كۈنى قەبرە تېشىنى كۆتۈرگىنىچە قايغۇلۇق ئەسلىملەرنى قالدۇرۇپ كېتىپ قالىدىغانلىقىنى بىلەلمەيمىز... كىملەر بىلەندۇر ئۇچراشقان چېغىمىزدا ئۇنىڭغا ھومىيىپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىمىز - دە، ئۇنىڭ خىزىر ئىكەنلىكىنى كېچىكىپ، تولىمۇ كېچىكىپ ھېس قىلىمىز. يەنە كىملەر بىلەندۇر ئۇچراشقان چېغىمىزدا ئۇنى پەرىشتىمىكىن دەپ ئويلاپ قالىمىز... ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس، ئۇنىڭ ئەزرائىل ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغىچە كۆزلىرىمىز يۇمۇلىدۇ. شۇنداق، بىز كېچىككىمىز، ھەممىمىز كېچىككىمىز... نېمە ئۈچۈن؟ ھايات شۇنچە سىرلىق، سەبىي چېغىرلار، يېشىل باغلار، سارغايغان ئورمانلار... ھەممە - ھەممىسى تۈگىمەس سوئال مۇئەممالارغا تولغان. سوئاللار بىزنى قىينايدۇ، مۇئەممالار بىزنى تىت - تىت قىلىدۇ. بالىلىقىمىزنى ئەسلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ھەربىر قەدەملىرىمىزگە ئون مىڭلاپ سوئاللار يۈكلەنگەن. ئۇھ تارتىپ يۈرگەن تىلەك - ئارزۇلىرىمىزنى يۇدۇپ، تۈگىمەس ئارمانلار ئوتىدا كۆيۈپ ياشايمىز...

(5)

بىز ھەممىمىز تىلەمچى! پەرقىمىز پەقەت بەزىمىز باشقىلاردىن تىلەيمىز، يەنە بەزىمىز ئۆز-ئۆزىمىزدىن...

بىز ئۇلارنى تىلەمچىلەر دەپ ئاتايمىز. شۇنداق، ئۇلار بىزدىن پۇل تىلەيدۇ. بىزچۇ؟ بۇ تولىمۇ ئاددىي! بىز ئۇلارغا پۇل بېرىش ئارقىلىق تەڭرىدىن ئىمان، ئېھسان تىلەيمىز. ئاي، ھاي!... دېمەك، بىز ھەممىمىز تىلەمچىلەرمىز. ھايات - موھتاجلىقنىڭ سۈرىتى. بىز بىر ئۆمۈر موھتاجلىق ئىچىدە ئۆتۈپ كېتىمىز. تەنھالىقتا سىرداشلارغا، بەختسىزلىك ئىچىدە بەختكە، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆلۈمگە، ئۈمىد ئىچىدە ياشاشقا موھتاج بولىمىز... شۇبھىسىزكى، بۇ خىل موھتاجلىق ئەبەدىيلىك بۇرۇنقى زاماندىن ئەبەدىيلىك كەلگۈسىگىچە سوزۇلغان. بەلكىم بۇ خىل موھتاجلىقمۇ ھاياتنى يېڭىدىن- يېڭى گۈزەل رەڭلەردە رومانتىكىلىقىغا ئىگە قىلغان بولسا

كېرەك. ناۋادا، ھېچكىم ھېچكىمگە موھتاج بولمىسا مۇھەببەتمۇ بولمايدۇ. ئۇنداقتا، مۇھەببەتمۇ بىر خىل موھتاجلىقنىڭ مېۋىسى.

(6)

تۇغۇلۇپ ئۆلگىچە بولغان قىسقىغىنە مۇساپىدە ھەممىمىز گۈزەللىك ئىزدەپ، گۈزەللىك ئۈچۈن كۆرەش قىلىمىز، خوش گۈزەللىك دېگەن نېمە؟ گۈزەللىك - بىزگە ھۇزۇر بەخش ئېتەلەيدىغان، سۆيۈندۈرەلەيدىغان بىر خىل ئۇقۇم. بىر خىل گۈزەللىكنىڭ ئوخشىمىغان ئادەملەرگە بەرگەن تەسىرى ئوخشاش بولمايدۇ. مەن گۈزەللىك دەپ قارىغان نەرسىنى باشقىلارنىڭمۇ گۈزەللىك دەپ قارىشى ناتايىن، باشقىلارنىڭ گۈزەللىك دەپ قارىغان نەرسىلىرىنى مېنىڭ گۈزەللىك دەپ قارىشىممۇ ئوخشاشلا ناتايىن! دېمەك، ئىلاھتىن باشقا گۈزەللىكنىڭ ھەممىسىلا نىسبى بولىدۇ.

(7)

ئالەم زىددىيەت بىلەن تولغان. بۇ خىل زىددىيەت پۈتكۈل دۇنيادىكى مەخلۇقاتلارنى ۋە ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى بىر- بىرىگە چەمبەرچاس باغلاپ قويغان. بۇ خىل زىددىيەت ئىچىدىكى چەمبەرچاسلىق روھىيىتىمىزدىكى چاڭ - توزانلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، بىزنى يېڭىدىن - يېڭى بىر دۇنياغا باشلاپ كىرىدۇ. كۆرىمىزكى، بۇ يېڭى دۇنيامۇ پۈتمەس - تۈگىمەس زىددىيەتلەرگە تولغان بولىدۇ. زىددىيەت - ئالەمنىڭ بىرلىك نۇقتىسى.

(8)

ئەخلاق - چۈمپەردە. ئۇ بىزنىڭ رەزىللىكىمىزنى يوشۇرۇپ تۇرىدۇ. رەزىللىك تۇغما بولىدۇ. ئەخلاق ئاڭغا يانداش رەۋىشتە شەكىللىنىپ بارىدۇ ۋە بارا - بارا رەزىللىكىمىزنى چۆمكەپ ئادەتتىكى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. يېگانىلىقتا ئەخلاقنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. ئەخلاق پەقەت ئادەملەر ئارىسىدىكى پائالىيەتلەردىلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. بولۇپمۇ بىر - بىرىنى چۈشەنمەيدىغان ئادەملەر ئارىسىدا تېخىمۇ شۇنداق! . . .

(9)

كىم كىملەرنى خوش ئېتىپ ئۇزىتىپ قويىدۇ. كىم كىملەرنى يېگانە تاشلاپ كېتىپ قالىدۇ؟! . . . ئۆلۈم ئەبەدىيلىك بەخت ھەم ئەبەدىيلىك ئازاب! ئۆلۈمنىڭ ھاياتلىقتىكى قىممىتى تولىمۇ يۈكسەكلىكتە ئىپادىلىنىدۇ. ئۆلۈم ھەم غالىب ھەم مەغلۇپ تۇيغۇ. دېمەك، ئۆلۈم قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلۇقى ئۆلۈمنىڭ نېمىلىكىنى ئۇنتۇپ قىلىش.

ئادەملەر ئارىسىدىكى ھەقىقىي مۇھەببەت ئۆلۈمنى ئىنكار قىلىدۇ. شۇڭا ئۆلۈم ھەرۋاقىت مۇھەببەتتىن ئۆچ ئېلىشنىلا ئويلايدۇ. . .

(10)

ھايات ئۆز كۆلەڭگىسىنى زېمىنغا چۈشۈرۈپ كېزىپ يۈرىدۇ. بىز يەنىلا ئاشۇ كۆلەڭگە ئاتا قىلغان ئۈمىدلەر ئىچىدە مىدىرلاپ يۈرۈپتىمىز. ئۈمىد بىزنىڭ جېنىمىز. ئۈمىد يوقالغان كۈنى چەكسىز چىغىر يوللاردا گۇنسىز كۆزلىرىمىز بىلەن ھەممىگە بىپەرۋا تىكىلىپ قالىمىز. بىز ھاياتقا قانچە پەرۋاسىز قارىساق، ھاياتمۇ بىزگە شۇنچە بىپەرۋا قارايدۇ. دېمەك، سەن ئالغا قاراپ ماڭساڭ ھايات ئۆز شاماللىرى بىلەن سېنى ئالغا يېتەكلەيدۇ، سەن ئۆتكەن - كەچكەنگە قاراپ تۇرساڭ ھايات ئۆز ئەپسۇنلىرى بىلەن سېنى جايىڭغىلا مىخلاپ قويىدۇ. شۇندا سەن ئۆز قەبرە تېشىڭنى قۇچاقلاپ ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ لەنەت - نەپرەتلىرىگە كۆمۈلۈپ قالىسەن. بۈگۈن شۇنداق، ئەتە تېخىمۇ شۇنداق!

* *

شۇنداق قىلىپ، كۈنلەر كۈنلەرنى قوغلىشىپ ئۆتۈپ كېتىپ بارىدۇ. ھايات ئۆزىنىڭ سېھىرلىك كۆلەڭگىسىنى زېمىنغا چۈشۈرۈپ كېزىپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا بارا - بارا قېلىنلاپ بېرىۋاتقان كاتتا قامۇسقا سەندىكى، مەندىكى، ئۇنىڭدىكى رەزىللىك، گۈزەللىك، مېھىر - ۋاپا ساداقەتلەر خەتلىنىپ بارماقتا. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭغا ھەممىمىزنىڭ شەرىپى ۋە نومۇسسىزلىقى سىڭگەن. . . ھاياتنىڭ سېھىرلىك كۆلەڭگىسى ئەگىپ يۈرمەكتە. گويا ئۇ ھەممىمىزگە ھېلىلا خوش دەيدىغاندەك. . .



# كۆيۈپ يۈرەر غېرىب بىر يۈرەك

ۋاھىتجان ئوسمان

1

پېشانەڭ شۇ كۈنۈڭ ئۆتىدۇ،
بىساتىڭدا بىر - ئىككى بولماي.
دىشۋارچىلىق ئەمەكلىرىڭدۇر،
ئىزلەپ تۇرار سېنى ئۇنتۇماي.
بىرنى كۈلسەڭ، بىرنى يىغلايسەن،
پەسلىڭدە بار قار بىلەن يامغۇر.
تارىلىرى ۋىسال تېپىشسا،
ئايلانمامدۇ كۈسەيگە تەمبۇر.
ئىزلەپ كېلىپ بىرنى سۆيگەن يار،
ئىزلەتكۈزەر ئىككىنچىسىگە.
ھەر يىلىمنىڭ مۇشۇ ئېيىدا،
ئۇچرىشىمەن شۇنداق كىشىگە.
كۆكلەپ تۇرغىن ئۈمىد چېچىكى،
مەيلى ئېچىل بىر - ئىككى بولماي.
ئىرادەمگە بەر سىلىق نەپەس،
جۇدۇندىمۇ مۇگدىمەي - سولماي.

2

غەرىبزىمگە ئۇرۇلار نەشتەر،
يىقىنلاشسا كۆزۈمگە زاۋال.
كۆزدە كۈلۈپ، ئىچىمدە يىغلاپ،
يۈرىكىمگە قىلىمەن ئۇۋال.
ئاچچىق قولاق ئۇراپ چېكىمەن،
بۇرادەر يوق جاۋالاشقۇدەك.
شۈكرىم تېخى ئۇياقتا تۇرۇپ،
بۇ كۈنلەرمۇ ۋىدالاشقۇدەك.
مىزانلىرىم داش قايناقلاردا،
قىسماق بولۇپ كەتمەكتە كۆيۈپ.
تىرىكلىكتە چۈشىنىڭلارچۇ
مەن نېمىنى كەلگەنتىم سۆيۈپ.
غاپىللىقتا يېقىنشار تىلىم،
بىر كەلىمە كالامدىن كېيىن.
جۈنۈن، لېكىن تۇشقان يۈرەكمەن،
ئۇۋا بېقىپ ئۇخلايدۇ سىرىم.

3

تەرك قىلىپ تەركىدۇنيانى
چۆلنى تاشلاپ بەردىم ئاھۇغا.
ساپايىنى ئاستىم تۇغراقتا
كەلسە كىملەر چالسۇن ياھۇغا.
يامغۇر سۆيى قۇم نېسىۋىسى
قان يۈگۈرتسۇن يۇلغۇن ھۆسنىگە.
جۇغلانغانكەن مېنىڭ نېسىۋەم
ئاتەش يېنىق دوستلار كۆكسىگە.
ماڭا بەكلا ئامراق ئىكەندۇق،
مەھەللەمنىڭ كونا قوشلىرى.
ئادەملىككە باشلاپ كىرگەنكەن،
يارانلارنىڭ ئالتۇن چۈشلىرى.
يىقىن تۇرساق رەمەتلىكلەرگە،
روھى يۆلەپ تۇرار پات - پاتلا.
تىلىكىگە يېتەركەن ئادەم،
سىر ئېيتمىسا ئەگەر ياتلارغا.
ئۇرۇن راسلاپ بىرىڭلار ماڭا،
بىر ئېغىناپ ئۇخلاي سۇپىدا.

ۋۇجۇدۇمنى بىر يۆيۆندۇراي،
ئارمانلىرىم ياتقان توپىدا.

4

بىز ئايرىغان ئىككى قۇتۇپنىڭ،
بىرى كاككۇك، بىرسىدۇر زەينەپ.
ھىجران تولغان قەدەھتە تۇرار،
بىر - بىرىگە مۇھەببەت تەڭلەپ.
سىزىق بىلەن ئايرىلغان دۇنيا،
پارچىلانغان ئادەمدەك ياتار.
شۇھرەتپەرەس ئەسەبىي بىرسى
يۇرىكىنى بىرسىگە ساتار.
چەكسىزلىكنىڭ چېكىگە بېرىپ،
ئۆچۈرتكۈزسەك كونا سىزىقنى.
ھەممەيلەننىڭ باغرىغا سالساق،
بىر تەگۈردىن ئېلىپ قىزىقنى.
قايتا كەلسە نوھنىڭ كېمىسى،
سۇلايماننىڭ قۇشىنى بېسىپ.
قۇش تىلىدا سۆزلىسەك ئەمدى،
كونا گەپلەر كەتسىمۇ سىسىپ.



5

ئاپتاپ يېگەن توغراق قوۋزىقى،
يوپۇرماقتىن ھەسسە كۆرۈمسىز.
سەن زارىقىپ سېغىنغان سەھەر،
قۇچاق ئاچماس ئەسلا گۈگۈمسىز.
قىسلىقىدىن ئەڭگۈشتەر قىممەت
كۆپلۈكىدىن تاشنىڭ نەرقى پەس.
ئەسلەپ باقساڭ كونا چۈشلەرنى،
يىغلاپ يۈرەر ھىجراندا ھەۋەس.
سادا ئىزلەپ يىرىلدىڭ تاغدىن،
چىرىدىمۇ ئاتنىڭ باش بېغى؟
قاشتېشىنى قىلدىمۇ قارا
سايە تاشلاپ باغرىڭنىڭ دېغى.
مەن، سەن كىمدىن تىلىدۇق تىلەك
ئىزىپ قالدۇق قايسى چۆللەردە.
مەھەللىمىزدە ئەسلى تىلسىمات،
ئاچقۇچى بار جىمى ئۆيلەردە.

6

بولۇت سايە تاشلىدى سايغا،
بىلەي تاشقا سۇ سەپتى سەلكىن.
خامانلىقتا خام كەلگەن ئەنجى
چۈشلىرىدە نېمە كۆردىكىن؟
تومۇچۇقتا ئۆگەتكەن قوشاق،
لەيلەپ تۇرار تېرەك بېشىدا.
كۆيۈپ يۈرەر غېرىب بىر يۈرەك،
ئوتنى پۈۋلەپ ئوتنىڭ تېشىدا.
ئەينەك مۇزنى چۈشگەن جانان،
قاشتېشىنى باسار كۆكسىگە.
تاغدا بوركۇت تىنەپ يۈرەرمىش،
قانات ئىزلەپ قانات ئۈستىگە.
چىداشقىلا يارالغان مەنمۇ،
قانائەتنىڭ قولۇپىنى چاقماي.
تاشلىساڭلار دەرياغا ئەگەر
يۈرىمەنغۇ لەيلىمەي، ئاقماي.

7

سېنى ئىزلەپ كەلگەندە قۇياش،
بەلكى يوقتۇر پەنجىرە تامدا.
سەن ئۇنى ھەم ئىزلەپ چىققاندا،
تۇن نۇشىنى ئىچكەندۇر جامدا.
سېنى ئىزلەپ كەلگەندە قۇشلار،
باھار ئۆچكەن چاغدۇر ھويلاڭدىن.
سەن قۇشلارنى سېغىنغان چاغدا،
ئۇۋا تۇتۇپ بولغاندۇر ھاڭدىن.
سېنى ئىزلەپ كەلگەندە شامال،
سەن ئۇ قاشتا بەلكى ئورماننىڭ.
سەن شامالغا زارىققان چاغدا،
تۇۋى قۇرۇپ بولغان ئارماننىڭ.
سېنى ئىزلەپ كەلگەندە دەريا،

چۈشەپ ياتقان چېغىڭدۇر چۆلنى.
سەن دەريانى باشلىغان چاغدا،
قۇم لايقىلار تىندۇرار كۆلنى.
سېنى ئىزلەپ كەلگەندە قىسمەت
كەتمىگەنسەن باشقا بىر جايغا.
بالىلىرىڭنى ئاققا بۆيرۇتۇپ،
ئۇخلىغانسەن بىر قاراپ ئايغا.

8

مېنى ھەسرەت چەكمە دەيدۇ،
ھەسرەت چېكىپ كۆرمىگەنلەر.
ياشنى يەرگە سەپمە دەيدۇ،
ئىشق چۆلنى كەزمىگەنلەر.
بىلمەي تۇرۇپ جۇنۇن دەيدۇ،
چېچىم بەلدە، بولسام دەرۋىش.
قولىدىكى ئوتۇن دەيدۇ،
سۆيگۈگە گۈل قىلسام پەرۋىش.
مەيلى چەكمەي قانچە ھەسرەت،
ئىزلىمەڭلار مەندىن قۇسۇر.
ياندۇشمىسا ئەگەر غەپلەت،
ھىجرانىمدىن چاقنار ھۇزۇر.
مېنى مەيگە زورلىماڭلار
مەن ئەزەلدىن مەيگە غەرق.
مۇھەببەتنى خارلىماڭلار،
كۈن بىلەن تۈن قىلسۇن پەرق.
دەريا ئاققان، دېڭىز تاشقان
ئىشقىمنىڭ بىر قەترىسىدىن.
يېشىم سىڭگەچ ئوت چاقنىغان
خوتەننىڭ چوغ ئەتلىسىدىن.

# ھاياجىنى چىڭدالغان تۇپراق

ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم

## توققۇزىنچى قەۋەت

توققۇزىنچى قەۋەتتە تۇرۇپ
ۋارقىرىدىم:
مارت ئېيى ئەمدى كەلمەيدۇ!...


بىز
دۇنيانىڭ دەردىنى تاشلاپ
ئېلاھ قەسرىگە كىردۇق
ئۈمىدسىز كۆڭلەردىن باشلاپ
بىرگە بولدۇق.

چۆچۈپ تۇرار كۆزلىرىمىز
بىر نىيەتنى يوشۇرماقتىمىز
يىراقتا ئىككى كۆل چايقىلىپ تۇرار
ئىككى ئېقىن كىشنىمەكتە
قوشۇلۇپ ئاقماقتىمىز...

بىر - بىرىمىزگە ئايان ئىدۇق
بىرنەرسە كەمدەك ئەمما
ئىزدىدۇق، تاپالمىدۇق...
كۆزلىرىڭ يۇمۇلۇپ كەتتى
زېھنىڭ خىرە، ئۇچۇق...

رېئاللىقتەك ئارىمىزغا
قىستالماقتا پەلەمپەيلەر
ئېگىمىزنى يوشۇرماقچى
كېچىنىڭ تىۋىشلىرى...

توققۇزىنچى قەۋەت
ئېلاھ قەسرى
تاپالمىدۇق بىرنەرسىنى
كۆكتە يۇلتۇز خىرەلەشتى
پەلەمپەيگە ئېقىپ كەتتۇق...



## خوش


ياق، دوستۇم مەن كەتتىم ئەمدى كەلمەيمەن،
بىردەملىك ھېكايە بولسۇن ئۇ كۈنلەر.
تاماكا ئىسىنى پۈركەپ ئاسمانغا
يۇلتۇزلار بەھرىنى ياپتى تۈتۈنلەر...

تىللىدىم... كەتمەكتە ئاپتوبۇس ئۈزاپ،
قەغەزدەك يەڭگىلمەن پاكىز پۈتۈنلەي
كەپتەردەك ئۇچمەن يۇرتۇمغا ئەمدى،
بەك بەلەن ئايرىلدۇق خۇش بىز پۈتۈنلەي...

ياق، دوستۇم مەن كەتتىم كەلمەيمەن ئەمدى،
سىلەردىن ئايلانسۇن ئالتۇن قەدەھلەر
جەنۇبقا ئۇچقان قۇش، خەير - خوش دەڭلار
كەلمەيدۇ جەم بولغان كۆڭۈللۈك كۈنلەر...

## ئەتىگەنكى تاتلىق ئۇيقۇ

سۇبھى پەيتى
جان - ھاۋا
تاتلىق ھەۋەس قۇچىقىدا
ئاشكارا
مەخپىي
كىرەر قوينۇمغا...
سوغۇق مەندىن لەززەتلەنمەكتە
ئېڭەكلىرىمدە، لەۋلىرىمدە
ئۆپۈك ئېلىپ
كۈلمەكتە



مەن مەن ئەمەس باشقا نەرسىدەك،
پۇتلىرىمدا، بارماقلىرىمدا
ئۇماق، بىغۇبار شۇنچە
تەملىك، شىلىمشىلىق ئىستەك.
شاھانە كۈن
زېرىكىشلىك، ئازابلىق بىر كۈن
ئەتىگەنكى تاتلىق ئۇيقۇدا
نەزەر سالدىم بويتاقلىقىمغا...

## كۆيۈك شەرھى

يەرنىڭ سۇزۇك قاناتلىرى
ئاسفالىتلاردا قېقىلماقتا.
داللارنى قىستاپ چىقىرىپ،
شاۋقۇن يېيىلىپ ئاقماقتا.

ھاياجىنى چېكىدالغان تۇپراق!
قەدىم كۈينى ئېيتار پەرىشان
ئۇنىڭ پەس ھەم سۇزۇك ئاۋازى
جان تالىشار
جان تالىشار...

يەرلەرنى تاشلاپ كەتتۇق
ئېكىن يەرلەردىن ئەسەر يوق
يەرنىڭ تېنى ئاجىز، قىسىلغاق،
تاملار تىترەڭگۇ سوغۇق...

كىشىلەرنىڭ چىرايى تامدەك
ھېسسىياتسىز، غەمكىن.
تەكرىدىن كېلىپ، قايتىمىز ئاڭا
تۇپىمىز تۇپراق بولالماستىن...

## ئارىيە

سەن مېنىڭ ھەسرەتلىك مېھمىنىم بولدۇڭ،
پۈۋلىدىم ئۆمرۈمنى يىگىرمە ئۈچ يىل.
چوغ بولۇپ ياناماقتا يۈرىكىم ئەمدى،
چوغ تۇتقان قوللىرىم كۆيمەكتە دادىل.

تەقدىرگە يۈزلىنىپ بولدۇم تەلتۆكۈس.
قەلبىمدە ھېچ ئارمان، مەقسەت قالمىدى.
توزۇدۇڭ ھاياتىم بىر دۆۋە كۈلدەك،
ئامانەت ئىگىسى توزۇتتى ئۇنى.

نىگارىم سەن ئۇچۇن كېچىمەن ئەمدى،
بىراۋنىڭ سۆيۈشى، ھېسداشلىقىدىن.
تۈتۈنلەر يادىڭدىن كەچسە ئەسلىگىن،
كۆر مېنى ئۆزگەن نەۋ چېچەكلىرىڭدىن.

نىگارىم كۆزۈڭدىن قەترا ياش تۆكمە،
بۇ ھايات ئەرزىمەس كۆز ياشلىرىڭغا.

تەشۋىش يا ئارمىنىڭ قالمىسۇن ئەمدى،
ئۆمىنىپ قارىما باسقان يولۇڭغا.

پۇتلىرىم قوزغالماس دەرگاھىڭ سۆگرە،
تېنىمدا ھېچ بەرداش قالمىدى قايغۇم.
يىغلىساڭ تەڭرىم دەپ يىغلىغىن قەلبىم،
تۇغۇلساڭ ۋەتەن دەپ تۇغۇلغىن ئوغلۇم.

# ئەينەك ئالدىدىكى قىز

(چىمەنگۈل ئاۋۇتقا)

قەشقەر ۋاقتى سائەت قانچىدە،
ئۇچراشماقچى بولغان ئىككىمىز؟ . . .
بىزنى ۋاقىت ئۇنتۇلدۇرۇپتۇ،
بىزنى سائەت كۆمۈپ قويۇپتۇ.

بۇندىن سەككىز يىللار مۇقەددەم،
مېنى بىرسى ئالغان ئىلكىگە.
سىم - سىم يامغۇر يىغىۋاتاتتى،
ياق ئىككىمىز قەشقەر شەھرىدە.


دەل - دەرەخلەر يەلپۈنۈپ لەرزان،
ئىشتىياقنى ئەيلىشىپ بايان.
مەغلۇپ بولغان كىشىلەر ئارا،
تۇن ئۇچاتتى غەمكىن، پەرىشان.

ئۆز - ئۆزىنى يوقۇتۇش يەنە،
تەنتەكلىك ھەم ئەسەبىيلىكلەر.
ئالقىنىمدا قۇلۇلە قىپى،
مېنىڭ تەڭرىم، ئەي غالجىر پەدەر. . .

بۇنچە ئاجىز قارىمىغانتىم،
شاخ - شېخىدىن سۇندى دەرەخلەر.

يوللار قىچىپ چىقتى كوچىدىن،
چىڭقى چۈشتە قاچتى كىشىلەر.

تاشنەك ئېغىر، قاتتىق سۆز - ئايال!
دېرىزەمنى ئاچمەن تەستە.
تۇن ئۆيۈمدىن چىقىشى بىلەن،
سۇنۇپ كەتتى پارچە ئەينەكلەر.



ئۆز - ئۆزىنى يوقاتماقتا تام،
ئەگىمەكتە تامدەك ئادەملەر.
سەن تاملارنىڭ شېرىن ئاۋازى.
پىچىرلايمەن غەمكىن شۇقەدەر.

سۇرىتىڭنى خازان پەسلىدە،
كۆرگەندىمەن بىررەت، ئىككى رەت.
سوغۇق تاملار رىياللىقىمدۇر،
بىر مىللەتنىڭ مەخپىيىتىدەك.
ياكى يىراق تەكلىماكاندا،
زۇۋانسىز تۇن كىتىۋاتقاندەك.

مەن ئەينەكلەر لەھزىدە ئۆزدۈم،
بويۇن سۇنۇپ قىلىشتى گۈللەر.
كوچىلارنىڭ نۇرلۇق قانىتى،
ھاياجىنى چىڭدالغان يەرلەر.

سۇرەتلىرىڭ يىرتىلار ۋەھشى،
قىساس گۈلى بارماقلىرىمدا.
سەن ئەينەكنىڭ ئالدىدا گويا،
يىراقلىسام ئەينەكتىن ساڭا.

# ھىجراندىكى غېرىبلىق

ئابدۇغېنى ساۋۇت

## بىر پارچە خەت - بىر پارچە يۈرەك

شېئىر ئەمەس كۆزۈڭدىكىسى،
بىر پارچە خەت - بىر پارچە يۈرەك.

ئوقۇمايلا يىرتىۋەت ئۇنى،
تىترىمىسۇن قوللىرىڭ پەقەت.
سالالمىسۇن ساڭا ئىزتىراپ،
سېزىمىنى يوقاتسۇن تېزرەك.

كەلگۈسىمىز بەلكىم ناتونۇش،
سەكراتتىمۇ دېيەلمەيمىز خوش.
سالام يازدىم سېغىنىپ قەۋەت،
سالىمىمدا ھەمراھ بولاي دەپ؛
بولالمىدىم سەنسىز بىر كۈن خۇش،
تۇمۇچۇقۇم سېنىڭ ئورنۇڭ بوش.

يازمىساڭمۇ جاۋاب كەپ تۇردى،
خىيالىڭنى تەگرى دەپ تۇردى.
ئۈمىدۋار بول، ھەسرىتىڭنى قوي،
ئىمانىڭنى گۇمان يەپ تۇردى.

ئۆزىمىزنى چۈشىنىش ئۈچۈن،
ھەي، گۇمانلىق مۇھەببەت كېرەك.
بىز - ھەممىمىز ئۇيغۇر بولساقمۇ،
ۋادەرىخا، تەرجىمان كېرەك.

ئەستىلىكلەر ئەسلەيدۇ بىزنى،
بۇ رېئاللىق يەنە قىز پېتى.
ئاشىق - مەشۇق كۆپ ئىكەن مۇنداق،
ئەمما مەۋھۇم ۋىسال نۆۋىتى.

بىر پارچە خەت - بىر پارچە يۈرەك،
تاپالايسەن ئىزلىسەڭ كىمنى.
ئۈمىدۋار بول، ھەسرىتىڭنى قوي،
جەننىتىڭدە كۈتمەن سېنى.

## ئاشىقلىقنىڭ قىچىش


بەزىدە
قىلالمايدۇ سېنى ھېچنېمە،
قىلالايدۇ پەقەت يارىماس.

بەزىدە
ئۇنتۇلدۇرار بارچە نەرسىنى،
تويۇلىدۇ ئازابمۇ بەخت.
گۇناھلارمۇ قالتىس سۆيۈملۈك،
ئۆزگە بىلەن پەرۋايىڭ پەلەك.
بۇ دۇنيادا بىر ئۆزۈڭ باردەك،
شەخسىيەتچى شۇنداق مۇھەببەت.

بىراق
بولغىمىز يوق بىزنىڭ ھېچنېمە،
كېچەلمەيمىز ھېچنېمىمىزدىن.
ئەنسىرەيمىز پەقەت ئۆزئارا،
تەلۋىلەرچە سۆيۈپ قېلىشتىن.
لازىم ئەمەس ۋىسال دېگەنمۇ،
ئارتۇق ئازاب، بەخت دېگەنمۇ.
شۇڭا،
ئىنتىلىسمۇ يۈرەكلىرىمىز،
بىز يەنىلا قېچىپ يۈرىمىز.

## شەرق رىۋايىتى

كوزا سۇنىقى،
ئادەم سۆڭىكى،
قەبرىستان، قۇملار دۆۋىسى،
بىر قەدىمىي خارابە شەھەر...



پادىچى ئىزى،
چۈشلىرىمگە يېزىلغان شېئىر.
تۇزچى ناخشىسى...
كۈن شەرقتىن چىقار شەرققە.
مەن ئۇيغانسام ئەللەي ناخشىسى
ئۇخلاپ قاپتۇ دۆڭنىڭ كەينىدە.
ناشتىلىقىم يېگانە سەھەر...
شەرق - تالاي رىۋايەت،
راست ئېيتىمدۇ راۋىلار...
دەرەخ
بۆرە،
ئوت،
......
......



# ئۆينى يەۋەتكەن ئادەم

(ھېكايە)

ئۆمەر ئابدۇللا

چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، ئۇ قولىدىكى چوكىنى تاشلىدى ۋە قولىنى چېنىگە تىقىپلا ناننى ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى. باشقىلار ئۇنىڭغا غەلىتە نەزەردە قارىشىپ قالدى.

- مەن ئۆينى يەۋەتمەكچى، - دېدى ئۇ ھۆركىرەپ.

- نېمە؟ - دېدى ئاتىسى چۆچۈپ.

- ئۆينى يەۋېتىمەن، - دېدى ئۇ سوغۇقلا.

- نېمىنى؟ - ئەندىكتى ئاپىسى.

- ئۆينى! - دېدى ئۇ چورتلا.

- ساراڭ بوپتۇ، - دېدى ئۇكىسى.

- ساراڭلارنىڭ نەدە ئۆيى بار؟ - دېدى ئۇ يەنە.

- جىن چاپلىشىپتۇ، - دېيىشتى سىڭىللىرى.

- جىنلارنىڭمۇ ئۆيى يوقمۇ، - دېدى ئۇ يەنە غودۇڭشىپ.

ئۆيدىكىلەر كۆلۈشۈپلا ئۇنىڭغا پەسەنت قىلىشمىدى. ئۇ سىرتقا چىقىپ ئۆيگە قارىدى. يەنە شۇ خىيال: «تۇرغانلا ئاق يەرگە تۆت تامنى سېلىپلا ئۈستىنى يېپىپ قويسا ئۆي بولۇپ قالىدىكەن. ئۇنىڭغا پەقەت بىرلا ئادەم ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. بىرەر ئادەم خالىغانچە كىرەلمەيدۇ، ئۆي سېلىنمىغان چاغدا ئۇ ئاق يەرگە سەن بولساڭمۇ باشقا ئادەملەر قىلچە ھېيىقمايلا تەرەت قىلىۋېرىدۇ. دېمەك، سېنىڭ بارلىقىڭ بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. ئۆي سېلىنىپلا قالسا ئۇنداق بولمايدۇ، بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، بۇ سېنىڭ بولغانلىقىڭدىن ئەمەس، بەلكى ئۆينىڭ بولغانلىقىدىن. ئۇنداقتا ئۆينىڭ قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ - دە، لېكىن ماڭا ئادەمنىڭ قىممىتىدىن ئېشىپ كەتكەن ئۆينىڭ كېرىكى يوق. شۇڭا ئۆينى يەۋېتىشىم كېرەك». ئۇ ئۆينىڭ ئىشىكلىرىگە، دېرىزىلىرىگە سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. لاي سىپاق ئىچىدىكى كېسەكلەرنىڭ شەكلىنى تەسەۋۋۇر قىلدى. ئۇ كېسەكلەرنى ئۆزى قويغان. ئىشىكنى ياغاچچىغا ئۈستىدە قاراپ تۇرۇپ ياساتقان. دېرىزىنى، ئەينەكلىرىنى بولسا تەر تۆكۈپ تاپقان پۇلىغا سېتىۋالغان، ئەمدى كېلىپ ئاشۇ نەرسىلەر بىلەن بەرپا بولغان، ئۆز قولى بىلەن پۈتكەن ئۆينىڭ قىممىتى ئۆزىنىڭ قىممىتىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا. . .

شۇڭا ئۆينى يوقىتىش كېرەك!

ئۆينى يەۋېتىش كېرەك!

- نېمە قىلىۋاتىسەن؟ - سورىدى يولۇچى .

- ئۆينى يەۋېتىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈۋاتىمەن، - دېدى ئۇ خىيالدىن باش كۆتۈرمەي.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان يولۇچى كۈلۈپ كەتتى.

يولۇچى بۇرۇتىنى چىرايلىقىنە ياسىۋالغانىدى. بىراق ئۇنىڭ بۇرنىدا بىر چىۋىن بىزەڭلىك بىلەن گىژىلداپ تۇراتتى.

- ئۆينى ئۆزۈڭ سالغانمۇ؟ - سورىدى يولۇچى بىر چاغدا.

- ئۆزۈم سالغان. . .

- ئۇنداقتا يەۋەتسەڭ بولغۇدەك.

يولۇچىنىڭ مەقسىتىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ بۇرنىدىن قويۇق ئىس چىقىرىپ تاماكا چېكىپ باش چايقىغىچە كېتىپ قالدى.

ئۇ ئۆيىنى يېيىشكە تەييارلىنىۋاتقاندا، ئاپىسى ئۇنى چاقىرغىلى تۇردى.

- ماڭ بالام، تامىقىڭنى يەۋال!

ئۇ ئۆيىنىڭ تاملىرىنى سىلاۋېتىپ:

- مەن هازىر تاماقنى ئۇنتۇدۇم، - دېدى روهسىز هالدا.

- تاماق يېمىسەڭ ئۆلىسەن، - دېدى ئاپىسى كۆڭلى بۇزۇلۇپ.

بەزىدە ئۆلگەنمۇ ياخشى، - دېدى ئۇ تامغا زەردە بىلەن مۇشتلاپ، - چۈشەندىڭمۇ، بىچارە ئاپا؟

ئاپىسى ئۇنىڭ ،كۆزىدىن چاچراپ تۇرغان نۇرنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپ كىرىپ كەتتى. ئازدىن كېيىن ئاتىسى ئىشىكتىن بېشىنى چىقاردى:

- ئوغلۇم، ئەمسە بىزنىڭ ئۆيلەر قالسۇن. . . ئەمدى شۇ. . .

ئاتىسى شۇنداق دەپلا ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋالدى.

ئۇ چۈمۈچتىكى دۇغ سۇدىن بىر يۇتۇم ئىچكەندىن كېيىن، تامدىن بىر پارچە لاي سۇۋاقنى ئېلىپ، غەيرەت بىلەن ئاغزىغا سالدى. خېلى ئۇزاق چاينىغاندىن كېيىن، تەستە يۇتتۇۋەتتى. ئۇ تامنىڭ تەمىنىڭ قانداقلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ ئولتۇرمىدى. پەقەت تامنى يېيەلىگىنىدىن خۇشال بولدى. ئۇ چۈمۈچتىكى سۇدىن يەنە بىر ئوتلىغاندىن كېيىن جوتۇ بىلەن كېسەكتىن بىرنى قومۇرۇپ چىقىرىپ، پېچىنە يېگەندەك يېيىشكە باشلىدى. ئارقىدىن يەنە بىر كېسەكنى ئاجرىتىپ ئالدى. ئۇ بارغانچە تېز ۋە ئەپلىك يەيدىغان بولۇپ كېتىۋاتاتتى. كېيىنچە ئۇ يېگەندە بىر خىل شېرىنلىكنى ۋە غەزەپنى ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇ ئۆيىنىڭ يان تېمىنى يەپ بولاي دېگەندە قوپال يۆگەلگەن تاماكىسىدىن موخوركا تۆكۈلۈپ تۇرغان بىرسى كېلىپ، ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ ئولتۇردى.

ئۇ كىشى ئۇنىڭ نىمە قىلىۋاتقانلىقىنى قىلچە كۆرمىگەندەك ئىدى.

- ھەي، - دېدى ئۇ ئادەم ئەپسۇسلىنىپ، - بۇ يىل سۇ ئاپتى كەلگەن ئوخشايدۇ.

- خېلى يۇمشاق توپىكەن، - دېدى ئۇ چىشلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغان توپىلارنى كولاپ چىقىرىۋېتىپ، - ياخشىكەن.

- چۈشتىن كېيىن، - دېدى ئۇ ئادەم، - شىمال پاسىلدىكى ئورماننى كېسىپ توغان ياسايدىكەنمىز.

بۇ چاغدا ئۇ ئارقا تامنى يېيىشكە باشلىغانىدى.

- سەن ئىشىڭنى قىلىۋەر، - دېدى ھېلىقى ئادەم بىر چەتكە قاڭقىپ چۈشكەن كېسەكنى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىپ، - مەن بېرىپ باقاي.

ئۇ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ، كېكىرىپ يۈرۈپ ئاخىرى تۆت تامنىڭ ھەممىسىنى يەۋەتتى. ئۇ ئارام ئالغاچ چىشىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغان لاي - توپا، سامان ۋە تاش پارچىلىرىنى كولاپ ئېلىپ مەززە قىلىپ قايتا چايناپ يۇتتۇۋەتكەندىن كېيىن، پۇچۇق چۈمۈچتىكى سۇنى غورتۇلدىتىپ ئىچىپ، ئۇنلۇك، ئۇزۇن ۋە ھوزۇرلۇق كېكىرىۋېتىپ «ئۇھ» دېدى.

ئۇ بىرئاز ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئىشىك - دېرىزىلەرنى يېيىشكە تەييارلاندى.

ئۇ ئالدى بىلەن ئۆيىنىڭ كەينى تېمىغا جايلاشتۇرۇلغان كىچىك دېرىزىنى تېتىپ باقتى. ئەينەك ۋە ياغاچ ئۇنى سەل بىئارام قىلغاچقا، مۇچ قىيامى ۋە ئاچچىقسۇ ئېلىپ چىقىپ بارلىق ئىشىك - دېرىزىلەرگە سۇرۇپ چىقتى. ئاندىن تېتىپ بېقىۋىدى، پاھ! خېلى يېيىشلىك بولۇپ قاپتۇ. ئۇ تازا بېرىلىپ يەۋاتقاندا، يەنە بىر ئادەم كېلىپ بىردەم توختىدى. ئۇ كىشى ئۇنىڭ نىمە قىلىۋاتقانلىقىنى قىلچە كۆرمىگەندەك ئىدى.

- بىكار بولساڭ يۈر، - دېدى ئۇ كىشى غەزەپ بىلەن سۆزلەپ، - كەنت باشلىقىنى ئەرز قىلىمىز.

- ئەينەكنى يېسە چىرىسلاپ ئاجايىپ يېقىملىق ئاۋاز چىقىدىكىنا! - دېدى ئۇ سۆيۈنۈپ.

- ئۇ خۇمسى، - دېدى ھېلىقى كىشى مۇشتىنى تۈرۈپ، - كەنت يىغقان ھاشار - سېلىق پۇلىنىڭ يېرىمىنى يەۋاپتۇ.

ئۇ ئەينەكنى چاينىغاندا ئىككى جاۋغىيىدىن ئۇششاق ۋە پارقىراق ئەينەك ئۇۋاقلىرى يەرگە تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ھېلىقى ئادەم گېلىنى بولۇشىغا قىرىپ، يوغان بىر خەپرۇكنى ھېلىقى ئەينەك پارچىلىرى ئۈستىگە تۆكۈرمەكچى بولدىيۇ، ئۇنىڭ كۆزىدە چاقناپ تۇرغان قارا

نۇرنى كۆرۈپ ساراسىمگە چۈشكىنىچە كېتىپ قالدى.

ئۇ مۈچ قىيامىنىڭ ئاچچىق تەمگە گول بولۇپ، ئاخىر ئىشىك - دېرىزىلەرنى يەپ تۈگەتتى. بۇ چاغدا ئۇ خېلى چارچاپ قالغانىدى. لېكىن كۆڭلى خۇش. ئەمدى ئۇ ئۆينىڭ تورۇسىنى يەۋەتسىلا مەقسىتىگە يېتىدۇ. ئۆزىنىڭ قىممىتىنى قايتا نامايان قىلىدۇ.

ئۇ بۇلارنى ئويلاپ يېنىك بولۇپ قالدى.

«بەلكىم تورۇسنىڭ تەمى ياخشىدۇ؟ - دەپ ئويلىدى ئۇ، - ياغاچ بىلەن توپىنىڭ ئارىلاشمىسىمۇ ھەرقاچان ياخشى».

ئۇنىڭ ئۆينىڭ تورۇسىنى يېيىشى خېلى ئاسانغا چۈشتى. لىم - چەڭزىلەرنى سوغۇرۇپ ئېلىپلا تەرخەمەك يېگەندەك غاراسلىتىپ چايناشقا باشلىدى. چۇرۇكلىشىپ كەتكەن بۇ ياغاچلار ئۇنىڭغا خېلى تېتىدى.

ئازراق توپا بىلەن بىرنەچچە تال چەڭزە قالغاندا بىرەيلەن كېلىپ ئۇنى يەنە ئاۋارە قىلدى.

- ئاڭلىدىڭمۇ؟ - دېدى ئۇ كىشى ئۇنى قىزىقتۇرماق بولۇپ، - ئاخشام كەتتكە يازغۇچى كەپتۇ.

- لىملارنىڭ پوستى بولغان بولسا، ھەي... دېدى ئۇ بەك ئەپسۇسلىنىپ.

- ھاراقنى كارامەت ئىچىپ قويىدۇ دەيدىغۇ، - دېدى ئۇ كىشى تېخىمۇ قىزىقىپ.

- ئەجەبمۇ پۇخادىن چىقتىما، - دېدى ئۇ قورسىقىغا ئۇرۇپ.

ئۇ كىشى ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى قىلچە كۆرمىگەندەك ئىدى.

- بەك مەست بولۇپ كېتىپتۇدەك، - دېدى ئۇ كىشى مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ، - ھازىرغىچە ئوڭشالماي ياتىدۇ، دەيدۇ.

ئۇ ئاخىرى قولىدىكى چىش كوچىلىغۇچنىمۇ يەۋەتتى.

ھېلىقى كىشى يەنە بىر مەخپىيەتلىكنى ئېيتماقچى بولدىيۇ، ئۇنىڭ كۆزىدىكى قاپقارا نۇرنى كۆرۈپ ۋەھىمە ئىچىدە قالدى ۋە ئاستىلا تىكىۋەتتى.

ئۇ ئاخىر ئۆينى يەۋەتتى.

ئۆينىڭ ھېچنېمىسى قالمىدى.

بىر پارچە يەردە ئەمدى ئۆي جابدۇقلىرىلا قالدى.

ئۇ ئازادە بولۇپ قالدى.

شۇ چاغدا ھېلىقى يولۇچى ئاقىرىپ كەتكەن ساقاللىرىنى سىلىغىنىچە يېتىپ كەلدى.

يولۇچى كېلىپ غايىب بولغان ئۆي ئورنىدىكى بوشلۇققا قاراپ بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن، ئادەتتە بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «كىتاب ئوقۇۋاتامسەن؟» دەپ سورىغىنىدەك ئۇنىڭغا: «ئۆيۈڭنى يەۋاتامسەن؟» دېدى.

- سوئالىڭ توغرا، - دېدى ئۇ ئۆزىنى قۇدرەتلىك سېزىپ.

- سەن بىلمەيسەن، - دېدى يولۇچى، - مەن قېرىپ كەتتىم. ئويلاپ باقسام ساقىلىم ئۆسۈپ، ئاقىرىپ كەتكىنى بىلەلا ئەرشكە يېتەلمىگىدەكمەن. شۇنداق قىلىپ ئۆيۈڭنىلا يېدىڭ؟

- ئۆيۈمنىلا يېدىم، - دېدى ئۇ، لېكىن ئۇنى تۇساتتىنلا يىغا تۇتۇشقا باشلىدى.

- «ئۆيۈمنىلا يېدىم» دە؟

- ئۆيۈمنىلا... - ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش تامچىلاشقا باشلىدى

بوۋاي ئۇنىڭ ياشلىق كۆزلىرىدىن ھېچقانداق نۇرنى تاپالماي سىقىلىپ كېتىپ قالدى.

ئۇ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى.

ئۇ يىغلىدى.

ئۇ توختىماي يىغلاۋەردى.

قاراڭغۇ چۈشتى.

جۇدۇن بولدى.

ھەممە ئىشىكلەر ئېتىلگەنىدى. ئاتا - ئانىسى ئولتۇرغان ئۆينىڭ تېترىشى ئۇلارنىڭ قورقۇۋاتقانلىقىنى ئېنىقلا بىلدۇرۇپ تۇراتتى. بارغانچە سوغۇق بولۇپ كەتتى.

ئۇ ئاخىر توڭلاپ تىترەپ كەتتى.

ئۆي يوق!

ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى. ئېچىلمىدى. قوشنىلىرىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى، ئېچىلمىدى. سوغۇق بەك ئەدەپ كەتتى. ئۇ سوغۇقتىن پاناھلىنىدىغان يەر ئىزدەشكە مەجبۇر بولدى.

ئۇ ھويلىدىن چىقىۋېتىپ ئىتنىڭ كاتىكىنى كۆرۈپ قالدى ۋە بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى.

ئۇ ئىككىلەنمەيلا ئىتنى كالتەكلەپ كاتەكتىن قوغلاپ چىقاردى ۋە كاتەككە كىرىپ يېتىۋالدى. پاھ! راھەت! ئۇ ئەجەبمۇ تاتلىق ئۇخلىدى.

ئۇ ئەتىسى شۇنى بىلدىكى، ھېلىقى ئىت قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇدەك.



# بېيجىڭدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم

(ئەدەبىي ئاخبارات)

تەلئەت ئىبراھىم

## مۇقەددىمە ئورنىدا

مەن 1991 - يىلىدىن 1995 - يىلىغىچە بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىدا ئىشلەش جەريانىدا بېيجىڭ بازار ئۇچۇر ئاگېنتلىقى ۋە قانۇن - نىزام ئاگېنتلىقىنىڭ تەكلىپلىك مۇخبىرلىق سالاھىيىتىم بىلەن، بېيجىڭدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان گەنجاكو، ۋېيگۇڭسۇن قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. بۇ جەرياندا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىن بېيجىڭغا كەلگەن بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنى زىيارەت قىلدىم ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ بېيجىڭدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئورنى ھەققىدە بەزىبىر چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولدۇم. بېيجىڭدا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمغا ئاساسەن، مەن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بىر تۈركۈم ماقالىلەرنى يازدىم. بۇ ماقالىلىرىم شىنجاڭدا ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان گېزىت - ژۇرناللاردا ئارقىمۇ ئارقا ئېلان قىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلدى. بىرقىسىم ئوقۇرمەنلەر ماڭا خەت يېزىپ ياكى تېلېفون بېرىپ بۇ ماقالىلەرنى رەتلەپ بىر پۈتۈن كىتاب قىلىپ نەشر قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىشتى. مەن مۇشۇ كىتابنى تەييارلاش جەريانىدا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ تەۋسىيەسىگە بىنائەن بىر تۈركۈم ماقالىلەرنى تۈزىتىش، تولۇقلاش ۋە ئۆزگەرتىپ يېزىش ئاساسىدا بۇ ئەدەبىي ئاخباراتنى يېزىپ كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇشنى لايىق كۆردۈم.

## شىنجاڭ كەنتىنى زىيارەت

بىر دوستۇمنىڭ تەكلىپى بىلەن بېيجىڭدىكى خەيدىيەن رايونى تەۋەسىدىكى گەنجاكو سودا بازىرىغا ئۈچ قېتىم باردىم. ھەر قېتىم بارغىنىمدا، ئۇ مېنى ئۇيغۇرلار ئاچقان ئاشخانىغا باشلاپ كىردى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشخانىلىرى مۇشۇ سودا بازىرىنىڭ ئىچكىرىسىدە ئىدى. بىز تۈرلۈك ماللارنى سېتىۋاتقان خەنزۇ تىجارەتچىلەرنىڭ دۇكانلىرىدىن ئۆتۈپ، 200 مېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن ھەقىقىي «شىنجاڭ كەنتى» گە كەلدۇق. ئۇ دوستۇم ئىلگىرى شىنجاڭدا تۇرۇپ كېيىن بېيجىڭغا يۆتكىلىپ كەلگەنىدى. بىز بېيجىڭدا تونۇشۇپ دوست بولۇپ قالغانىدۇق. ئۇ ھەر قېتىم مېنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلىپ مېھمان قىلغانلىقتىن، مەن ئۇنىڭدىن:

- سەن بۇ يەرگە نېمانچە ئامراق؟ - دەپ

سورىدىم. ئۇ دەرھال:

— «ئۇيغۇرلارنىڭ تامىقى ھەقىقەتەن ئوبدان، تۈرى كۆپ، تەملىك ھەم نەق ئىكەن. مەن ئىلگىرى شىنجاڭدا بۇنى ئانچە ھېس قىلماپتىكەنمەن، ھازىر ھەقىقىي ھېس قىلىۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەنمۇ يېڭى كەلدىڭ. زېرىكىپ قالمىسۇن دەيمەن،— دېدى.

مەن ئۇنىڭ سۆزىدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم. بۇ يەر كىشىنى خۇددى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار بازىرىدا تۇرغاندەك ھېس قىلدۇراتتى. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۈرۈمچىدىكى دۆڭكۆۋرۈك بازىرىدىن ئانچە قېلىشمايتتى. بازارنىڭ ئىككى قاسنىقى پۈتۈنلەي ئاشخانا - رېستورانلار بىلەن زىچ تولغان، ھەر بىر ئاشخانىنىڭ ئىشىكىگە ئېسىلغان ۋىۋىسكىلار ئالاھىدە كۆزگە چېقىلىپ تۇراتتى. ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ھۆسن خەت بىلەن يېزىلغان ۋىۋىسكىلار-نى كۆرۈپ، ھەرقانداق ساۋاتى يوق كىشىمۇ بۇنى ئۇيغۇر رېستورانى دېمەي قالمايتتى. بۇ رېستورانلارنىڭ خوجايىنلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ياش ئۇيغۇر بالىلىرى ئىدى. ئۇلار بىر - بىرىدىن قامەتلىك ھەم كېلىشكەن بولۇپ، خېرىدارلارغا قىزغىن ھەم مۇلايىم مۇئامىلە قىلاتتى. مەن ئېرىنمەي بۇ رېستورانلارنى ساناپ چىقتىم. ئالدىنقى قېتىم كەلگىنىمدىن يەنە بەشى كۆپىيىپتۇ. دېمەك، «شىنجاڭ كەنتى» دە ئۇيغۇرلارنىڭ رېستورانى 30 دىن ئېشىپتۇ. ھەر بىر رېستوراندا كەم دېگەندە بەش ئادەم، كۆپ دېگەندە سەككىز ئادەم ئىشلەيدىكەن. رېستورانلار چىرايلىق بېزەلگەن، ھەتتا مەنزىرىلىك ماي بوياق رەسىملەر، كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان رەڭگارەڭ چىراغلار ئېسىلغان ھەمدە بېيجىڭ شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىن بىرتۇتاش تارقىتىپ بېرىلگەن «بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم» دېگەن خەت يېزىلغان تۇمۇر تاختاي ئېسىلغان. خېرىدارلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى خەنزۇلار بولۇپ، ئۇلار خۇددى ھېلىقى دوستۇم دېگەندەك بۇ يەرنىڭ تائاملىرىغا ئامراق بولۇپ قالغان.

كەچ سائەت ئالتىلەردە، بىز مۇشۇ بازارنىڭ ئەڭ بېشىغا ئورۇنلاشقان «تەڭرىتاغ رېستورانى» غا كىرىپ قالدۇق. بۇ مېنىڭ بۇ رېستورانغا تۇنجى قېتىم كىرىشىم ئىدى. دوستۇمنىڭ ھەر قېتىم مېنى باشقا - باشقا رېستورانغا باشلاپ كىرىشى بىلەن، مەن يەنە يېڭى بىر تەسىراتقا ئىگە بولغانىدىم. چۈنكى ھەر قېتىملىق تەسىراتىم مەيلى ئۇيغۇر تائاملىرى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى «شىنجاڭ كەنتى» نى چۈشىنىش جەھەتتە بولسۇن، ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشماقتا ئىدى.

خوجايىن كىيىنىشى ئاددىي - ساددا ھەم كەم سۆز كىشى ئىكەن. مەن بىردەمدىلا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالدىم.

— مەن ئىلگىرى ئۈرۈمچىدە كاۋاپچىلىق قىلاتتىم. 1984 - يىلى خوتۇنۇم بىلەن بىللە بېيجىڭغا كەلدىم،— دېدى ئۇ.

— سىز بۇ يەرگە كېلىپلا مۇشۇ رېستوراننى ئاچتىڭىزمۇ؟— ئۇ سوئالىمغا دەرھال جاۋاب بەرمىدى. مەن ئۇنىڭدىن بۇ يەردە رېستوران ئاچقان ئۇيغۇرلاردىن قانچىسى بارلىقىنى سورىدىم.

— مەن كەلگەن چاغدا بىرمۇ ئۇيغۇر رېستورانى يوق ئىكەن. بىرنەچچە ئۇيغۇر «قارا كاۋاپدان» دا كاۋاپچىلىق قىلىۋېتىپتىكەن.

— «قارا كاۋاپدان» دېگەن نېمە؟— بېيجىڭدى-كى بەزى ئارقا كوچىلاردا كاۋاپچىلىق قىلىۋاتقان بىرقىسىم ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ كۆكتات قاچىلايدىغان سېۋەتنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرى ياسىۋالغان ئاددىي بىر كاۋاپداننى قويۇۋېلىپ، كاۋاپ ساتقىنىنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇنىڭدىن سورىدىم.

— تىجارەت كىنىشكىسى يوق كاۋاپچىلار شۇنداق ئاتىلىدۇ. ئۇلارغا بىر كاۋاپدان، ئىككى سېۋەت ياكى بالا باقىدىغان بىر ھارۋا بولسىلا بولىدۇ. ئۇلار كاۋاپداننى سېۋەت ياكى ھارۋىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، كاۋاپچىلىق قىلىدۇ،— دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ.

— سىز قانچە ئۇزۇن كاۋاپچىلىق قىلغان؟

— مەن 4 - 5 ئايدەك كاۋاپچىلىق قىلغاندىن كېيىن ئىككى ئادەم بىلەن شېرىكلىشىپ بىر ئاشخانا ئاچتىم. ئۇلارنىڭ بىرسى ناۋاي، بىرسى ئاشپەز ئىدى، بىراق بىر ئايدىن كېيىن ئۇ ئىككىسى قىمارغا بېرىلىپ كېتىپ، ئىشىمىز روناق تاپمىدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، مەن يەنە يالغۇز قالدىم.

ئۇنىڭ كاۋاپچىلىق قىلىشتىن باشقا ھۈنىرى يوق ئىكەن، كېيىن ئۇ ئىشەنچلىك بىرەيلەن بىلەن ئاددىي بىر ئاشخانا ئاچقان ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن رەسمىي تىجارەت كىنىشكىسى، ۋاقىتلىق تۇرۇش گۇۋاھنامىسى، تازىلىق گۇۋاھنامىسى... قاتارلىق گۇۋاھنامىلەرنى ئالغان. ئۇنىڭ دادىسى گەپدان ئادەم بولۇپ، ئوغلىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن 1984 - يىلى بېيجىڭغا كەلگەنىكەن. 70 ياشتىن ئاشقان بۇ بوۋاي ئەھۋاللارنى بىزگە تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى:

– بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ تىجارەت قىلىۋاتقىنىمىزغا 10 يىلدىن ئاشتى. يۇرتقا بىرنەچچە قېتىم باردۇق. ئۈرۈمچىگە شەخسىي ئۆي سالدۇق. خۇدايىم بېرىۋاتىدۇ. نەۋرىلىرىمنىمۇ مۇشۇ يەردە ئوقۇتۇۋاتىمەن.

ئىگىلىشىمچە، «شىنجاڭ كەنتى» دىكى ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن بېيجىڭ شەھىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ بېسىمىنى خېلى زور دەرىجىدە يەڭگىللەتكەن. ئۇلار بېيىغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇپ قالمىغان. 1990 - يىلى ئاسىيا ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى مەملىكىتىمىزدە ئۆتكۈزۈلۈش ھارپىسىدا 200 نەچچە ئۇيغۇر تىجارەتچى بۇنىڭغا ئۆزلۈكىدىن پۇل ئىئانە قىلغان، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە باشقا ئالىي مەكتەپلەردىكى ئازسانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» تەنھەرىكەت يىغىنى «شىنجاڭ كەنتى» دىكى ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېرىشىپ كەلگەن.

بۇ بازاردا يالغۇز ئاشخانىلارلا بولۇپ قالماستىن، ئۇيغۇر ساتىراشخانىسى، شۇنداقلا كىشمىش، قوغۇن ۋە ھەر خىل قۇرۇق مېۋىلەرنى ساتىدىغان دۇكانلارمۇ پەيدا بولغان. شۇنىڭغا ئەگىشىپ مەخسۇس دۇكان ۋىۋىسكىلىرىنى يازىدىغان، رەسساملىق قىلىدىغان ئۇيغۇرلارمۇ پەيدا بولغان. خەيدىيەن رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1992 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بۇ يەرگە رەسمىي «شىنجاڭ كەنتى» دەپ نام بەرگەن. بۇ يەردىكى ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ سۈپىتى ياخشى، باھاسىمۇ مۇۋاپىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا نۇرغۇن بېيجىڭلىقلار ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىن بېيجىڭغا كەلگەن مېھمانلارنى، ھەتتا ئېلىمىزگە ساياھەتكە كەلگەن چەت ئەللىكلەر، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، سودا ۋەكىللىرىنىمۇ جەلپ قىلغان. پاكىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى ئائىلىسىدىكىلىرى بىلەن بۇ يەردە غىزالانغان. روسسىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، ئافغانىستان، ياپونىيە، ھىندىستان، كانادا قاتارلىق 50 نەچچە دۆلەتنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرىمۇ دائىم مۇشۇ يەرگە كېلىپ غىزالانغان.

«شىنجاڭ كەنتى» نىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ مەھسۇلى. بىراق بۇ يەردىكىلەر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن، تۈزۈلمە جەھەتتە خەيدىيەن رايونىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدىكى تەبىئىي كەنت بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭنىڭ بۇ كەنتكە نىسبەتەن مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇش ھوقۇقى يۈرگۈزۈشى مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، ئۇ تۈزۈلمە سىرتىدا ھەرىكەتلىنىش ھالىتىدە ئىدى. بېيجىڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1997 - يىلدىن ئېتىبارەن بۇ كەنتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى.

## ۋېيگۇڭسۈندىكى يېڭى بەگلەر

بېيجىڭ شەھىرى خەيدىيەن رايونى تەۋەسىدىكى ۋېيگۇڭسۈن دېگەن جايدا بىر ئۇيغۇرلار مەھەللىسى بار. بۇ يەرنى بەزىلەر «ئۇيغۇر بەگلىرى مەھەللىسى» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ ئەتراپتا ئىدىقۇت ئېلىدىن كەلگەن مەشھۇر بىلىم ئىگىلىرى، زىيالىيلار، ئەدىبلەر، مۆتىۋەرلەر ۋە يۈەن سۇلالىسىنىڭ سەركەردىلىرى ئولتۇراقلىشىپ ئۇيغۇرلار مەھەللىسى شەكىللەنگەنىكەن. يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا بۇ ئۇيغۇر

مەھەللىسىدە 40 تىن ئارتۇق ۋالىيدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر ھەربىي ئەمەلدار ئائىلىسى ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتى، 30 دىن ئارتۇق ئالىم، ئوقۇتقۇچى، تەرجىمان، دوختۇر، ئوردا ئۆلىماسى ئولتۇراقلاشقانىكەن. شۇڭا بۇ يەرنى ھازىرمۇ ۋېيگۇڭسۇن (ئۇيغۇر بەگلىرى مەھەللىسى) دەپ ئاتايدىكەن. مەن بېيجىڭدىكى چاغلىرىمدا بۇ يەرگە كۆپ قېتىم باردىم. مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىن بىر تامىلا ئايرىپ تۇرىدىغان بۇ مەھەللىدىكى مىللىي ئاشخانىلارمۇ «شىنجاڭ كەنتى» بىلەن بىر ۋاقىتتا بەرپا بولغان. بۇ يەردە ئۇيغۇر ئاشخانىسى كۆپ سانلىق ئىگىلىگەندىن سىرت، چاۋشيەن، خۇيزۇ، تەيزۇ ۋە خەنزۇلار ئاچقان ئاشخانىلارمۇ بار ئىكەن. ھازىر بۇ مەھەللىدىكى ئۇيغۇرلار ئاچقان ئاشخانا 20 دىن ئاشىدىكەن، ھەر قېتىم بۇ يەرگە نان، گۆش قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئالغىلى كەلگىنىمدە مۇشۇ تىجارەتچىلەر ئارىسىدا ئەينى چاغلاردىكى ئۇيغۇر بەگلىرىنىڭ بىرەر ئەۋلادى بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ قالىمەن، ئۇيغۇرلارغا ئوخشايدىغان تۇڭگان ياكى خەنزۇلارنى كۆرۈپ، ئۇلار بەلكىم شۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇشى مۇمكىن دەپ قالىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى بولغاچقا، تاماق يېيىش، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن چىققان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارمۇ ئاز ئەمەس. بۇ يەر چوڭ يولغا تۇتىشىدىغان تار كوچا بولۇپ، بىر تەرىپى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشخانىسى، بۇ ئاشخانىلار ئومۇمەن كىچىك ھەم چاققان، ئۇنىڭ ۋىۋىسكىلىرى نەپىس ھەم چىرايلىق. «ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى رېستورانى»، «يېڭى قاشتېشى رېستورانى»، «يېڭىسار ئاشخانىسى»، «بوغدا كۆلى رېستورانى»، «شىنجاڭ مۇسۇلمانلار ئاشخانىسى»، «ئەپەندى رېستورانى» دېگەنگە ئوخشاش نام قويۇلغان رېستوران - ئاشخانىلاردىن چىققان مەززىلىك تاماقلارنىڭ ھىدى بۇ كوچىنى بىر ئالغان. بۇ رېستورانلارنىڭ ۋىۋىسكىلىرى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقلاردا يېزىلغان. كۆپىنچىسىگە ئىنگلىزچىسىمۇ يېزىلغان. بۇ يەرگە كېلىدىغان چەت ئەللىك خېرىدارلارمۇ ئاز ئەمەس. مەن بىرنەچچە ئامېرىكىلىقنىڭ ئاشخانا ئالدىدىكى تونۇر بېشىدا ئىسسىق نان يېگەچ ناۋاي بىلەن پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ناۋاي بالا ئۇلار بىلەن يېرىم خەنزۇچە، يېرىم ئۇيغۇرچە پاراڭلاشتى. كېيىن ئاڭلىسام، ئامېرىكىلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ نېنىغا ئىنتايىن ئامراق ئىكەن. ئۇلار دائىم بۇ يەرگە كېلىپ ئىسسىق نان ئېلىپ، ناۋايلار بىلەن بىرنەچچە ئېغىز چاقچاقلىشىپ قويۇپ كېتىدىكەن. بىر قېتىم مەن ئاۋستىرالىيىلىك بىرەيلەننىڭ «يېڭى قاشتېشى رېستورانى»دا ئىشتىياق بىلەن پولۇ يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن: «سىلەرنىڭ دۆلەتتىمۇ پولۇ بارمۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئاۋستىرالىيىدە بۇنداق پولۇ يوق ئىكەن. ئەمما گۈرۈچتىن ئېتىلىدىغان باشقا تاماقلار بار ئىكەن. ئۇ بېيجىڭغا كېلىپ پولۇغا ئامراق بولۇپ قالغانىكەن. ئۇ ماڭا: «بۇ تاماق مەززىلىك ھەم قۇۋۋەتلىك بولغاچقا، كۈندە بىر ۋاق يەۋالسام قورسىقىم ئاچمايدۇ» دېدى. ئاڭلىشىمچە، تۈركىيىلىك، ياپونىيىلىك، ئامېرىكىلىق ساياھەتچىلەر، ئوقۇغۇچىلار بۇ يەرگە دائىم كېلىپ تۇرىدىكەن.

## مەن كۆرگەن نيۇجيې مەسچىتى

مەن 1993 - يىلى 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بېيجىڭدىكى نيۇجيې مەسچىتىدە روزا ھېيت نامىزىغا قاتناشتىم. بېيجىڭ ۋاقتى سائەت توققۇزلاردا مەسچىت ئىچى خۇيزۇ مۇسۇلمانلار بىلەن تولۇپ بولغانىكەن. دەرۋازا ئالدىدىكى كوچىلار سانجاق - سانجاق ئادەملەر بىلەن تولغان. چوڭ يولدىن مەسچىت ئالدىغىچە بارىدىغان 150 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تار كوچىمۇ ئادەملەر بىلەن تولغانىدى. ئامانلىق ساقلىغۇچىلار يول ئېغىزىدا تۇرۇپ ھەرقانداق قاتناش ۋاسىتىلىرىنى توسۇپ ماڭغۇزمايتتى. مەسچىت ئىچىگە پاتمىغان كىشىلەر يەنە بىر قېتىملىق ئوقۇلىدىغان ناماز ۋاقتىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. بۇلار ئىچىدە ئۇيغۇر ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرمۇ، ئوقۇغۇچىلارمۇ بار ئىدى. مەن بۇ كىشىلەر ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ مەسچىت ئىچىگە كىرىدىغان ئېغىزدىكى بىچارە، ئاجىز تىلەمچىلەرگە سەدىقە بېرىپ چوڭ ھويلىغا قىستىلىپ كىردىم. ھەمراھلىرىم بىلەن

بىللە ئايغىمنى مەخسۇس ئاياغ قويىدىغان جايغا سېلىپ قويۇپ كىشىلەر ئارىسىدا قىستىلىپ بىر يەردە ئولتۇردۇق. ئىمامنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىز پەقەت كانايدىن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئولتۇردۇق. كېچىكىپ كەلگەنلىكىمىز ئۈچۈن بىز پەقەت ئىمامنىڭ نەسىھەت خاراكتېرىدىكى سۆزىنى ئاڭلاشقىلا ئۈلگۈرۈپتۇق.

ئەتراپىمىزدا تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ تېلېكامېرا كۆتۈرۈۋالغان خادىملىرى ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. فوتوگرافلار ئاپپاراتىنى كۆتۈرۈپ سۈرەتكە تارتىۋاتاتتى. مەن يېڭىدىن ئالغان بەتىنكەمدىن قايغۇرۇپ شۇنچە كۆپ ئاياغلار ئارىسىدىن ئايغىمنى قانداق تاپارمەن دەپ ئولتۇرالمايلا قالدىم. ناماز تۈگىگەندىن كېيىن ئىمامنىڭ سۆزى باشلاندى. ئۇ بېيجىڭدا ھازىر مۇسۇلمانلارنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى، سانىنىڭ 240 مىڭدىن ئاشىدىغانلىقىنى، بېيجىڭنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ ئاخىرىدا بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇن - ئىنتىزامغا ئەمەل قىلىشىنى، جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە شەھەر تازىلىقىنى ياخشى ساقلاشنى تەلەپ قىلدى.

مېنىڭ ئالدىمدىكى رەتتە ئولتۇرغان قارا تەنلىك بىرنەچچە كىشىنىڭ بىرنېمىلەرنى پىچىرلاپ قويۇشقا تەمشىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇردۇم ھەمدە دەرھال بېرىپ ئايغىمنى تېپىۋالدىم. مەن بىر چەتتە تۇرغان ھېلىقى قارا تەنلىك مۇسۇلمانلار بىلەن «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ كۆرۈشكەنىدىم. ئۇلارمۇ دەرھال «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن سالام قايتۇردى. ئۇلار بەزىدە خەنزۇچە، بەزىدە ئىنگلىزچە سۆزلەپ مېنىڭدىن ئەھۋال سورىدى. مەن ئۇلاردىن «ئىمامنىڭ سۆزىنى چۈشەندىڭلارمۇ» دەپ سورىدىم. ئۇلاردىن بىرسى «پەقەت ناماز سۈرىلىرىنى ئازراق چۈشەنگەندىن باشقا ھېچنەرسىنى چۈشەنمىدۇق» دېدى. ئۇلار خەنزۇچە ئۆگىنىش ئۈچۈن سۈرىيە ۋە تانزانىيىلەردىن كەلگەنلەر ئىكەن. بىرقىسمى خەنزۇچە گەپنى خېلى ئوبدان سۆزلەيدىكەن. ئۇلار بېشىمىزدىكى بادام دوپپا، چىمەن دوپپىلارنى كۆرسىتىپ: «سىلەر قايسى دۆلەتتىن؟» دەپ سورىدى. يەنە بىرسى «دوپپاڭلاردىكى گۈللەر نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟» دەپ سورىدى. بىز ئۇلارغا «بىز شىنجاڭلىق ئۇيغۇر» دەپ جاۋاب بەردۇق. بىراق بېشىمىزدىكى دوپپىنىڭ گۈللۈك نەقىشلىرىنىڭ نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى دەپ بېرەلمىدۇق.

نامازدىن كېيىن بىز ئۇلار بىلەن بىللە مەسچىتنىڭ ئىچىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. ئۇلارنىڭ دوپپىمىزغا نېمىشقا شۇنچە قىزىقىدىغانلىقىنى بىلمىسەممۇ بىراق شۇنىڭدىن كېيىن مەن ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىدىن پەخىرلىنىش، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزىنىڭ جەلپكار ئەنئەنىلىرىنى چۈشىنىشى، ئۇنى قەدىرلىشى ھەمدە ئۇنى نامايان قىلىشقا قابىل بولۇشى كېرەك ئىكەن، دېگەن ئويغا كەلدىم. مانا بىز ئۇيغۇر تۇرۇپ دوپپىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىدۇق. بەلكىم نۇرغۇن ئۇيغۇرلارمۇ بىلمەسلىكى مۇمكىن.

مەن نيۇجيې مەسچىتىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشنى مەسچىتنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى تامغا يېزىلغان چۈشەندۈرۈشتىن بىلدىم ھەمدە مۇشۇ مەسچىتكە قارايدىغان بىرقىسىم خويزۇ خىزمەتكارلار بىلەن سۆھبەتلەشتىم.

گۋاڭئەنمېن نيۇجيې كوچىسىغا جايلاشقان بۇ مەسچىت بېيجىڭدىكى 80 نەچچە مەسچىت ئىچىدە تارىخى ئەڭ ئۇزۇن، كۆلىمى ئەڭ چوڭ مەسچىت بولۇپ، خاتىرىلەرگە قارىغاندا، بۇ مەسچىت مىلادى 996 - يىلى ياسىلىشقا باشلىغانىكەن. مىڭ ۋە چىڭ سۇلالىلىرىدىن بۇيان بىرنەچچە قېتىم كېڭەيتىپ ياسالغان ۋە رېمونت قىلىنغان. پۈتۈن مەسچىتنىڭ كۆلىمى 6000 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1500 كۋادرات مېتىر بولۇپ جۇڭگونىڭ مىللىيچە قۇرۇلۇش شەكلى بىلەن ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى بىرلەشتۈرۈپ ياسالغان تىپىك جۇڭگوچە مەسچىت ئىكەن. بىز ئۇنىڭ غەربكە قارايدىغان دەرۋازىسىدىن كىرىپ ئىچكىرىدىكى مەسچىتنى ۋە كۆتۈپخانا، دۇكان، مۇنچە، دەرسخانا قاتارلىقلارنى كۆردۇق. پۈتكۈل مەسچىت دالدا تام، ھاممام، ئايغا قاراش راۋىقى، پەشتاق ھۇجرىلار، دەرسخانا، شەيخ قەبرىسى ۋە ئىچكىرى

مەسچىتلەردىن تەركىب تاپقانىكەن. ئالتە بۇرجەك كەلگەن ئايغا قاراش راۋىقىنىڭ ئېگىزلىكى ئون مېتىر، ئىچكىرىدىكى مەسچىتنىڭ كۆلىمى 600 كۋادرات مېتىر بولۇپ، مىڭ ئادەم ناماز ئوقۇيالايدىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە 20 تۈۋرۈكتىن ھاسىل بولغان 21 ئەگمە ئىشىك بار ئىكەن. بۇ ئىشىكلەرنىڭ ئۈستىگە سىرىق ھەل بىلەن ئايەتلەر يېزىلغانىكەن. بۇ مەسچىتتە نۇرغۇن مەدەنىي يادىكارلىقلار ساقلانغان بولۇپ، ئەرەب دۇنياسىغا ۋە ئىسلام دىنىغا دائىر ئەرەبچە ۋە خەنزۇچە كىتابلار كىشىنى ئىختىيارسىز جەلپ قىلىدىكەن. كىتابخانا، ئىشخانا، مۇنچا، ماگىزىن قاتارلىق ئەسلىھەلىرىمۇ تولۇق ھەم ئۆزگىچە ئىكەن. بۇ مەسچىتتە خىزمەتچى بولغانلارمۇ ئاساسەن ساۋاتلىق بولۇپ ناھايىتى پاكىز يۈرىدىكەن. بىز ئىشخانا خادىملىرى بىلەن خوشلاشقاندا ئۇلاردىن بىرسى: « شىنجاڭلىقلار-نىڭ ئۆزۈلمەي كېلىۋاتقانلىقىغا 1000 يىل بولاي دېدى، ئىلگىرى ئاز كېلەتتى، ھازىر بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. دائىم كېلىشىڭلارنى قارشى ئالىمىز، ئاللا تائاللا سىلەرگە ئامەت بەرسۇن» دېدى. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم. دېمەك، ئۇيغۇرلار بۇ مەسچىتكە خېلى بۇرۇنلا كەلگەنىكەن.

## «دۇڭسى» مەسچىتىدىكى پاراڭلار

1994 - يىلى 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت توققۇزلاردا بىز بىرنەچچە «بېيجىڭلىق ئۇيغۇر» قۇربان ھېيت نامىزىغا قاتنىشىش ئۈچۈن «دۇڭسى» مەسچىتىگە باردۇق. بۇ يەردىكى خوېزۇلار ئۈچۈن قۇربان ھېيت روزا ھېيتتەك داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلمىسە-مۇ لېكىن يەنىلا قىزغىن ھېيت تۈسىنى ئالغانىدى. خىزمەت ئورنىمىزغا ئانچە يىراق بولمىغان بۇ مەسچىت دۇڭچېڭ رايونىنىڭ جەنۇبىي دۇڭسى كوچىسىغا جايلاشقان بولۇپ بىز ئۈچۈن ناتونۇش ئەمەس ئىدى. جۈملىدىن مەن ھەر جۈمە كۈنى دېگۈدەك بىر قېتىم كېلەتتىم. چۈنكى بۇ مەسچىتنىڭ ھەقسىز مۇنچىسى بىلەن كىتابخانىسى كىشىنى تولىمۇ قىزىقتۇراتتى. بۇ مەسچىتنىڭ دىنىي خادىملىرى ناھايىتى ئىلمىي ھەم بىلىملىك ئىدى. مەن ما فامىلىلىك بىر ياش خوېزۇ ئاخۇن بىلەن تونۇشۇپ قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن نۇرغۇنلىغان يېڭى - يېڭى ئىشلارنى ئاڭلاپ تۇراتتىم. نامازدىن كېيىن ئۇ بىر چەتتە توپلىشىپ تۇرغان بىر توپ ئۇيغۇر ياش تىجارەتچىلەرنى ماڭا كۆرسىتىپ «1995 - يىللىرى بىزنىڭ بۇ مەسچىتكە كېلىپ ناماز ئوقۇيدىغان ئۇيغۇرلار يوق دېيەرلىك ئىدى، پەقەت سىلەرنىڭ ئىدارىدىكى بىرقانچە ئۇيغۇر ئاندا - ساندا كېلىپ قوياتتى. ھازىر ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار مەسچىتىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپلا قالماي، ھەر يىلى نامازغا كەلگەن ئۇيغۇرلار بۇ يەردىكى يېتىم - يېسىر، ئاجىزلارغا سەدىقە بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ يىل ئۇلارنىڭ سانى ئىلگىرىكىدىن كۆپ. بۈگۈنكى نامازغا 35 ئۇيغۇر كەپتۇ. نۇرغۇنلىرى تۇنجى قېتىم كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا سىز ماڭا ياردەملىشىپ ئۇلارغا مەقسىتىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بەرسىڭىز قانداق؟» دېدى. مەن ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا شۇنچە دىققەت قىلىدىغانلىقىدىن ھەتتا قانچىلىك ئۇيغۇرنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى بەش قولدەك ئېنىق بىلىپ تۇرىدىغانلىقىدىن ھەيران ئىدىم. ئاخىرىدا ئۇ يەنە مەسچىتنىڭ تارىخى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: بۇ مەسچىت 1447 - يىلى سېلىنغان. يۈەن سۇلالىسى جىجېڭنىڭ 6 - يىلى (1356 - يىلى) سېلىنغان دېگەن قاراشمۇ بار. بۇ مەسچىت شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن بېيجىڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش مەركىزى، شۇنداقلا خوېزۇلار مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان مۇھىم سورۇن بولۇپ كەلگەن. 1947 - يىلى مەسچىتتە ئىسلام ئىنستىتۇتى قۇرۇلۇپ ماجيېن قاتارلىق پروفېسسورلار مۇدەررىسلىككە تەكلىپ قىلىنغان. ھازىر بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى، بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام شۆيۈەنى مۇشۇ مەسچىتكە جايلاشقان. مەشھۇر خوېزۇ ئالىمى سالىھ ئەنشۈبې مۇشۇ يەردە ئىماملىق قىلىدۇ. مەسچىتتە يۈەن سۇلالىسى يەنيۇنىڭ 5 - يىلى (1318 - يىلى) كۆچۈرۈلگەن «قۇرئان كەرىم» ۋە باشقا ھەر خىل دىنىي كىتابلار بار. مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرگە تەرجىمە قىلىپ بەردىم. ئۇلار ھەيرانلىق ۋە

قىزغىنلىق بىلەن ئاڭلىدى. مەن ئۇلاردىن: «سىلەر بۇ مەسچىتكە دائىم كېلەمسىلەر؟» دەپ سورىدىم. ئۇلاردىن بىرسى «ئوخشاش ئەمەس، بەزىلىرىمىزنىڭ بۇ مەسچىتكە كېلىشۋاتقانلىقىمىزغا ئون يىل بولدى. بەزىلىرىمىزگە بىر ئاي بولدى. بىز ئەسلىدە يۇيۇنۇۋېلىش ئۈچۈنلا كېلەتتۇق. ھازىر ھەر جۈمە نامىزىغا كېلىدىغان بولدۇق» دېدى. ماڭاخۇن ماڭا يەنە مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى: ئىلگىرى بۇ يەردە تىجارەت قىلىدىغان ئۇيغۇرلار يوق دېيەرلىك ئىدى. مېنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان چۈشەنچەممۇ ناھايىتى كەم ئىدى. ھەتتا «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىمۇ كېيىن بىلگەنىدىم. نۇرغۇنلىغان بېيجىڭلىقلارغا ئوخشاش پەقەت «شىنجاڭلىقلار»، «شىنجاڭ مىللىتى» دەپ بىلەتتىم. ھازىرغا قەدەر شىنجاڭغا بېرىپ باقمىدىم. بىراق 1990 - يىلى تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن مىسىرغا بارغاندىن كېيىن ھەممە جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىدا ئوقۇش داۋامىدا ئۇيغۇرلارنى بىرقەدەر چوڭقۇر چۈشىنىشكە باشلىدىم. مەن بۇ تىجارەتچى باللار بىلەن دوست بولۇش جەريانىدا بېيجىڭدا ئۇيغۇرلار كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشۋاتىمەن. ئۇلار خەنزۇچە تىل - يېزىقنى بىلمىگەن، چىراي - شەكلى باشقا مىللەت بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، ئۆرپ - ئادەتلىرى ئۆزگىچە بولغان ئەھۋال ئاستىدا بۇ يەرگە كېلىپ ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تائاملىرى مەدەنىيىتىنى بېيجىڭغا تارقاتتى. كاۋاپنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان كىشىلەرگە كاۋاپ يېيىشنى ئۆگەتتى. لەڭمەن، پولۇ، نان، تونۇر كاۋىپى، چۆچۈرە قاتارلىق مول تاماق تۈرلىرى بىلەن خەنزۇ تاماق مەدەنىيىتىگە ھۆسن قوشتى. دۇنيادىكى مۇسۇلمان ساياھەتچىلەرنىڭ بۇ گۈزەل شەھەردىكى ساياھىتىنى ئوڭۇشلۇق شارائىتقا ئىگە قىلدى. نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. مەن ئۇنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىدىن بېيجىڭدىكى ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرنىڭ بۇ يەردىكى تىجارىتىگە تېخىمۇ بەرىكەت تىلەپ ۋە ئاخۇنغا رەھمەت ئېيتىپ قايتىپ كەلدىم.

## كۆكزى ئىبادەتخانىسى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى

سېنتەبىر ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى ئىدى. تۇرسۇن رەھىم ئىككىمىز كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئەندىنىمېنىنىڭ «گوزىجەن» كوچىسىغا كېلىپ قالدۇق. بۇ يەردە ماشىنا ۋە ئادەملەر ئاز بولۇپ، بېيجىڭنىڭ باشقا كوچىلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. قەدىمكى بىنالار ۋە بېيجىڭ كۆكزى ئىبادەتخانىسى دەل مۇشۇ كوچىدا ئىدى.

- مانا، ئۇيغۇر يېزىقى بار ئابىدە ئالدىغا كەلدۇق، بېيجىڭغا كەلگەن كىشى بۇ يەرنى كۆرمەي كەتمەيدۇ،- دېدى پېشقەدەم تەرجىمان تۇرسۇن رەھىم كۆكزى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى يول ياقىسىغا جايلاشقان ئېگىز ھەم مۇستەھكەم تاش ئابىدە ئالدىدا تۇرۇپ. مەن ئۇنىڭغا ئويۇلغان مانجۇچە، خەنزۇچە، موڭغۇلچە، ئۇيغۇرچە، تودچە، زاڭزۇچە ئالتە خىل يېزىقتىكى «ئەلەمدارلار بۇ يەردە ئاتتىن چۈشسۇن، قەلەمدارلار بۇ يەردە مەپىدىن چۈشسۇن» دېگەن خەتكە قىزىقىپ قالدىم. خەت ناھايىتى چىرايلىق ئويۇلغان بولۇپ، ھەرقانداق ساۋاتلىق كىشى بىر قاراپلا ئۇنىڭ ئۇيغۇر يېزىقى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايتتى. تاش ئابىدىنىڭ بىر يۈزىگە مانجۇچە، خەنزۇچە، موڭغۇلچە، يەنە بىر يۈزىگە ئۇيغۇرچە، تودچە، زاڭزۇچە خەت ئويۇلغانىدى. تۇرسۇن رەھىم بۇ خەتنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ھەققىدە توختىلىپ:

- بۇ يەرنىڭ ئەسلى نامى «دانىشمەنلەر كوچىسى» دېيىلەتتى. ھازىر «گوزىجەن» كوچىسى دېيىلىۋاتىدۇ، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە بۇ ئىبادەتخانا شۇ دەۋردىكى پادىشاھلار بىلەن ئوخشاش تەمىناتتىن بەھرىمەن بولاتتى. شۇڭا كۆكزى ئىبادەتخانىسى دەرۋازىسىنىڭ غەرب ۋە شەرق تەرىپىنىڭ ئون نەچچە مېتىر ئارىلىقىدا بىردىن «ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئابىدىسى» تىكلەنگەن. ھازىر ساقلىنىپ قالغىنى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تىكلەنگىنى، بۇنىڭ ئېگىزلىكى تۆت مېتىر، كەڭلىكى بىر مېتىر كېلىدۇ. «ئەلەمدارلار بۇ يەردە ئاتتىن چۈشسۇن، قەلەمدارلار بۇ يەردە مەپىدىن چۈشسۇن» دېگەن سۆزلەر كۆكزى ئىبادەتخانىسىغا كىرىشنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ،- دېدى. بىز يەنە بۇ ئىبادەتخانىدىكى قوغداش خادىملىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا كۆكزى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىچىنى تولۇق كۆردۇق ھەممە

ئۇلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىدۇق.

ھەيۋەتلىك ھەم سۈرلۈك كۇڭزى ئىبادەتخانىسى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قۇرۇلغانىكەن. قۇبلايخان بېيجىڭنى پايتەخت قىلغاندىن كېيىن ئىدىيولوگىيە ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مۇشۇ جايدا كۇڭزى ئىبادەتخانىسى قۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەنىكەن. مىلادى 1302 - يىلى رەسمىي قۇرۇلۇشقا باشلىنىپ، 1306 - يىلى پۈتكەنىكەن. شۇ يىللاردىكى ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگىنىش تۈزۈمىگە ئاساسەن، كۇڭزى ئىبادەتخانىسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە ھازىرقى گوزىجەننى سالغانىكەن. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ ئىبادەتخانا ۋەيران بولۇپ، مىڭ سۇلالىسى يۇڭلۇنىڭ 9 - يىلى (1411 - يىلى) قايتىدىن يېڭىلىنىپ، چىڭ سۇلالىسىگە قەدەر ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ قۇرۇلۇپ، مىنگونىڭ 5 - يىلى (1916 - يىلى) قۇرۇلۇش تاماملانغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ھازىرقى كۆلىمى ۋە قۇرۇلمىسى شەكىللىنىپ، كۇڭزىنىڭ يۇرتى چۈفۇدىكى كۇڭزى ئىبادەتخانىسىدىن قالسىلا مەملىكەت بويىچە 2 - چوڭ كۇڭزى ئىبادەتخانىسى بولۇپ قالغانىكەن. كۇڭزىغا تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتى شىنخەي ئىنقىلابىغىچە داۋاملاشقان بولۇپ، مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا يۈەن شىكەي پادىشاھلىق تۈزۈمىنى تىرىلدۈرگەندىمۇ بىر قېتىم كۇڭزىغا تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن. ئۇنىڭ شۇ چاغدا كىيگەن «ئەدەپ تونى» ھازىرمۇ تارىخ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

كۇڭزى ئىبادەتخانىسىدىكى ئەۋلىيا ئۆيىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېگىز تاش ئابىدىلەر قاتار - قاتار تىكلەنگەن بولۇپ، تاشنىڭ يۈزىگە يۈەن، مىڭ، چىڭ دەۋرلىرىدىكى تەشرىپدارلارنىڭ ئىسمى ئويۇلغان. بۇ تاش ئابىدىلەر يۈەن سۇلالىسى خۇاڭچىڭنىڭ 2 - يىلى (1313 - يىلى) تىكلەنگەن. ئادەتتە يۈەن سۇلالىسىدە ئويۇلغان تەشرىپدارلارنىڭ ئىسمىنى ئۆچۈرۈپ ئۇنىڭ ئورنىغا مىڭ سۇلالىسىدىكى تەشرىپدارلارنىڭ ئىسمىنى ئويۇپ قويغاچقا، يۈەن سۇلالىسىدىكى تەشرىپدارلارنىڭ ئىسمى كۆپ ئەمەس ئىكەن. يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى بولۇپ جەمئىي 198 تاش ئابىدىگە 51 مىڭ 624 نەپەر تەشرىپدارنىڭ ئىسىم فامىلىسى، يۇرتى ۋە ئۇلارنىڭ رەت تەرتىپى ئويۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سان - ساناقسىز بولۇپ كۇڭزىغا ۋە ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىغا نەزىر - چىراغ بىلدۈرۈش ئۆيلىرى، نەزىرلىك جاھازىلار، نەزىرلىك بۇيۇملار ۋە قەدىمكى تاش ئويمىلار كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىكەن. بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرى تىپىك جۇڭگوچە قۇرۇلۇشلار بولۇپ، ياغاچ ۋە تاش بىلەنلا ياسالغان. بۈگۈنكى كۈندە بۇ قۇرۇلۇشلار قايتىدىن رېمونت قىلىنىپ ئىلگىرىكى شەكلىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا قايتا سىرلانغانىكەن. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، يۈەن سۇلالىسىدىن باشلاپ مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى بۇ يەردىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. مىڭ سۇلالىسى تيەنشۈننىڭ 6 - يىلى (1442 - يىلى) دىلا بۇ يەردە ئىلىم تەھسىل قىلغانلار 13 مىڭ كىشىگە يەتكەن. يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرىدە تەشرىپدار ئەمىلىگە ئېرىشكەنلەر 48 مىڭ 900 كىشىدىن ئاشقان. بۇ يەر يالغۇز مەملىكەت ئىچىدىكى داڭدار قەلەمدارلارنى تەربىيىلەش ئورنى بولۇپلا قالماي، بەلكى چاۋشيەن، تايلاند، ۋيېتنام ۋە روسىيە ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن كىشىلەرنى تەربىيىلەپ بەرگەن. شۇ چاغدىكى ئەدىبلەر گوزىجەننى پۈتتۈرۈپ تەشرىپدارلار ئابىدىسىگە ئىسمىنى ئويۇۋالسىلا «دانىشمەن» بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. شۇڭا گوزىجەننىڭ دەرۋازىسىغا «دانىشمەنلەر ئىشىكى» دېگەن تاختا ئېگىز ئېسىپ قويۇلغان. رەڭگا - رەڭ ھەم نەپىس تارىخ، ئىلىم ۋە سەنئەت قىممىتىگە ئىگە بولغان بۇ قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقىدا بېيجىڭنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتىدىكى ئۇزاق تارىخلار يېزىلغان بولۇپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تارىخنى يارىتىدىغان ئەقىل - پاراسىتى تولۇق ئىپادىلەنگەن.

## ۋاڭفۇجىڭ كوچىسىدىن تارقالغان زەھەر

«... مەن بېيجىڭنىڭ ۋاڭفۇجىڭ كوچىسىدا كېتىپ باراتتىم. تۇيۇقسىز بىر خىل غەلىتە پۇراق دىمىغىمغا ئۇرۇلدى. بۇ پۇراق ماڭا تونۇشلۇق ئىدى. مەن مۇشۇ پۇراققا ئەگىشىپ مېڭىپ كوچىنىڭ بىر دوقمۇشىدا نەشە

چېكىۋاتقان ئىككى ئۇيغۇر يىگىتنى ئۇچراتتىم. پاراڭلىشىش ئارقىلىق ئۇلار بىلەن تونۇشتۇم، ئۇلار ماڭا نەشىنىڭ چىققان يېرىنى ئېيتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مەكىت دېگەن يەرگە باردىم. ئۇ يەردە نەشە ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلەن ئازراق چېكىشىپ، بىر كىلوگرامنى 300 يۈەندىن دېيىشىپ بىر كىلوگرام نەشە سېتىۋالدىم. ئاندىن ئۇنى چىرايلىق بىر كەمپۈت قۇتىسىغا قاچىلاپ ئېلىپ كەتتىم ھەمدە ئەسلى باھاسىدىن تۆت ھەسسە يۇقىرى باھادا ساتتىم» ـ بۇ 1985 ـ يىلى جۇڭگوغا ساياھەتكە كەلگەن بىر فرانسىيىلىكنىڭ دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن گېزىتتە ئېلان قىلغان بىر پارچە ماقالىسىنىڭ بىر ئابزاسى، مەن بۇ ماقالىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم ھەمدە ئۇنى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدىم.

شۇ چاغدا بىرقىسىم ئۇيغۇرلار يولنى يىراق كۆرمەي، تىل ۋە يول ئوقۇشماسلىقتىن، بولۇپمۇ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ بۇ يەردە تۇتۇلۇپ قالسام قانداق قىلارمەن، دېگەنلەرنى ئويلىماستىن بېيجىڭغا كېلىپ ئوچۇق - ئاشكارا نەشە چەككەن. بېيجىڭدىكى نۇرغۇن يەرلىك كىشىلەر ھەتتا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىدىكى بەزى خادىملارمۇ نەشە چېكىشنى پەقەت ئۇيغۇرلار ئارقىلىقلا كۆرگەن. بەزىلەر بۇنى «ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى» دەپ قاراپ كارى بولمىغان. ھەتتا ئوچۇق - ئاشكارا ئېلىپ - سېتىش ئىشلىرىمۇ بولغان. چۈنكى 1985 - يىلىدىن ئىلگىرى ئاپتونوم رايونىمىزدا زەھەرلىك بۇيۇملارنى ياساش ۋە سېتىش ئىشلىرىنى چەكلەش پەقەت غۇلجا، قەشقەر قاتارلىق تۆت ۋىلايەت بىلەنلا چەكلەنگەنىدى. نەشە ياساپ ساتىدىغانلار جازالىناتتى. بۇنداق دېلولارمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. 1985 - يىلىدىن كېيىن نەشە كېڭىيىپ پۈتۈن شىنجاڭغا تارقالغان. دېلولارمۇ كۆپىيىپ ج خ ئورۇنلىرىنى خېلىلا جىددىيلەشتۈرۈپ قويىدى. مانا ئەمدى نەشە بېيجىڭنىڭ ۋاڭفۇجىڭ كوچىسىدىن پارىژغىچە تارقالغان. بېيجىڭ شەھەرلىك ج خ ئورگىنىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار شۇ ئىشتىن كېيىن ھوشيار بولۇپ ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان بولغان. ھەتتا دەسلەپتە موخوركا چەككەن بىرقىسىم ئۇيغۇرلارنى نەشە چەكتىڭ دەپ يىغىۋېلىپ سوراق قىلغان. 1995 - يىلى يىل ئاخىرىغىچە بېيجىڭ شەھىرى بويىچە XX كىشى نەشە سېتىپ تۇتۇلۇپ قېلىپ قانۇن بويىچە جازالانغان. ئەپسۇسكى «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك»، «ئالتۇن ھىلال ئاي»نىڭ ئامبۇرسىمان مۇھاسىرىسىدە قالغان جۇڭگو زېمىنىدا نەشىلا ئەمەس، بەلكى خروئىن، كوكائىن، ئەپيۇن قاتارلىق زەھەرلىك چېكىملىكلەر كەڭ تۈردە يامراشقا باشلىغان. 1990 - يىلى تەكشۈرۈلگەن زەھەرلىك بۇيۇملار دېلوسىدا شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە 10 - ئورۇندا تۇرغان. ئەمما زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغانلارنىڭ سانى مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدىكەن. شۇڭا بېيجىڭدىكى ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ بىر مەھەل قاتتىق زەربە بېرىش، قاتتىق تەكشۈرۈش، قوغلاپ چىقىرىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن. 1985 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى كەندىر تېرىشنى چەكلەشنى جاكارلىغاندىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلار نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ يوشۇرۇن كەندىر تېرىپ نەشە ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساسەن چەكلىگەنىدى. بىراق ئۇنىڭ بىر ۋاراق مەمۇرىي بۇيرۇق بىلەن ئۈزۈل - كېسىل تۈگىشى تەس ئىدى. نۇرغۇن كىشىلەر تېخىمۇ يوشۇرۇن، تېخىمۇ مەخپىي ئىش كۆرۈپ داۋاملىق جىنايەت سادىر قىلىۋەردى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە بۇ ئۇلارنىڭ «كونا ئەنئەنىسى، كونا ئادىتى» ئىكەن. مەن بېيجىڭدىكى بىرقىسىم تىجارەتچىلەردىن «نەشە بىلەن ئالتۇننىڭ باھاسى تەڭ» دېگەن گەپنى كۆپ قېتىم ئاڭلىدىم. 1993 - يىلى كۈزدە مەن ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا كېتىۋېتىپ پويىزدا نەشە چېكىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. نۇرغۇنلىرىنىڭ يېنىدا نەشە ئۈزۈلمەيدىكەن. بۇ نەشىلەرنى يېنىدا ئولتۇرغان «خوتۇن»لىرى ياكى «ھەمراھ»لىرى ساقلاپ بېرىدىكەن. كېيىن مەن بېيجىڭدا بىر تۈركۈم ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرنىڭ قولغا چۈشۈپ خانىۋەيران بولغانلىقىنى، قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ ئۆلۈكنى قويىدىغان يەر تېپىلمىغانلىقىنى

كۆرۈپ، ئۇلارغا تولىمۇ ئېچىندىم ۋە غەزەپلەندىم. ئۇلار ئۆزىگە، ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغىمۇ، مىللەت ۋە دۆلەتكىمۇ ئېغىر زىيان سالغانلىقى ئۈچۈن تېگىشلىك جازاغا تارتىلدى. 1993 - يىلى ۋېيگۇڭسۇن ئۇيغۇرلار بازىرىدىكى «يېڭى قاشتېشى رېستورانى» دا ئاشپەزلىك قىلىدىغان ئا XX باشقىلارنىڭ كەينىگە كىرىپ بىر چېكىم خىروئىن چېكىپ قويۇپ ئاخىر ئىشتىن ھەيدىلىپ كوچىدا قېلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن ئۈچ يىللىق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن.

- يا XX بېيجىڭ چەت ئەل تىلى ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ ئالتە يىل ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ ئۈچ يىل خىروئىن چەككەن. خىروئىن ئۇنىڭ 160 مىڭ يۈەنلىك مال - مۈلكىنى ۋەيران قىلىشىۋەتكەن. ئۇ خېلى ھاللىق ئائىلىنىڭ ئەركە پەرزەنتى ئىدى. بىر كۈنى خۇمارى تۇتۇپ 30 گرام ئالتۇنغا 8.5 گرام خىروئىننى تېگىشىۋەتكەن. 1991- يىلى 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كانادالىق بىر ساياھەتچى بېيجىڭ ئايرودرومىدا تەكشۈرۈلۈپ ئۇنىڭ قوينىدىن ئالتە خالتىچاقتا نەشە چىققان. ساقچىلار ئۇنىڭدىن ئىككى كىلوگرام كېلىدىغان بۇ نەشىنى قەيەردىن ئالغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ بۇنى قەشقەر سەمەندىكى بىر ئۇيغۇر بالىدىن ئالغانلىقىنى، ئۇنى كاناداغا ئېلىپ بېرىپ ساتىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ بۇنى «شىنجاڭنىڭ موخوركىسى» دەپ يوشۇرماقچى بولغان بولسىمۇ قۇتۇلالمىغان.

1991 - يىلى 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى خوكمان بىلەن شىلدىر باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن پاكىستان ئارقىلىق 3 - قېتىم قەشقەرگە كېلىپ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن نەشىدىن 3.5 كىلوگرام سېتىۋالغان. ئۇلار بۇ نەشىنى ئېلىپ شاڭخەيدىن ياپونىيىگە كېتىش ھارپىسىدا ج خ خادىملىرى تەرىپىدىن تۇتۇلغان. ئۇلار قەشقەردىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سەككىز كىلوگرام نەشە سېتىۋالغانلىقىنى ئىقرار قىلغان. 1995 - يىلى 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چۈشتىن كېيىن بېيجىڭ ۋاقتى سائەت بەشتە، گەنجاكۇدىكى «شىنجاڭ كەنتى» دە تۇيۇقسىز ساقچىلار پەيدا بولۇپ ئىككى تەرەپتىن قورشاپ 33 ئۇيغۇر ئاشخانىسىنى قاتتىق ئاختۇرغان. 400 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر تىجارەتچىنى بىر يەرگە يىغىپ نىشانلىق تۇتۇلغانلاردىن 30 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر تىجارەتچىنى نەق مەيداندا قولغا ئالغان. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئىككى كىشىدىن باشقا قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىدىن زەھەرلىك چېكىملىك چىققان. ئەڭ كەم دېگەندىمۇ بىر چېكىمدىن، كۆپرەكلىرىدىن بىر بولاق خىروئىن قولغا چۈشۈرۈلگەن. شۇ كۈنى بىرلا ۋاقىتتا ۋېيگۇڭسۇن ئۇيغۇر كەنتىدىمۇ تۇتۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ جەمئىي 40 نەچچە ئۇيغۇر ياش تۇتۇلغان. بىزنى تېخىمۇ ئېچىندۇرىدىغان، قايغۇغا سالىدىغان ئىشلار شۇكى، ئۇلارنىڭ قىلمىشى ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلەنلا تۈگىمەي بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ يۈزىنى يەرگە ئۇرۇپ باشقىلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان ئىشەنچىسىنى كۈندىن - كۈنگە سۇسلاشتۇرۇپ قويماقتا.

## بېيجىڭلىقلار نەزىرىدىكى شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇرلار

بېيجىڭلىقلار شىنجاڭنى ۋە ئۇيغۇرلارنى قانداق چۈشىنىدۇ؟ ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى ئۇيغۇرلار زادى قانداق؟ بۇ مەسىلە توغرۇلۇق مەن ھەر خىل قاتلامدىكى بېيجىڭلىقلار بىلەن پاراڭلىشىپ، خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن ئون نەچچە يىلدىن بۇيان شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇرلارنى بىرقەدەر چوڭقۇر چۈشەنگەن بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇرلارنى ناھايىتى سىرلىق بىلىدىغانلىقىنى، يەنە بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنى زادىلا چۈشەنمەيدىغانلىقىنى، پەقەت كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىمى، گېزىت - ژۇرنال قاتارلىق تەشۋىقات ماتېرىياللىرى ئارقىلىق شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئاز-تولا چۈشەنچىگە ئىگە بولغانلىقىنى ھەتتا «ئۇيغۇر» دېگەن نامنى ئاڭلىسا كۆز ئالدىغا دەرھاللا چۆل- باياۋاندا تۆگە يېتىلەپ كېتىۋاتقان، ئېشەك مىنىۋالغان، يازدىمۇ تۇماق كىيىۋالىدىغان ساقاللىق، يالاڭ ئاياغ كىشىلەر ۋە كاۋاپچىلىق قىلىۋاتقان ئۇيغۇر بالىلار، ئەتلەس كۆڭلەك كىيىۋالغان ئۇسسۇلچى ئاياللار ھەم قوغۇن، ئۈزۈم سېتىۋاتقان باققاللار كۆز ئالدىغا كېلىدىغانلىقىنى بىلدىم. مەدەنىيەت قاتلىمى بىرقەدەر يۇقىرىلىرىدىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ يازغۇچىسى سەيپىدىن ئەزىزى، شائىرى تۆمۈر

داۋامەت، ناخشىچىسى دىلبەر يۇنۇس، ئۇسسۇلچىسى ئايتىللا قاسىم» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. تۆۋەن قاتلامدىكى بىر قىسىم بېيجىڭلىقلار مەندىن: «ئۇيغۇرلار كاۋاپتىن باشقا يەنە قانداق تاماق يەيدۇ؟» ، «يۇرتۇڭلاردا ماشىنا قاتنامدۇ؟» دېگەندەك كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغان بىرمۇنچە غەلىتە سوئاللارنىمۇ سورىدى. بىراق شىنجاڭنى كۆرگەن، ئۇيغۇرلار بىلەن ئاز - تولا ئالاقىسى بولغانلارنىڭ قارىشى باشقىچە بولۇپ، ئۇلار شىنجاڭغا ۋە ئۇيغۇر خەلقىگە چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتى بارلىقىنى، شىنجاڭنىڭ ھەم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئىچىدە مۇھىم ئورنى بارلىقىنى ئېيتىشتى.

جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى فېڭ ئەپەندى مۇنداق دېدى:

- 50 - يىللاردا مەن شىنجاڭنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتىم، ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق مىللەت ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ بىلمەيتتىم. 60 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا باشقىلار ۋە كىتاب - ژۇرناللار ئارقىلىق شىنجاڭنى ھەم ئۇيغۇرلارنى چۈشەندىم. يېرى كەڭ، بايلىقى مول، مائاشى يۇقىرى دەپ ئاڭلىدىم. 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەن شىنجاڭغا بېرىپ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. شىنجاڭنىڭ تەبىئىي شارائىتى، ئىسسىق ئاپتىپى، قاتتىق سوغۇق شامىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېگىلمەس - سۇنماس مىجەز - خاراكتېرىنى يېتىلدۈرگەن. تارىم دەريا ۋادىسىدىكى توغراقلار، چۆل - جەزىرىدىكى يۇلغۇنلار، تۇرپان ئويمانلىقىدىكى كارىزلار ۋە تەڭرىتاغ تىزمىلىرى چوققىسىدىكى تىك تۇرغان قارىغايلار دەل ئۇيغۇرلارنىڭ سىمۋولى بولالايدۇ.

بۇ پروفېسسور ھازىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قىزىقىپ، ئۇيغۇرلاردىن چىققان نۇرغۇن شائىر، يازغۇچىلارنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى، جۈملىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقەرى، سەككاكى، لۇتفى، زەلىلى، تېيىپجان ئېلىيوف، زوردۇن سابىر، مۇھەممەت باغراش، ئىمىن ئەخمىدى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى بىلىدىكەن.

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەلۇم بىر ناھىيىسىدە 15 يىل ئىشلەپ، ئۆز يۇرتى بېيجىڭغا قايتىپ كېلىپ ھازىر بېيجىڭدىكى مەلۇم بىر ئاشلىق پونكىتىدا مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان خې ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان تەسىراتىنى سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

- ئۇيغۇرلار ناھايىتى مېھماندوست ھەم چىقىشقاق مىللەت، مېنىڭ ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر خىزمەتداشلىرىم بىلەن دوستلۇقۇم ئۈزۈلۈپ قالمىدى، دائىم خەت - ئالاقە قىلىشىپ تۇرىمەن، ئۇيغۇر تائاملىرىنى سېغىنىمەن، ئۇلارنىڭ ناخشا - ئۇسسۇللىرى، قول ھۈنەر - سانائەت بۇيۇملىرى، تۈرلۈك مەززىلىك تائاملىرى دۇنياغا مەشھۇر، بىراق ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئىچكىرىدىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا سېلىشتۇرغاندا ئۇلار تېخى نامرات، تەرەققىي تاپقان ئۆلكە - شەھەرلەردىكى خەلق بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئازغىنە كىرىمگە قانائەت قىلىدۇ، دەرۋەقە شىنجاڭ زېمىنى كەڭرى، بايلىقى مول بىر ماكان، ئەمما مەن شىنجاڭدا 15 يىل ئىشلەپ بېيىيالماي، بېيجىڭغا كېلىپ بەش يىل بولمايلا بېيىپ قالغىنىمغا ھەيرانمەن، ئۆتكەن يىلى (1994 - يىلىنى دېمەكچى) يىل ئاخىرىدا 180 مىڭ يۈەن مۇكاپات ئالدىم، بۇنداق ئىشنى شىنجاڭدا تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ يەردە مائاشىمىز ھەقىقەتەن شىنجاڭدىكىدىن تۆۋەن، قوغۇن - ئۈزۈم، گۆش، پاختا، نېفىت، گاز قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى شىنجاڭدا ئەرزان بولۇشى كېرەك ئىدى، بىراق بېيجىڭدە ئۇ يەردىكىدىنمۇ ئەرزان، بېيجىڭدا ئادەم شۇنچە كۆپ بولسىمۇ سانائەت بۇيۇملىرى ۋە يېمەك - ئىچمەكلەر شىنجاڭنىڭكىدىن كۆپ ئەرزان. دېمەك، شىنجاڭنىڭ شۇنچە كۆپ يەر ئاستى بايلىقى، نۇرغۇن تەرەپلەردە ئۈستۈنلۈككە ئىگە شۇنچە ياخشى شارائىتى تۇرۇپمۇ ئىچكىرىدىكى بىر قىسىم جايلارنىڭ ئارقىسىدا قالغان. گۇاڭدۇڭ قاتارلىق ئۆلكىلەرگە تېخىمۇ سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىنى بېيجىڭدىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىغا سېلىشتۇرغاندىمۇ زور پەرقلىنىدۇ. ئەپسۇسلىنىدىغىنىم شۇكى، خېلى كۆپ ئۇيغۇرلار ئۈچ ۋاق قورسىقى تويسىلا، كىيىمى پۈتۈن بولسىلا قانائەت قىلىدىكەن. ھەتتا بەزىلىرى شىنجاڭنىڭ تاۋارلىرى ئىچكىرىدىكىدەك كەسكىن رىقابەتتە قالمىغىنىغا خۇش بولۇپ بىخارامان ياشىغىنىغا رازى ئىكەن. بۇ بازار ئىگىلىكى قارىشىنىڭ سۇسلىقىدىن بولغان. ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي ھالىتىدە قانداق ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقى ماڭا نامەلۇم، ئۇلارمۇ ئىچكىرىدىكى خەنزۇ ھۈنەرۋەنلەر ۋە كۆكتات تېرىش ماھىرلىرىغا ئوخشاش بازار ئىگىلىكى ئېڭىنى بولۇپمۇ رىقابەت ئېڭىنى تۇرغۇزۇشى، ياماقچىلىق قىلىش،

سىرچىلىق قىلىش، ئەسكى - تۈسكىلەرنى يىغىپ سېتىش، بوتۇلكىلارنى ۋە قەغەزلەرنى يىغىپ سېتىشتەك ئىشلارنى قىلىشنى نومۇس دەپ قارىماسلىقى كېرەك.

بېيجىڭدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ھەم مەلۇم بىر شىركەتتە ئىشلەۋاتقان بىر ئۇيغۇر ياشتىن: «سىز ئۇيغۇر قىزى بىلەن توي قىلىشنى خالامسىز؟» دەپ سورىغىنىمدا، ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابى مېنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئويغا سالدى. ئۇ پۈتۈنلەي بېيجىڭلىقلارنىڭ تەلەپپۇزىدا مۇنداق دېدى: «ئاتا - ئانام بىلەن شىنجاڭغا بىر قېتىم بېرىپلا ئۇ يەردىن بىزار بولغانىدىم، چۈنكى مەن ئۆز يۇرتىمىز دېگەن ئۇ جايىنىمۇ ياقتۇرمىدىم، چاڭ - توزان كوچىلار، روھسىز قىياپەتلەر مېنى ئەپسۇسلاندۇردى، قىزلىرىنىڭ مىجەزى ۋە يۇرۇش - تۇرۇشلىرىدىن مەن ئۇلار بىلەن چىقىشالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. شۇنداقتىمۇ ئاخىر تەقدىرگە باش ئەگمەي ئىلاج بولمىدى...» بۇ يىگىت 28 ياشقا كىرگەنلىكتىن ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىغا باش قاتۇرۇپ، ئۇيغۇر قىزىغا تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن مىڭ تەسلىكتە ئۈرۈمچىگە بىللە ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ لېكىن ئۆز يۇرتىنىڭ قىياپىتى، ياشلارنىڭ روھىي ھالىتى ئۇنىڭغا ياقمىغان. 40 نەچچە يىل بېيجىڭدە ئىشلىگەن بىر ئۇيغۇر زىيالىينىڭ قىزىمۇ شىنجاڭغا بىر قېتىم كېلىپلا ئۇيغۇر يىگىتلىرى بىلەن چىقىشالمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بېيجىڭلىقلارنىڭ شىنجاڭ ۋە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارغا بولغان قارىشى تامامەن توغرا بولۇشى ناتايىن، بىراق ئۇلارنىڭ بەزى قاراشلىرى كىشىنى ھەقىقەتەن ئويغا سالىدۇ. ئەتراپىمىزغا سەپسالىدىغان بولساق، يۇقىرىقى سۆزلەرنىڭ ئانچە ئورۇنسىز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلالايمىز. ئىچكىرى ئۆلكىنىڭ مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېتىدە مەخسۇس رۇس تىلى كەسپىدە ئوقۇپ چىققان بىر يۇرتدىشىمىز تەشكىلنىڭ تەقسىماتىغا بويسۇنماي، چوڭ شەھەردە ئىشلەشنى تەلەپ قىلىپ، ئاخىر ئىشسىز قالغان. چوڭ شەھەرلەردە خىزمەت ئورنىنىڭ بارغانسېرى رىقابەت ئاستىدا قالغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان بولسىمۇ، كىچىك شەھەرلەرمۇ ئادەملەر بىلەن تولۇپ، ئىشسىزلارنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، ئۇ كىچىك شەھەرگە بېرىشنى خالىماي ئىشسىز قالغان. دېمەكچىمەنكى، ھازىرقى دەۋر ئىختىساسلىقلارنىڭ رىقابەت دەۋرى، كىم ئەزمىلىك قىلسا، كىم پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويسا، شۇ ئارقىدا قالىدۇ، ھەتتا كىچىك ئورۇنلارمۇ قالماسلىقى مۇمكىن! چۈنكى ئەتراپىمىزغا سەپسالىدىغان بولسا، چوڭ ئىشلار ئۇياقتا تۇرسۇن ھەتتا گۆر قازىدىغان، قوغۇن تېرىيدىغان، باغۋەنچىلىك قىلىدىغان، يول ياسايدىغان، تام قوپۇرىدىغان، يايمىچىلىق قىلىدىغان... لار ئىچىدىمۇ ئۇيغۇر بالىلىرىنى تېپىش قىيىن بولۇپ قالدى. شۇنداق ساغلام كېلىشكەن ئۇيغۇر بالىلىرى، چىرايلىق كىيىنىۋالغان قىز - چوكانلار ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ياكى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ، شۈكرى - قانائەت قىلىپ، پەن - تېخنىكا ئۆگىنىش، ھۈنەر - سەنئەت ئۆگىنىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغان. ئۇلار چوڭ ئىشقا قولى يەتمەي، كىچىك ئىشنى ياراتماي، بىچارە ئاتا - ئانىلارنىڭ ئازغىنە پۇلى بىلەن ئويناپ يۈرۈپ، ئىش كۈتۈشكە رازىكى، ساغلام تېنى ۋە تولۇپ تاشقان زېھنىي كۈچىنى ئىشقا سېلىپ بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇشنى خالىمىغان. ئەسكى - تۈسكىلەرنى يىغىپ پۇل تېپىشنى نومۇس دەپ قارىغان. يەككە تىجارەتچى بولۇشنى خەۋپى تولا ئىش دەپ ھېسابلىغان. كونا ئۆي سەرەمجانلىرى، بوتۇلكا، كونا ئاياغ، كونا كىيىم - كېچەك، قەغەزلەرنى يىغىپ سېتىپ باي بولغانلارغا كۆزى قىزارغان. قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدا ۋە باشقا ئېغىر ئەمگەك ئورۇنلىرىدا مەدىكارلىققا ئىشلەپ پۇل تېپىشنى بەك جاپالىق ئىش دەپ قارىغان. نەتىجىدە، يېقىنقى نەچچە يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ۋۇجۇدى بازار ئىگىلىكى قارىشى بىلەن تولغان ئىچكىرىدىكى ئىشلەمچىلەر ئۆزىنىڭ ھۈنەر - ماھارىتى ۋە ھالال كۈچىگە تايىنىپ، يۇرتىمىزدا بىز كۆزىمىزگە ئىلمىغان، ئىشلەشنى خالىمىغان ئىشلارنى قىلىپ تاپقان پۇلى بىلەن ئۆز يۇرتىغا بېرىپ قەۋەتلىك بىنا ئۆيلەرنى سالدى.

بىز يېڭى دەۋردە يېڭىچە ئوبراز يارىتىشىمىز، ئىختىساسلىقلار بازىرىدا ئۆز كارامىتىمىزنى كۆرسىتىپ ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق باشقىلارنى قايىل قىلىشىمىز، ئىچكىرىدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلاردىن ئۆگىنىپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، كەسكىن رىقابەت ئېڭىمىزنى تىكلەپ، ھەر جەھەتتە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، شۈكرى - قانائەت قىلىش قارىشىنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك.

# شېئىر، سىمۋول ۋە باشقىلار

جېلىل خېلىل

## 1

تەبىئىي پەن ئىنسانىيەتنى ھەقىقەتكە يېقىنلاشتۇرغۇچى كۈچ. ئۇ نەق، رېئالنى، ئۈزۈل - كېسىل خاراكتېرى ئارقىلىق مەنىۋىيەتنى ئانچە مەنسىتىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر ئىپادىلىنىش شەكلى ئادەمنىڭ ئەلمىساقتىن قىيامەتكىچە بولغان ئۆزلۈك چۈشەنچىسىگە بىر - بىرلەپ خاتىمە بېرىپ ماڭىدۇ. شۇڭا ئۇ كىشىلەرنى مەلۇم مەقسەت ياكى چاقىرىق ئاستىدا بىر بايراق ئاستىغا ئۇيۇشتۇرىدىغان مەسلەك بولۇپ شەكىللىنەلمىگەن ھەم مەنىۋى كامالەت تۈسىنى ئالالمىغان، ئەكسىچە ئىجتىمائىي پەن ئۇنداق ئەمەس. ئۇ رېئالنى كۆلەمدە ھە دېگەندە شەكىلگە ئىگە بولۇپ نامايان بولمىغىنى بىلەن ئۆزىنىڭ مەۋھۇم ئەمما مۇقەررەر قۇدرىتى ئارقىلىق دۇنياغا، ئىنسانىيەتكە ئۈن - تىنسىز ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلمەكتە. كۆرۈنمەس قوللىرى بىلەن ئادەملەرگە يول سىزىپ بەرمەكتە. ئىجتىمائىي پەن يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، نوپۇزىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تەبىئىي پەنگە مۇراجىئەت قىلىپ كۇرمىنىڭ شەكلىدە چېگرالانماقتا. تەبىئىي پەن ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئورنىنى، تەھدىتىنى كۈچەيتمەكتە.

شېئىرىيەت تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن ھەر ئىككىسىگە مەنسۇپ. ئۇ ئىنسانىيەت قەلبىدە ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ، يۈكسەك ئورنى، مۇقەددەسلىكى بىلەن دىنغا ئوخشايدۇ (ئەمما ئۇ ھەرگىز دىن ئەمەس). مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇنى ھەربىر شائىر باشقىلارنى ئۆزىنىڭ مەنىۋى كامالىتىگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن تارقىتىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يەتكەن پەللىسىنى يوشۇرۇن جاكارلايدۇ. بۇنداق شارائىتتا تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەن دېگەنلەر شائىرنىڭ ئېڭىدا مۇتلەق يوقىلىدۇ. پۈتكۈل مىللەت، ئىرق، تىل، دۆلەت ۋە ھەرقايسى دىنلار يوقلۇق تونىنى كىيىپ باب - باراۋەر ھالەتتە بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە يىغىلىپ ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك ئورنىنى قۇتلۇقلىشىدۇ. بۇ شائىردىكى يۈكسەك مەنىۋى مەنزىل، يەنى بارلىق ئىنسانلارغا ئورتاق مۇھەببەت قويغان سۆيگۈ ئۇتوپىيىسىدۇر. ئەمما بۇنداق پەللىگە يېتىش ھەرگىز ئاسان، تاق لىنىيىلىك بولمايدۇ. بۇنداق پەللە ئومۇمەن توغما شېئىرىي دىت (توغما سەزگۈرلۈك، تالانت)، ئىچكى كەيپىيات، سىمۋول - بېشارەت، تەجرىبە، ساماۋىلىق، غالىبلىق ۋە مەغلۇپلۇق، كۆتۈرەڭگۈلۈك ۋە چۈشكۈنلۈك، ئۇلۇغلۇق ۋە ئەرزىمەسلىك، ئىندىۋىدۇئاللىق، يوشۇرۇن ئاڭ، مەنىۋى ۋە ماددىي بېسىم، شائىر ئەسلى تەۋە بولغان تارىخ ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئالدىن كۆرەرلىك ۋە بىئىمكانلىق، ئۆزلۈك قارىشى، ماكان ۋە زامان سەزگۈسى قاتارلىق ئامىللارنىڭ شائىرنى تەكرار تاۋلىشى ۋە بۇلارنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشى ھەم داۋاملىشىشىنىڭ سەمەرىسىدۇر. بۇنداق پەللىدە شېئىر مۇڭلۇق قىرائەتكە ئايلىنىپ ئىنسان ۋە ھەممە مەدەنىيەت تەركىبلىرىنىڭ ئۆزئارا يۇغۇرۇلغان مەنىۋى كامالىتىنى سىزىپ چىقىدۇ. بار ئايانلىقتىن ئاسايىشلىق، چوڭقۇر سۆيگۈ - مۇھەببەت بەرق ئۇرۇپ تۇرىدۇ. ھېس قىلىشىمچە يۈسۈپ خاس ھاجىپ جالالىددىن رۇمى، نەۋائىي، تولستوي، تاگور قاتارلىق كامالەت ماگناتلىرى كىشىلىك دۇنياسىغا ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ سۆيگۈنى بەخش ئەتكۈچىلەردۇر. ئۇلار بارلىق شەيئىلەردە ئۆزىنى (سۆيگۈنى) نامايان قىلالىدى، شۇنداقلا بارلىق شەيئىلەر ئۇلار ئارقىلىق سۆيگۈ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈش شەرىپىگە ئېرىشەلىدى. ئەپلاتون «غايىۋى دۆلەت» ئارقىلىق قۇللۇق جەمئىيىتىنىڭ، كامپانېلا «قۇياش شەھىرى» ئارقىلىق كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئۇتوپىيىسىنى يارىتقان بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ئارقىلىق فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئۇتوپىيىسىنى سىزىپ بېرىپ ئىنسانىيەتكە ئەدلى - ئادالەت، قانۇن، بىلىم بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان كامالەتلىك جەمئىيەت ئوبرازىنى تەقدىم ئەتتى. دېمەكچىمەنكى، ئۆز دەۋرىدىكى ھەر خىل مەدەنىيەت تىندۇرمىلىرىنى ئۆزىدە ھازىرلىغان ئۇلۇغ بۇۋىمىز دۇنياۋى ئەللامە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىنساننى سۆيۈش ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاشنىڭ نادىر ئۆلگىسىدۇر.

## 2

شېئىرىيەتتىكى سۇبيېكتىپ ئاڭ ۋە ھەر خىل شەكىل، ھەر خىل دەرىجىدە قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان سىمۋولىزىم ھەققىدە ئۇنىۋېرسال سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىدى. «ئوغۇزنامە»، «قۇتادغۇبىلىك» ۋە نەۋائىي شېئىرلىرىدىكى سۇبيېكتىپ ئاڭ ۋە سىمۋوللۇق ھېكمەتلەر ئۆزلىرىنىڭ يېڭى تەرەققىيات سەۋىيىسىنى يارىتالمىغان بولغاچقا «قەدىمكىسى دۇردانە بولسىمۇ ھازىرقىسى ۋەيرانە» بولغان شېئىرلار كۆپلەپ بارلىققا كېلىپ ئەۋلادى ئەجدادىغا يەتمەيدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈردى. غەربنىڭ سىمۋولىزملىق ئەسەرلىرىگە قارىتا كونكرېتنى تەھلىل ئېلىپ بېرىلماي ئۇنىڭ تەقدىرى غەربىي ياۋروپادا مەيدانغا كەلگەن پەلسەپىۋى ئاساسىغا چېتىلىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ماس كەلمەيدۇ دېيىلىدۇ. مەلۇمكى، شىنجاڭ قەدىمدىنلا بىرنەچچە چوڭ مەدەنىيەت سىستېمىلىرىنىڭ ئۆزئارا كېسىشىپ چۆكمە ھاسىل قىلغان جايى. يۇقىرىقى ئەسەرلەردىكى بالاغەت ماھىيەتتە ئاپتورلاردىكى مەدەنىيەت تىندۇرمىلىرىنىڭ زاھىرلىنىشى. ئوتتۇرا ئەسىر دۇنيا سىمۋولىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۈيۈك ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك» (مەن شۇنداق قارايمەن) ھەر خىل مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن ئەسەردۇر. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ مەزمۇن، قۇرۇلما، يەتكەن بەدىئىي پەللىسىگە قاراپ سىمۋول جاھانغا بىز ئۇيغۇرلاردىن تارالغان دېسەك ھەرگىز مۇبالىغە بولمايدۇ. ئەپسۇسكى بىز سىمۋول بەرپا قىلغان بىلەن سىمۋول ھەققىدىكى نەزەرىيىسىگە سەل قارىدۇق. 19 - ئەسىردىكى غەرب سىمۋولچىلىرى سىمۋولنى قوللىنىش بىلەن تەڭلا ئۇ ھەققىدىكى ئاجايىپ - غارايىپ نەزەرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ (باشقا ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئىدېئولوگىيە، پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى تەشەببۇس نەزەرىيىلەرنى دېمەي تۇرايلى) جامائەتچىلىكنىڭ كۆزىنى ئالا - چەكمەن قىلىۋەتتى. پۈتكۈل دۇنيا ئاللانپوئې، بودلېر، رىمبو، ۋېرلىن، ۋالىرې قاتارلىقلارغا ھەيرەتتە تىكىلدى. نەتىجىدە ئەدەبىيات ساھەسىدە ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بارلىققا كېلىپ كېيىنكى دۇنياۋى غول ئېقىم مودېرنىزم ئۈچۈن يول ئېچىلدى ۋە ئۇل سېلىندى. بىزدە بولسا سىمۋول نەۋائىيدىن كېيىن بارا - بارا پەسكويغا چۈشۈپ ئاخىرىدا بېرىپ يۈزەكى ئوخشىتىشلارنى سىمۋول دەيدىغان چۈشەنچىلەر بىلەن كۇپايىلەندۇق. شېئىرىيەتتە ئوبيېكتىپ ئاڭنىڭ ئورنى، تەشەببۇسكارلىقى يوققا چىقىرىلىپ ئىنسان تەبىئىتى چەيلەنگەن، بېكىنمە، يېپىق، تاق لىنىيىلىك، شائىرنىڭ ئىچكى (روھى) ھەزىم قىلىشنى قوبۇل قىلمىغان، ساختا رېئالىزىم تونىغا ئورالغان «ئاخبارات خاراكتېرلىك» شېئىرلار مۇھىم ئورۇنغا ئۆتتى.

بىز سىمۋولنىڭ قۇدرىتىنى ھازىرقى زاماندىكى ھەرقانداق بىر دۇنياۋى داڭلىق ئەدەبىي ئەسەردىن ئېنىق ھېس قىلالايمىز. ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى ھايات تارىخىغا نەزەر تاشلىغاندا ئىنسان ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، يارىلىش ۋە يوقىلىشنى سىمۋول ئارقىلىق كونكرېتلاشتۇرغان، شەكىللىگە، مەنىگە ئىگە قىلغان. يەنىمۇ ئىچكىرىلىسەك، ئىنسان تەڭرى تەرىپىدىن تەڭرىگە ۋاكالىتەن ئاپىرىدە قىلىنغان «بىر شېخىدا مىڭ جىلمىيىش» بەرق ئۇرۇپ تۇرغان سىمۋولدۇر. ئالەمنى بىر مۇمكىنسىز گەۋدە دېسەك، ئىنسان ئاشۇ مۇمكىنسىز گەۋدىدە كۆيۈۋاتقان جان. ئالەمنى غايەت زور بىر كېلەڭسىز ئالقان دېسەك، ئىنسان ئاشۇ كېلەڭسىز ئالقاندا پۇت تىرەپ تۇرۇش نۇقتىسى ئىزدەپ لىغىرلاپ تۇرغان سىماب. مەيلى ئالەم، مەيلى ئادەم ۋە ياكى تەڭرى بولسۇن ھېچقانداق يەردە، ھېچقانداق ۋاقىتتا سىمۋولدىن مۇستەسنا ئەمەس. ماھىيەتتە ھەممىسى بىر - بىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى سىمۋول ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرىدۇ.


## 3

نەچچە يىللىق شېئىرىيەت ئەمەلىيىتىمىزدىن مەلۇمكى، بىزدە مىللىيلىك بىلەن زامانىۋىلىق، تار ماكان چۈشەنچىسى بىلەن يەرشارى خاراكتېرلىك ماكان چۈشەنچىسى، ھەرقايسى ئېقىم ۋە ئىجادىيەت مېتودى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر تەرەپلىمە، يەككە، يۈزەكى ياكى خاتا چۈشىنىلىپ، خۇددى ئۇلار ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان زىددىيەت باردەك بىرسىنى كۆتۈرۈپ، بىرسىنى چەتكە قېقىش ياكى بىرسىنى بېسىپ، بىرسىنى كۆپتۈرۈشتەك شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە مۇخالىپ بولغان قاراش ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى.

بىزدە قانچە مىللىي بولسا شۇنچە زامانىۋى بولىدۇ دەيدىغان تومتاق قاراش بار. شۇنداقلا

قانچە زامانىۋى بولسا شۇنچە مىللىي بولىدۇ دەپ قارايدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. ئابدۇقادىر جالالىدىن بىر ماقالىسىدە تەسەۋۋۇپچىلار ھەققىدە توختالغاندا بىزگە «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە پەۋقۇلئاددە دەرىجىدە مىللىي ماركا ۋە جەمئىيەت بوياقلىرىنى بەخشەندە قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كەتمىگەن. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە مىللىيلىك بار دېيىلسە ئۇ ئاساسەن تىل ۋە تەپەككۇردىكى مىللىيلىكتىن ئىبارەت»، «بىز ئەلشىر نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىگە قارىساق، ئۇنىڭدا دەۋر ئىزنالىرىدىن كۆرە، باقىيلىق ئىزنالىرى روشەن، نەۋائىي ماتېرىيال تاللىغاندا پۈتكۈل تۇران، يۇنان، ئىران، كەنئان دىيارلىرىغا نەزەر تاشلىغان» دېگەن ئۇچۇرنى يەتكۈزدى. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا بىزنىڭ ئەدەبىيات تارىخىمىزدا مىللىيلىك ئۇنچىۋالا تار، بېكىنمە، قاتمال ھالەتتە چۈشىنىلمىگەن. شۇنداقلا تىل ۋە تەپەككۇردىكى مىللىيلىكنى بىر پۈتۈن چۆرۈپمۇ تاشلىمىغان. بۇنداق ئامىللار «ئوغۇزنامە»، «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى»، قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا شېئىرلىرى، «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق ئەسەرگىمۇ ئورتاق. مىللىيلىك بىلەن زامانىۋىلىق ئوتتۇرىسىدا ئېنىق چېگرا بولغان ئەمەس. تارىختىكى پېشقان ئەدىبلەر مىللىيلىك ۋە زامانىۋىلىقنىڭ تومانلىرىغا چۆمكىلىپ ئولتۇرمىغان، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئىمكانىيىتىنى، مەنىۋىيىتىنى، تالانتىنى بوغۇشقا ئۇرۇنغان ھەرقانداق چەكنى قۇربىتى يار بەرگەن دائىرىدە بۆسۈپ ئۆتكەن. مەن «قۇم باسقان شەھەر» رومانىنى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى پىروزىچىلىقنىڭ يېڭى تەرەققىيات شەكلىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان ۋە مىللىيلىك، زامانىۋىلىق مەسىلىسىگە ياخشى جاۋاب بېرەلەيدىغان ئەسەر دەپ قارايمەن.

ئىنسانلار چوڭ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئاۋۋال يەر شارىلىق، خۇددى جۇتاۋ ئېيتقاندەك «دۇنيادا قانچىلىك ئىرق، مىللەت بولۇشىدىن، بۇ مىللەتلەرنىڭ قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىشىدىن، قانداق تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە بولۇشىدىن، مىللەتلەر ئارىسىدا ئىجتىمائىي فورماتسىيە ۋە روھىي ئالاھىدىلىك جەھەتتە قانچىلىك چوڭ پەرق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەم، ئۇلاردا ئوخشاش تەن ۋە روھ، ئادىمىي ھېسسىيات ۋە ئىدراك، ئىنساندا بولىدىغان بارلىق ئالاھىدىلىكلەر مەۋجۇت». بىز پەرقنى تەكىتلىگەندە ئورتاقلىقنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. مەدەنىيەت مەيلى يەرشارىنىڭ قايسى بۇرجىكىدە پەيدا بولسۇن ھامان ئۇنىڭ بىزگىمۇ ئورتاق بولغان ۋە ئۆرنەك قىلىدىغان جايلىرى بولىدۇ. بىز ئۆزىمىزنى كۈچلەندۈرۈش يولىدىكى ھەرقانداق مەدەنىيەتنى چەتكە قاقماسلىقىمىز لازىم. شېئىرىيەتتە يېڭى ئېقىم - ئۇسلۇب، نەزەرىيە - تەشەببۇسلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى تەرەققىياتنىڭ بېشارىتى، روھتىن يەنە بىر ئىشىك ئاچقانلىق. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئىلگىرىكى ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ۋە مېتودىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ئىنكار قىلىنىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ھەرقانداق يېڭىلىق كۆتۈرۈپ چىققۇچى ئۆز نەزەرىيىسى ۋە ئەسەرلىرىنىڭ بەلگىلىك مەزگىلدىكى ۋەكىلى، خالاس. ئۇ ھەرگىزمۇ ئەلمىساقتىن قىيامەتكىچە بولغان بىر پۈتۈن ئىجادىيەت ئەنئەنىسىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. تارىخىي نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا ھەرقانداق نەزەرىيە ئىنكار قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان بولىدۇ. ئەمەلىيەت تەرەپپاللىقى ۋە چەكسىزلىكى بىلەن نەزەرىيىگە خاتىمە بېرىپ ماڭغۇچى ئۇلۇغ دانىشمەندۇر. ھازىرقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمىزدە مەيلى ئەنئەنىۋى شەكىلدە شېئىر يازىدىغانلار بولسۇن (ھازىرچە شۇنداق دەپ ئايرىپ تۇرايلى) ياكى گۇڭگاچىلار بولسۇن ھەممىسى ئۆز قىممىتىنى ساقلىغان ھەم نامايىش قىلغان ھالدا تەرەققىي قىلىپ بارماقتا. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ شېئىرىيەتتىكى تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ. ئەمما بىر - بىرىگە چەك قويالمايدۇ ۋە يول سىزىپ بېرەلمەيدۇ. چەت ئەل ئەدەبىياتىنى ۋاراقلاپ كۆرسەكمۇ ھەرقايسى ئەدەبىي ئېقىم - ئۇسلۇبلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئەربابى بارلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن: رومانتىزمچى بايرۇن، رېئالىزمچى تولستوي، سىمۋولىزمچى بودلېر، رىمبۇ، ناتۇرالىزمچى زولا، سوتسىيالىستىك رېئالىزمچى گوركى، سېھرىي رېئالىزمچى گارسىيا ماركۇس، مەنىۋىيەتچى مونتالى، سۇررېئالىزمچى دىلان توماس، بىمەنىچى بېككېت قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ئۇلار ئۆزلىرىدە تېرەن بەدىئىي تىندۇرما ۋە ئەدەبىي تالانتىنى ھازىرلىغان كىشىلەر بولۇپ، جاپالىق تەرى بىلەن ئوخشىمىغان ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ۋە ئېقىمىدا ئەسەر يارىتىپ جاھاننى زىلزىلىگە سېلىپ پۈتكۈل يەر شارىلىقلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا ئالەمشۇمۇل تۆھپە قوشقان كاتتا پېشۋالاردۇر. ئەدەبىياتتا تۈرلۈك ئېقىم، ئۇسلۇب، نەزەرىيىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى كەسكىن رىقابەت ۋەزىيىتىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىغان، بۈگۈنىنىڭ ئەتىكى زور ئۇتۇققا ھامىلىدار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان، تالانت، ئەقىل، ئىجادىي كۈچ - قۇۋۋەتنى سىنايدىغان ھاياتبەخش ئالامەتتۇر.




**مۇھەررىردىن:** يورىي بورېۋ ئاتاقلىق سەنئەتشۇناس ئالىم، ئېستېتىكىغا ئائىت نۇرغۇن كىتابلىرى نەشر قىلىنغان. ئۇ كۆپ يىللاردىن بېرى، ستالىننىڭ ھايات - پائالىيىتى ۋە شەخسىيىتىگە ئائىت ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، «ستالىننامە» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان. تۆۋەندە شۇ كىتابتىن ئايرىم پارچىلارنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنىماقچىمىز.

## ستالىن ھەققىدە قىسقا تەرىپلەر

شولوخوف ستالىننى «ھەرىكەت قىلىدۇ، تەبەسسۇم قىلىدۇ، كۆزلىرى يولۋاسنىڭكىگە ئوخشايدۇ» دېگەن.

تروتىسكىي «ستالىن - ئەڭ مەشھۇر ئوتتۇراھالچىدۇر» دېگەن.

بۇخارىن ستالىننى «ماركسنى ئوقۇغان چىڭگىزخان» دېگەن.

كرېستىنسكىي «يولۋاس كۆزلۈك بۇ ئادەم ناھايىتى كۆپ كۈلپەت كەلتۈرىدۇ» دېگەن.

## ستالىننىڭ تاشقى قىياپىتى

ستالىن پاكىنەك ئادەم بولغان. مۇنبەردە تۇرغان چېغىدا ئۇنىڭ پۇتىغا كىچىككىنە ئورۇندۇق قويۇپ بېرىشەتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بويى سەپداشلىرىنىڭكى بىلەن تەڭ كۆرۈنەتتى. بويى پەس ئادەملەردە ئۆزىنى كەمسىتىلگەندەك ھېس قىلىش ۋە ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇشقا مايىل بولۇش ئادىتى كۈچلۈك بولىدۇ. يۈزلىرىدە چېچەك ئىزلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، مەخسۇس قوغدىغۇچىلار ئۇنى «چوقۇر» دېيىشەتتى. ئۇنىڭ ئۈستۈنكى لېۋى قىسقا، ئاستىنقى لېۋى ئالدىغا بۇرتۇپ چىققانىدى. ۋاپاتىدىن ئىككى يىل بۇرۇن پالەچ بولۇپ بىر قولى تۇتماس بولۇپ قالغان. سۆھبەتلەر ئارىسىدا ئېغىر تىنىپ، تېز - تېز مېڭىشقا باشلىسا مىجەزىنىڭ خىرەلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم بولۇپ قالاتتى. ئادەتتە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ يۈرەتتى، ئاۋازى بوغۇق ئىدى.

## ئۇنىڭ فامىلىسى، تەخەللۇسلىرى، لەقىمى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى

ستالىننىڭ ئائىلىۋى فامىلىسى - جۇگاشۋىلى.

ياشلىقتىكى شېئىرىي تەخەللۇسى - سوسېلو.

گرۇزىنلار ۋە يېقىن دوستلىرى ئارىسىدىكى تەخەللۇسى - سوسو.

پارتىيىۋى لەقىمى، تەخەللۇسى ۋە رەسمىي

فامىلىسى ـ ستالىن.
مۇخالىپلىرى ئارىسىدىكى ئاتىلىشى ـ بويىسۇنماس ۋىسسارىئونۋىچ.
30 ـ 50 ـ يىللاردىكى ساداقەتلىك زىيالىيلار ئارىسىدىكى ئاتىلىشى ـ خوجايىن.
زىيالىيلار ئارىسىدىكى ئاتىلىشى ـ چوڭ باشلىق، تەلەپچان خوجايىن.
مەھبۇسلار ئارىسىدىكى ئاتىلىشى ـ شاپ بۇرۇت.
ئارتىسلار ئارىسىدىكى ئاتىلىشى ـ بۇرۇتلۇق.
قوغدىغۇچىلار ۋە خاس خىزمەتچىلەر ئارىسىدىكى ئاتىلىشى ـ چوقۇر.
ھەربىيلەر ئارىسىدىكى ئاتىلىشى ـ سەردار.
پارتىيىۋى بيۇروكراتلار ئارىسىدىكى ئاتىلىشى ـ تۆرە، باش.
پارتىيىگە مەنسۇپ گرۇزىنلار ئارىسىدىكى ئاتىلىشى ‹20 ـ يىللاردا› ـ كوبا.
ئەنگلىيە، ئامېرىكا دىپلوماتلىرى، ژۇرنالىستلار ئارىسىدىكى ئاتىلىشى ـ جو ئاكا.

## ستالىننىڭ سۆيۈملۈك ئىبارىلىرى

بىزگە سىياسەتۋازلار كېرەك ئەمەس، ئۇلار بىزدە يېتەرلىك، ھەتتا ئارتۇق. بىزگە ئىجراچىلار كېرەك.

سوتسىيالىزمغا يېقىنلاشقانسېرى دۈشمەنلەرنىڭ قارشىلىقى بارغانسېرى كۈچىيىدۇ ۋە شۇنىڭغا مۇۋاپىق كۈرەش كەسكىنلىشىپ بارىدۇ.

بىر قېتىم قوبۇل قىلىنغان قارارنى ئۆزگەرتىش يارىمايدىغان ئىش.

ئۈستىڭىزدىن ئاز شىكايەت چۈشسە دېمەك سىز ناچار رەھبەرسىز.

دوستلىرىڭىز ھەددىدىن تاشقىرى كۆپ.

ماڭا بولغان ئېتىقادى كۈچلۈك ئادەملەردىن كۆرە، مېنى قورقۇش تۈپەيلىدىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدىغانلارنى كۆپرەك ياقتۇرىمەن؛ چۈنكى ئېتىقاد ئۆزگىرىدۇ، قورقۇش بولسا مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ.

ئۆتمۈش پەقەت خۇداغا مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ھەقىقىي ھەمپىكىرلىك پەقەت قەبرىستاندىلا مەۋجۇت بولىدۇ.

ھەقىقەتلا ئەمەس، يالغانغا ئىشىنىدۇ.

دۆلەت ۋە شۆھرەتكە قانسىز ئېرىشىپ بولمايدۇ.

ئىنسانىي ئىنتىلىشلەر مەنتىقىسىدىن كۆرە ماددىي نەرسىلەر مەنتىقىسى كۈچلۈكرەكتۇر.

مەلۇم بىر ھادىسىگە پارتىيە ئۆز ئېتىبارىنى قاراتقان پەيتتىن باشلاپ تارىخ مەيدانغا كېلىدۇ.

ئۆتمۈشكە چۆرۈپ تاشلانغان زامانىۋىلىكنى تارىختا كۆرۈپ بولمايدۇ.

ئۇرۇشتا ئاز قۇربان بېرىش كېرەك، دۈشمەننى ئۆز يېرىدە يوقىتىش لازىم ‹ۋوروشىلوۋنىڭ سۆزى›.

باشقىلارنىڭ بىر غېرىچ يېرى بىزگە كېرەك ئەمەس، لېكىن بىر سىقىم تۇپرىقىمىزنىمۇ بىراۋغا بەرمەيمىز.

ئەگەر دۈشمەن تەسلىم بولمىسا، ئۇنى يانجىپ تاشلاش كېرەك ‹گوركىينىڭ سۆزى›.

كۈرەشنىڭ ئۆز مەنتىقىسى بولىدۇ.

ئورمان كېسىلسە قۇشلار ئۇچىدۇ.

مېھنەت ـ شان ـ شەرەپ، ۋىجدان، شەۋكەت ۋە قەھرىمانلىقتۇر.

ۋەكىل ـ خەلقنىڭ خىزمەتكارى.

تارىخىي قىياسلار خەۋپلىكتۇر.

خۇشال ياشاش ـ ئىشنىڭ ئۈنۈملۈك بولىدۇ.

پارتىيىدە ئالماشتۇرۇپ بولمايدىغان ئادەم يوق.

بولشېۋىكلار قولغا كىرگۈزەلمەيدىغان ھېچقانداق قەلئە يوق.

كادىرلار ھەممە نەرسىنى ھەل قىلىدۇ.

تېخنىكا ھەممە نەرسىنى ھەل قىلىدۇ.

بولشېۋىكلار قىيىنچىلىقلاردىن قورقمايدۇ.

## ستالىن ياخشى كۆرگەن مەسەل

بىر يىلان يانغىندىن قېچىپ دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقتى. چىقىشىنىغۇ چىقتى، ئەمما چۈشەردە يول تاپالماي قالدى. كۆڭلى يۇمشاق بىر بوۋاي رەھمى كېلىپ ئۇنى قۇتقۇزدى. يىلان بولسا رەھمەت ئورنىغا ئۇنى بوغۇشقا باشلىدى.

ـ بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ـ تەئەججۇپ بىلەن

سورىدى بوۋاي.

- بۇ دۇنيادا ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتمايدۇ، - جاۋاب بەردى يىلان.

بۇ گەپنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى باشقىلاردىن سوراپ كۆرۈشنى تەكلىپ قىلدى بوۋاي. يىلان بىلەن بوۋاي يول ماڭغاچ دۇچ كەلگەنلەردىن سوراشقا باشلىدى.

- مەن ئادەملەرگە شېرىن - شېكەر مېۋە بېرىمەن، ئۇلار بولسا پۇتاقلىرىمنى سۇندۇرىدۇ، - دەپ جاۋاب بەردى ئالما.

- مەن ئادەملەرگە يەر ھەيدەپ بېرىمەن، شۇنىڭغا قارىماي ئۇلار مېنى كالتەكلەيدۇ، كېيىن سويۇپ يەيدۇ، - دەپ جاۋاب بەردى ئۆكۈز.

تۈلكە:

- ئەي بوۋا، يىلاننى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈر، - دېدى.

بوۋاي شۇنداق قىلدى، كېيىن تۈلكىنى قوغلاشقا باشلىدى. تۈلكە زارلاندى:

- مېنى ئۆلتۈرمە، ھاياتىڭنى مەن ساقلاپ قالدىمغۇ؟

بوۋاي جاۋاب بەردى:

- بۇ دۇنيادا ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتمايدىغانلىقىنى بىلمەمتىڭ!

## ستالىننىڭ ئادەت ۋە ئىختىيارى

ستالىن «گېرسېگوۋىنافلور» ماركىلىق تاماكىنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ پاپىروسنى ئېزىپ تۇرۇپكىغا قاچىلايتتى. بۇ ئۇسۇل ئۇنىڭغا بەكمۇ ياقاتتى ۋە روھىي مەدەت بەرگەندەك بولاتتى.

ستالىن ئۈچۈن مەخسۇس تاماكا تەييارلايدىغان گرۇزىن پروفېسسور ستالىن مۇكاپاتى بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ستالىن يود ۋە رېنتگېندىن باشقا دورىلارنى تەن ئالمايتتى. تاغلىقلارنىڭ ئادىتى بويىچە داۋالىناتتى. پاپاخ كىيىپ ئىسسىق چاي ئىچەتتى، ۋە كۆرپىگە ئورىنىپ ئۇخلايتتى.

ستالىن داۋاملىق گرۇزىن ۋىنولىرىنى ۋە كونياك ئىچەتتى.

ئۇ گرۇزىن تائاملىرىنى، بولۇپمۇ قورۇلغان چۈجىنى ياخشى كۆرەتتى. كرېملدا ئۇنىڭغا گرۇزىن ئاشپەزى ۋە خەنزۇ ئاشپەز خىزمەت قىلاتتى. ستالىن ھەر خىل تائاملاردىن ئاز - ئازدىن ئىستېمال قىلاتتى. بۇ جەھەتتە خەنزۇ تائاملىرى ئۇنىڭ دىتىغا ماس كېلەتتى. ستالىننىڭ لۇزاتىك فامىلىلىك ماھىر ئاشپىزى بار ئىدى. كلىيازما دېگەن يەردە ئۇنىڭغا ئاتاپ چاھارباغ قۇرۇپ بېرىلگەنىدى، ئۇ ۋاپاتىغا قەدەر شۇ يەردە ياشىدى. ئاشپەزلەر تەنتەنە كۈنلىرىدىن باشقا چاغلاردا ستالىننى كۆرەلمەيتتى. چاھارباغدا تاماق توشۇيدىغان ئايالنى ستالىن سۈرگۈندىن - ترۇخانسك ئۆلكىسىدىن ئېلىپ كەلگەنىدى.

## سەپداشلىرىنىڭ قابىلىيىتى

ستالىن دەم ئېلىۋاتقان چاغلاردا، سىياسىي بيۇرو ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىگە قەتئىي ھالدا تەقسىملەنگەن ۋەزىپىلەرنى بېجىرىشى شەرت ئىدى. مەسىلەن، نىكىتا خرۇششېۋ ئۇسسۇل ئۇستىسى بولۇپ، ستالىن ئىما قىلىشى بىلەنلا ئۇسسۇلغا يورغىلايتتى. مىكويانغا بولسا ئۆزگىچە خاس مەسخىرىۋازلىق ۋەزىپىسى يۈكلەنگەنىدى. زىياپەت چېغىدا ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا سۆز بېرىلەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قەدەھ كۆتۈرۈپ سۆز باشلايتتى. مىكويان ئورنىدىن قوزغالغاندا ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان كىشى ئۇنىڭ ئورۇندۇقىغا تورت تاشلاپ قوياتتى (بۇ ھال ھەر يىلى ئوخشاش تەكرارلىناتتى)، «ھېچنەرسىنى سەزمىگەن» مىكويان سورۇندىكىلەرنىڭ كۈلكىسى ئاستىدا تورت ئۈستىگە ئولتۇراتتى. ئېيتىلىشىچە، ئۇ ستالىننىڭ زىياپىتىگە ماڭغاندا يېنىدا بىر تال شىمنى زاپاس ئېلىۋالاتتىكەن.

## لەتىپە

ستالىن:

- يولداش پۇشكىن، ئوچۇق ئېيتىۋېرىڭ، نېمىگە موھتاجلىقىڭىز بولسا ھەممىسىنى توغرىلايمىز، سىزگە ياردەم بېرىمىز. بەلكىم غاز قانتى كېرەكتۇر، قەغەزچۇ؟ نەشرىياتقا مۇناسىۋەتلىك قىيىنچىلىقلار بولسىمۇ مەيلى ھەممىسىنى ھەل قىلىمىز.

پۇشكىن:

- رەھمەت يولداش ستالىن، ھەممە نەرسە

يېتەرلىك. پەقەت تەكشۈرگۈچىلەر ئاۋارە قىلمىسىلا بولدى.

ستالىن:

- بولىدۇ، سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنى ئۆزۈم تەكشۈرىمەن.

پۇشكىن:

- ناھايىتى ياخشى. بۇنداق تەجرىبىنى يۈز يىل بۇرۇن بېشىمدىن كەچۈرگەنمەن. بۇ ئۆچرىشىشتىن ئىلھاملانغان ھالدا ئىجادىيەتكە كىرىشىمەن.

ستالىن:

- شۇنداق بولسۇن يولداش پۇشكىن، ئىشلەڭ، سىزگە ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمەن.

پۇشكىن چىقىپ كەتكەن ھامان ستالىن تېلېفون تۇرۇبكىسىنى قولىغا ئالدۇ:

- ۋەي، بېرىيەما، يولداش دانتېسقا ئېيتىپ قوي، پۇشكىن ھازىرلا ئىشخانامدىن چىقتى.

## مەدەنىيەت رەھبىرى

20 - يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا، ستالىننىڭ ھامىيلىقى تۈپەيلىدىن سابىق ھامماللاردىن بىرى زاكاۋكازىيە مائارىپ خەلق كومىسسارى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. ئۇ ھاممال كەسپداشلىرىنىڭ بىرىگە «كۆردۈڭمۇ، مەن مائارىپ كومىسسارى بولدۇم. ئەگەر ساۋاتىم بولغاندا قانداق مەنسەپلەرگە ئۆسۈشىمنى تەسەۋۋۇر قىلالامسەن؟» دەپ ماختانغانىكەن. ئۇ ئىمزا قويۇشنى تېزلا ئۆگىنىۋالغان بولۇپ، كومىسسارلىقتا لېنىننىڭ ئۈستۈنكى يېرىم ھەيكىلى ئەۋەتىلگەندە، ئۇ ھەيكەلنى ئەۋەتكەن ئورۇنغا «لېنىن ھەيكىلىنى پۇتى بىلەن ئەۋەتىشىڭلارنى سورايمىز» دەپ خەت يازىدۇ. خەلق كومىسسارلىقىغا ئىككى دانە ھاجەتخانا چانىقى كەلتۈرۈلگەندە، ئۇ بۇلارنى مېۋە سالىدىغان ئىدىش دەپ قاراپ، بىر قېتىملىق ئىنقىلابىي بايرامدا زور قىيىنچىلىقلار بىلەن ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە تىزىپ قويىدۇ.

20 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا، ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرىدا ئۆزى پۇل تۆلەپ ئوقۇش يولغا قويۇلىدۇ. بىر موماي ئوغلىنى ئەنە شۇ ئوقۇش پۇلىدىن كەچۈرۈم قىلىشنى سوراپ ئىلتىماس يازىدۇ. ھېلىقى خەلق كومىسسارى ئىلتىماسقا: «ياۋاش سوتسىيالىزم ئەمدى ئاخىرلاشتى» دەپ ئىمزا قويىدۇ.

30 - يىللاردا ھېلىقى خەلق كومىسسارىنى ئېتىپ تاشلايدۇ. قارىغاندا يېڭى دەۋردە، مەدەنىيەتنى بەربات قىلىش ئۈچۈن، ھاممالدىنمۇ بىلىملىكرەك مۇتەخەسسىسلەر زۆرۈر بولغاندەك قىلاتتى. ئەنە شۇ يىللاردا يەنە بىر سابىق ھاممال - موسكۋا شەھىرىدە مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتقا رەھبەرلىك قىلغان گرونسكىيمۇ قاماققا ئېلىنىدۇ.

## رىقابەت

1926 - يىلىدا، گېرسىن كوچىسىدىكى يازغۇچىلار ئۆيىگە چوڭ ۋە ياش ئەۋلادقا مەنسۇپ ناھايىتى كۆپ ئەدىبلەر توپلىناتتى. شۇ يىللاردا كۆپ ساندىكى ئىجادكارلار مەدەنىيەتكە ھامىيلىق قىلىۋاتقان تروتسكىي بىلەن يېقىن ئالاقە قىلىشاتتى ھەم رىقابەت تۈپەيلىدىن، ھەم يازغۇچىلارنىڭ روسىيىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا زور رول ئوينايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقى ئۈچۈن ستالىن ئەدەبىيات بىلەن ئالاقىسىنى مۇستەھكەملەشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇ مەقسەتتە ئۇ ئەدەبىي يىغىلىشلارغا قاتنىششقا باشلايدۇ. شۇنداق يىغىلىشلارنىڭ بىرىدە ستالىن ۋسېۋولود ئىۋانوف ۋە فادىيېف بىلەن سۆھبەتلىشىپ قالىدۇ.

ستالىن ئىۋانوفتىن سورايدۇ:

- يېقىن كۈنلەردە قانداق ئەسىرىڭىز نەشردىن چىقىدۇ؟

- يېڭى كىتابىم نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

- ئۇنىڭغا سۆز بېشى يېزىپ بېرىشىمنى خالىمامسىز؟

- نېمىشقا؟ ئەگەر كىتاب ناچار بولسا، ئۇنى ھېچقانداق سۆز بېشىمۇ قۇتقۇزالمايدۇ. ئەگەر ياخشى بولسا ئۇنىڭغا ھېچقانداق سۆز بېشىنىڭ كېرىكى يوق.

ستالىن فادىيېفقا مۇراجىئەت قىلىدۇ:

- سىزمۇ شۇنداق پىكىردىمۇسىز؟

- ياق، سۆز بېشى ناھايىتى مۇھىم نەرسە. مېنىڭ كىتابىمغا تروتىسكىي سۆز بېشى يېزىپ بەرمەكچى ئىدى، ئەمما بىز ئۆزگىچە قاراشلاردىكى ئادەملەرمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن رەت قىلدىم. ئەگەر يولداش ستالىن، سىز يېزىپ بەرسىڭىز مەن بەكمۇ مەمنۇن بولاتتىم.

- بولىدۇ، يېزىپ بېرەي.

بۇ سۆھبەت فادىيېف بىلەن ئىۋانوفنىڭ تەقدىرىدە ھەل قىلغۇچى ۋەقەگە ئايلاندى. ستالىن فادىيېفنىڭ كىتابىغا سۆز بېشى يازمىغان بولسىمۇ ئۇنىڭ ئىتائەتكارلىقىنى ئۇنتۇمىدى. شۇنداقلا ئىۋانوفنىڭ رەددىيەسىنىمۇ يادىدا تۇتتى. ئۇنى تەقىپ قىلمىغان بولسىمۇ، ئالىي ئەدەبىي سورۇنلار ۋە پاراۋانلىقلاردىن يىراقلاشتۇردى.

بۇ تارىخنىڭ يەنە ئۆز داۋامى بار. 30 - يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ستالىن ئىۋانوفنى قوبۇل مۇراسىمىغا تەكلىپ قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ تەبرىكلەيدۇ. ئۆزى كىچىك قەدەھكە ۋىنو قۇيۇپ ئىۋانوفقا چوڭ قەدەھكە تولدۇرۇپ هاراق قۇيىدۇ. ئىۋانوف ئىندىمەستىن ئىتائەتكويلۇق بىلەن ئىچىدۇ. بۇمۇ ساداقەتنى سىناش ئىمتىھانىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئەنە شۇ ئىتائەتكارلىق ئىۋانوفنى ساقلاپ قالغان بولسا كېرەك.

## مۇشۇك ـ چاشقان ئويۇنى

1936 - يىلى تەقىپكە ئۇچرىغان بۇخارىن ئۆكتەبىر نامايىشىنى مېھمانلارغا ئاجرىتىلغان مۇنبەردە تۇرۇپ كۆزدىن كەچۈرمەكتە ئىدى. بىر خادىم كېلىپ ستالىننىڭ ئۇنى مەخسۇس مۇنبەرگە تەكلىپ قىلغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. بۇخارىن مېھمانلار مۇنبىرىدە خوتۇنىنى قالدۇرۇپ، ئۆزى سىياسىي بيۇرو ئەزالىرىنىڭ قاتارىغا كېلىپ تۇردى. شۇ چاغلاردا «ئىزۋېستىيە» گېزىتى ت ئا س س ئاگېنتلىقىنىڭ رەسمىي ئاخباراتىنى بېسىپ چىقىرىپ، بۇخارىننى جاسۇس دەپ ئېلان قىلغانىدى. گېزىتتا بۇخارىن باش مۇھەررىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزى ئىمزا قويغانىدى.

ستالىن ئۆز قۇربانلىرىنى مۇشۇكنىڭ قولىغا چۈشكەن چاشقاندەك ئويناتماقتا ئىدى. بۇخارىن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان چاغدا، ستالىن ئۇنى ماركسنىڭ ئارخىپىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن پارىژغا ئەۋەتىدۇ. بۇخارىننىڭ ياش خوتۇنىغىمۇ بىللە بېرىشقا رۇخسەت بېرىدۇ. بۇ مەسىلىدە ستالىننىڭ ئېنىق ھېساب - كىتابى بار ئىدى. ئەگەر بۇخارىن قايتىپ كەلمىسە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنى ۋە ستالىنغا ياقماي قالغان شۇ قاتاردىكى ھەممە كىشىلەرنى يوق قىلىش ئۈچۈن باھانە تېپىلاتتى. بۇندىن باشقا ستالىن ھەرقانداق ئادەمنى چەت ئەلدىمۇ ھەم قولغا ئېلىش ۋە يوقىتىشقا قادىر ئىدى. ستالىننىڭ پىلانىغا ئاساسەن بۇخارىن قايتىپ كەلسە، سوتلىنىشى ۋە ئېتىپ تاشلىنىشى مۇقەررەر ئىدى. بۇخارىن قايتىپ كەلدى، ئۆزىگە زەربە تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ مەركىزىي كومىتېتقا بېرىشتىن باش تارتتى ۋە ئاچلىق ئېلان قىلدى. ستالىن ئۇنىڭغا تېلېفون قىلدى:

- نىكولاي، سەن كىمدىن خاپا بولۇۋاتىسەن؟ پارتىيىدىنما؟ پارتىيىگە قارشى ئاچلىق ئېلان قىلدىڭما؟ ئۇيالمامسەن؟ بىز سېنى خاپا قىلىشقا يول قويىمىزما؟ ئەتىلا كېلىپ پارتىيىدىن ئەپۇ سورا، ھەممە ئىشلار جايىغا چۈشىدۇ.

بۇخارىن ستالىنغا ئىشەندى، مەركىزىي كومىتېتقا كېلىپ ئەپۇ سورىدى. ئەمما ئۇنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىن ھەيدەپ چىقاردى، كېيىن قولغا ئېلىپ ئېتىپ تاشلىدى.

## ستالىننى قورقۇتقان بوۋاي

تاجىك سەنئىتى بايرىمىنىڭ ئاخىرلىشىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن قوبۇل مۇراسىمىغا ستالىن، تاجىكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزالىرى، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ئەربابلىرى قاتناشقانىدى. ستالىن ئورنىدىن تۇرۇپ قەدەھ سۆزى قىلدى:

- ئۇلۇغ تاجىك خەلقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئاجايىپ سەنئىتى ئۈچۈن، رۇداكىي، فىردەۋسىنىڭ سەنئىتى ۋە. . .

شۇ چاغدا ئۈستەلنىڭ ئاخىرىدا ئولتۇرغان پاكار بويلۇق بوۋاي سۆز قوشتى:

- بىرەف! كونا ئەدەبىياتشۇناسلىق كاپۇت!

بىر دەمگە ھەممە دەھشەتتە قېتىپ قالدى.

ئەمما ستالىن ئۆزىنى ھېچ نەرسىنى سەزمىگەندەك تۇتتى ۋە قەدەھ سۆزىنى يەنە تەكرارلىدى:

- تاجىك خەلقىنىڭ ئاجايىپ سەنئىتى ئۈچۈن، رۇداكىي، فىردەۋسى ۋە...

بوۋاي ئۈستەلنىڭ نېرىقى بۇرجىكىدە ئولتۇرۇپ يەنە ۋارقىرىدى:

- بىرەف! كونا ئەدەبىياتشۇناسلىق كاپۇت!

يەنە ھەممە جىمىپ قالدى. بوۋاي يۇلقۇنۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ ستالىنغا قاراپ كەلدى. داھىي قورقىنىدىن ئارقىغا داجىدى. شۇ ئارىدا پۇقرا كىيىمدىكى ئىككى ياش كېلىپ، بوۋاينىڭ قولىنى تۇتتى. ستالىن يېنىدا ئولتۇرغان تاجىكىستان مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى غاپۇروفتىن، بۇ غەلىتە ۋارقىراش نېمىنى چۈشەندۇرىدۇ، بۇ ئەشەددىي بوۋاي كىم، دەپ سورىدى. غاپۇروف چۈشەندۈردى:

- بۇ بوۋاي مەشھۇر يازغۇچى ۋە ئەدەبىياتشۇناس سەدرىددىن ئەينىي بولىدۇ. ئۇ، «بولدى، كونا ئەدەبىياتشۇناسلىق ئاخىرلاشتى» دەپ ۋارقىراۋاتىدۇ.

ئەينى كۆپ يىللاردىن بېرى، فىردەۋسى تاجىك شائىرى دەپ تەكىتلەپ، كونا ئەدەبىي قاراش تەرەپدارلىرى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ كېلىۋاتاتتى. ھازىر فىردەۋسىنىڭ تاجىك ئەدەبىياتىغا مەنسۇپلۇقى ھەققىدە ستالىن ئېيتقان پىكىرلەرنى تەبرىكلىمەكتە ئىدى.

ستالىن دىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ھەممىنىڭ دىققەت نەزىرى ئاستىدا بوۋاينىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئىماسى بىلەن ئىككى ياش بوۋاينى قويۇپ بەردى. ستالىن ئۇنىڭدىن سورىدى:

- سىز كىم بولىسىز؟

بوۋاي ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ۋە:

- كەمتەر قۇلىڭىز سەدرىددىن ئەينى، - دەپ جاۋاب بەردى. ستالىن:

- ئەينى بۇ تەخەللۇس، ھەقىقىي ئىسمى شەرىپىڭىز نېمە؟ - دەپ سورىدى.

- سەدرىددىن سەئىد مۇراتزادە، - دېدى ئەينى. شۇنىڭ بىلەن ستالىن ئۇنىڭغا قول ئۇزاتتى:

- تونۇشۇپ قويايلى، مېنىڭ ئىسمىم جۇگاشۋىلى.

## سوۋېت تىياتىرىنىڭ ئاجايىپ غەمخورى

ستانىسلاۋسكىي ئەسەبىي، ھېسسىياتقا بېرىلىدىغان ئادەم ئىدى. بىر كۈنى رېپېتىتسىيە چېغىدا ئۇنىڭغا ئارقان كېرەك بولۇپ قالىدۇ. ئەمما تىياتىرخانىدىن ئارقان تېپىلمايدۇ. ستانىسلاۋسكىي تېرىكىپ كېتىدۇ:

- بۇنداق بىمەنە شارائىتتا قانداق ئىشلىگىلى بولىدۇ؟

ئۇ سەۋر - تاقىتى توشۇپ تېلېفوننى قولىغا ئالىدۇ:

- يولداش ستالىن، ئىشلەشنىڭ ھېچقانداق ئىمكانىيىتى قالمىدى. ئارقان كېرەك ئىدى، ئەمما ئۇ تېپىلمايۋاتىدۇ.

ستالىن ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن سورىدى:

- سىزگە قانچىلىك ئارقان كېرەك؟

سوئالنىڭ تاسادىپىي سورالغانلىقىدىن تەمتىرەپ قالغان ستانىسلاۋسكىي جاۋاب بەردى:

- ئۈچ مېتىر.

- بولىدۇ، يولداش ستانىسلاۋسكىي، خاتىرجەم ئىشلەۋېرىڭ.

ئىككى سائەتتىن كېيىن، ئۈچ توننا ئارقان بېسىلغان يۈك ماشىنىسى تىياتىرخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختايدۇ.

## كىرشاننىڭ «نان»نى

30 - يىللاردا ستالىن ۋە سىياسىي بيۇرونىڭ باشقا ئەزالىرى تىياتىرخانىغا بېرىپ ۋىلادىمىر كىرشاننىڭ «نان» دېگەن درامىسىنى كۆرىدۇ. ۋىلادىمىر كىرشان ھۆكۈمەت ئەزالىرى يېنىغا چاقىرىپ قالامدىكىن دەپ كۈتتى. ئەمما ئۇنى سوراپمۇ قويمىدى. ئەتىسى ستالىن گوركىنىڭ ئۆيىگە باردى، كىرشانمۇ شۇ يەردە ئىدى. ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ستالىننىڭ ئالدىغا كېلىپ:

- «نان» درامىسى سىزگە ياقتىمۇ؟ - دەپ سورىدى.

- بۇنداق درامىنى ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن.

- ئاخشام سىز «نان» درامىسىنى كۆردىڭىزغۇ. مەن شۇنىڭ ئاپتورى بولىمەن. تەسىراتىڭىزنى بىلىشنى خالايتتىم.

- ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن. 13 يېشىمدا شىللېرنىڭ «مۇھەببەت ۋە سۇيىقەست» درامىسىنى كۆرگەنىدىم، شۇ يادىمدا تۇرۇپتۇ. «نان» نى بولسا ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن.

## داھىينىڭ ئاجايىپ سۆزلىرى

ئوتتۇرا ئاسىياغا بېغىشلانغان مەجلىسلەرنىڭ

بىرىدە 30 - يىللارنىڭ ئوقۇغۇچى پاختىكارى مەملىكەت ستالىننى تەبرىكلەپ سۆزگە چىقىدۇ. ستالىن كۆلۈمسىرىگەن ھالدا قىزنى قولىدىن تۇتۇپ ئېگىز كۆتۈرىدۇ. شۇ ھامان مەيداننى ئالقىش سادالىرى قاپلايدۇ. مۇخبىرلار بۇ كۆرۈنۈشنى بەس - بەستە سۈرەتكە ئالىدۇ. ئەنە شۇ سۈرەتلەرنىڭ بىرى «ستالىن سوۋېت باللىرىنىڭ ئەڭ ياخشى دوستى» دېگەن يېزىق ئاستىدا پۈتۈن مەملىكەت بويلاپ تارقىتىلىدۇ. بۇ تارىخنىڭ ئۆزىگە خاس يوشۇرۇن سىرلىرىمۇ بار. ستالىن قىزنى كۆتەرگىنىچە، لېۋىدىن تەبەسسۇم ئېرىمىگەن ھالدا گرۇزىنچە بىرىيەگە «موماشورئىچ تىلىئانى» دەيدۇ. مەملىكەت ناتونۇش تىلدا ئېيتىلغان بۇ سۆزلەرنى مەمنۇنىيەت بىلەن ئېسىدە تۇتۇپ، ئۇزاق يىللارغىچە خاتىرىسىدە ئاۋايلاپ ساقلايدۇ. ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن داھىينىڭ نېمە دېگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلىدۇ. ستالىن «يوقات بۇ پىتلىقنى» دېگەنىكەن.

## نان، كولخوز ۋە پاستېرناك

30 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ستالىن فادىيېفتىن، «شائىر پاستېرناك نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ» دەپ سورايدۇ.

- شېئىر يېزىۋاتىدۇ، - دەپ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن جاۋاب بېرىدۇ فادىيېف .

- بۇمۇ ياخشى،- دەيدۇ ستالىن ۋە بىر ئاز جىملىقتىن كېيىن قوشۇمچە قىلىدۇ، - نېمىشقا پاستېرناك كولخوز ھەققىدە داستان يازمايدۇ؟ يەر تېرىپ بىزنى بېقىۋاتقان مېھنەتكەشلىرىمىزنى ئۇلۇغلىشىمىز كېرەك.

- توغرا گەپ يولداش ستالىن، مەن پاستېرناك بىلەن سۆزلىشەي، ئۇ چوقۇم مېھنەتكەشلەر ھەققىدە يازىدۇ.

- شارائىت يارىتىپ بېرىڭ، پاستېرناكنى كولخوزغا ئىجادىي كاماندىروپكىغا ئەۋەتىڭ. شائىر ئۇ يەردە ھاياتنى ئۆگەنسۇن.

- ناھايىتى ياخشى يولداش ستالىن، ھاياتنى ئۆگىنىش، بولۇپمۇ كولخوز بىلەن تونۇشۇش پاستېرناك ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق.

فادىيېف شۇ كۈنلا ستالىننىڭ تەكلىپىنى پاستېرناكقا يەتكۈزىدۇ. پاستېرناك ماقۇل بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئىجادىي سەپەرگە بارمايدۇ ۋە كولخوز ھەققىدە ھېچنەرسە يازمايدۇ.

ئۆز تاپشۇرۇقىنى يادىدا ساقلىغان ستالىن كۆپ ئۆتمەي «پاستېرناك نېمىش قىلىۋاتىدۇ» دەپ سۈرۈشتۈرىدۇ. فادىيېف «شېئىر يېزىۋاتىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ستالىن كولخوز ھەققىدىكى شېئىرلارنى سورايدۇ.

- تېخىچە يازمىدى،- دەپ سەممىي جاۋاب بېرىدۇ فادىيېف.

- كۆپ ئەپسۇس،- خاپا بولىدۇ ستالىن،- شۇنداق ياخشى ۋە مۇھىم ماۋزۇنى.

- مەن ئۇنىڭغا يەنە ئەسكەرتىمەن،- دەيدۇ فادىيېف.

- ئەسكەرتىڭ، كولخوزغا ئىجادىي سەپەرگە ئەۋەتىڭ. ھاياتنى ئۆگىنىپ كەلسۇن.

پاستېرناك ئىجادىي سەپەرگە يوللانما ئالدى، ئەمما ھېچ يەرگە بارمىدى.

ستالىن ئۈچىنچى قېتىم فادىيېفتىن پاستېرناكنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى سورىدى ۋە ئۇنىڭ كولخوز ھەققىدە داستان يازمىغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق ئاچچىقلاندى:

- بىز پاستېرناكتىن مېھنەتكەشلىرىمىزنىڭ ناننى قانداق ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلىكى ھەققىدە ئەسەر يازسۇن دېسەك، ئۇ بۇنى خالىمىدى. مەيلى، ناننىڭ قانداق يېتىشتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلىشنى خالىماۋاتقان بولسا شائىر پاستېرناكنىڭ نېنىنى يېرىم قىلىپ قويىمىز.

شۇندىن كېيىن پاستېرناكنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىشتىن توختاتتى. ئۇ تەرجىمىلەر بىلەن ئاران تىرىكچىلىك قىلدى.

## قۇدرەتلىك رەقىب

شوتا روستاۋېلىنىڭ يۇبىلېيىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن فادىيېف گرۇزىيىگە كەلدى. زالدا بېرىيە پەيدا بولغاندا زالدىكىلەر ئۇنى گۈلدۈراس ئالقىشلار بىلەن قارشى ئالدى. بېرىيە ئەتەيلەپ بىرنەچچە قېتىم سىرتقا چىقىپ كەلدى، ھەر قېتىم زالغا كىرگەندە گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭراپ تۇردى. موسكۋاغا قايتقاندىن كېيىن فادىيېف ستالىنغا بۇ ھەقتە سۆزلەپ بەردى. «شائىر شوتا رۇستاۋېلىنىڭ ئەمەس، شەرق كىنەزى بېرىيەنىڭ تويى نىشانلاندى» دېدى ئۇ ستالىنغا. ستالىن بېرىيەنى چاقىرىپ سورىدى:

- ئېيتچۇ، گرۇزىيىدە سوۋېت خەلقىنىڭ داھىيلىرى كۆپىيىپ كەتمىگەندۇ؟

شۇ كۈندىن باشلاپ فادىيېف قۇدرەتلىك بىر رەقىبكە دۇچ كەلدى.

بېرىيە سىياسىي بيۇرو ئەزاسى ۋە ئىچكى

ئىشلار خەلق كومىسسارى بولغاندىن كېيىن، فادىيېفنى قاماققا ئېلىشقا بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆردى. ئەمما ستالىن بۇنىڭغا يول قويمىدى. بىرىيە ئۈچ قېتىم فادىيېفقا قارشى سۇيىقەست ئۇيۇشتۇردى. شۇلاردىن بىرى پېرېدېلكىنودا يۈز بەرگەنىدى، بىر يۈك ماشىنىسى فادىيېف ئولتۇرغان ماشىنىنى سوقۇپ ئۆرۈۋەتكەن، ئەمما فادىيېف تىرىك قالغانىدى.

## گىلەم ۋە ئىلهام

30 - يىللاردا ئالېكسېي تولستوي پۈتۈن ئىتتىپاق قىشلاق خوجىلىق كۆرگەزمىسىگە كەلدى. ئۇ ئۆزبېكىستان كۆرگەزمىسىدىكى مۆجىزانە گىلەم ئالدىدا ئۇزاق تۇرۇپ قالدى. بىر نەچچە ماھىر ئۇستا ئۇنى ئون يىل داۋامىدا قولدا توقۇغانىدى. ئۇ گىلەمچىلىك سەنئىتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى ئىدى. تولستوي كۆرگەزمە دىرېكتورى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەنە شۇ گىلەمنى سېتىۋالماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. دىرېكتور مەشھۇر يازغۇچىغا بولغان يۈكسەك ھۆرمىتىنى ئىزھار قىلغان ھالدا، ئەپسۇس بىلەن بۇنىڭ ئىلاجىنىڭ يوقلۇقىنى، گىلەمنىڭ خەلقنىڭ مۈلكى ئىكەنلىكىنى، مۇزېينىڭ دۇردانىسى ھېسابلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

گىلەمگە قاتتىق ئىشقى چۈشۈپ قالغان تولستوي ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن، ستالىنغا تېلېفون قىلدى ۋە «نان» رومانىنىڭ قانداق يېزىلىۋاتقانلىقىنى، ستالىن ئوبرازى ئۈستىدە قانداق ئىشلەۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. شۇندىن كېيىن تولستوي ئىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتقانلىقىنى، ئۆزى ياقتۇرغان گىلەمگە قاراپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىدىن بەھرىمەن بولالمىغانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە بۇ گىلەمنىڭ سېتىلمايدىغانلىقىنى قوشۇپ قويدى.

- ھېچقىسى يوق، - دەپ جاۋاب بەردى ستالىن، - بىز سىزنىڭ ئىجادىيەت ئىشلىرىڭىزغا ياردەم بېرىمىز. سىز ناھايىتى مۇھىم ۋە ئېغىر ماۋزۇغا تۇتۇش قىلىۋاتىسىز. «نان» دېگەن ئەسىرىڭىز بىزگە رىزقىمىز بولغان ناندەك زۆرۈر. سىز بىئارام بولماڭ، ئىشلەۋېرىڭ.

كەچكە يېقىن تولستوينىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئەنە شۇ چۆچەكلەردىكىدەك گۈزەل گىلەمنى يۈك ماشىنىسىدا ئېلىپ كېلىشتى. بۇنداق ستالىنچە غەمخورلۇق يازغۇچىنى ناھايىتى ئىلهاملاندۇرۇ-ۋەتتى. تېز ئارىدا ئۇ «نان» رومانىنى ئېلان قىلدى. ئەسەردە ستالىن روسىيە ۋە ئىنقىلابنى ئاق باندىتلاردىن، ئاچلىق ۋە باشقا بالالاردىن قۇتقۇزغان بۈيۈك ئىنسان سۈپىتىدە مەدھىيىلەنگەنىدى.

## كىچىك شۇملۇقلار

30 - يىللاردا ستالىن تۆت نەپەر تونۇلغان كىنو ئىشلىگۈچىنى چاقىرىپ يەنىمۇ ئۇنۇملۇك ئىشلەش ئۈچۈن ئۇلارغا نېمە كېرەكلىكىنى بىلمەكچى بولدى:

- تارتىنماستىن بىمالال سوراۋېرىڭلار، ياردەم بېرىشكە ھەرىكەت قىلىمىز، - دېدى ستالىن.

روم:

- كىچىككىنە ئۆيدە قىيىنىلىپ ياشايمەن، خوتۇنۇم كېسەل، ماڭا ئۆي كېرەك، - دەپ كۆڭۈل ئاچتى.

- ياخشى، سىزگە ئۆي بېرىمىز، - دېدى ستالىن.

پۇدوۋكىن شەھەر سىرتىدا ئىشلەشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتتى، دېمەك چاھارباغ كېرەك.

- ياخشى، سىزگە چاھارباغ بېرىمىز، - ۋەدە قىلدى ستالىن.

پىرېف «چاھاربېغىم بار، ئەمما ئۇ يەرگە بېرىش قىيىن، يولدا چارچاپ قېلىپ ياخشى ئىشلىيەلمەيۋاتىمەن» دەپ ماشىنا سورىدى.

- ياخشى، ماشىنا بېرىمىز، - جاۋاب بەردى ستالىن.

ئالېكساندروف دۇدۇقلاپ قالدى، ئۇنىڭ سورايدىغان نەرسىسى ناھايىتى چوڭ، ھەتتا ئېيتىشقا تىلى بارمايدىغاندەك قىلاتتى.

- سۆزلەۋېرىڭ، تارتىنماڭ، - دېدى ستالىن.

- مەن، يولداش ستالىن، سىزنىڭ «لېنىنىزم مەسىلىلىرى» دېگەن كىتابىڭىزنى ئىمزايىڭىز بىلەن ئېلىشنى خالايتتىم. ئۇ مېنى ئىلهاملاندۇرىدۇ.

- ياخشى، سىزگە ئىمزا بىلەن كىتاپ بېرىمىز، - دېدى ستالىن.

ئالېكساندروف ئىمزا قويۇلغان كىتابقا قوشۇمچە ھالدا ئۆي، چاھارباغ، ماشىنا قاتارلىقلارغىمۇ ئېرىشتى.

(ئەزىزى تەييارلىغان)




# ھاياتنىكى يوشۇرۇن خادا تاش

## دۇڭ باۋگاڭ

بىر يىگىت ھەربىي سەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەلۇم زاۋۇتتا توكچى بولۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. يىگىت ئىشقا چۈشۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا پېشقەدەم توكچى ئۇنىڭغا توكچى بولۇشتا ئېھتىيات قىلىشى كېرەكلىكىنى، چۈنكى ئەتىدىن - كەچكىچە «توك يولۋىسى» بىلەن ھەپىلىشىشنىڭ ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەسلىكىنى ئاگاھلاندۇرۇپتۇ. پېشقەدەم توكچى يەنە مىسال كەلتۈرۈپ، مەلۇم بىر يىلىنىڭ مەلۇم ئېيىدا بىر توكچىنىڭ توك تېيىپ قازا قىلغانلىقىنى، ئۆلگەن چېغىدا تۈگۈلۈپلا قىلىپ قورقۇنچلۇق بىر ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. يىگىت بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق قورقۇپ كېتىپتۇ، خىزمەتتە تېخىمۇ توخۇ يۈرەكلىك قىلىپ، ئەتىدىن - كەچكىچە توك تېيىۋېتىپ ئۆلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ دەككە - دۈككىچىلىكتە يۈرۈپتۇ.

بىر كۈنى يىگىت ئىستولىغا چىقىپ ئىشلەپتۇ. شۇ چاغدا خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدىكى بوۋاي ئۇنىڭغا: «تېلېفون كەلدى!» دەپ ۋارقىراپتۇ. يىگىت: «ھە، مانا» دەپ قويۇپ، چۈشۈشكە تەمشىلىپتۇ. ئەمما كەينىگە بۇرۇلۇشىغا بىر تال توك سىمى ئۇنىڭ دۈمبىسىگە تېگىپ كېتىپتۇ، شۇ جايدا تۇرغان كىشىلەر يىگىتنىڭ: «ۋاي!» دەپلا ئىستولىنىڭ ئۈستىدە تۈگۈلۈپ قالغىنىنى كۆرۈپتۇ. كىشىلەر ئۇنى كۆتۈرۈپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى، ئەلپازىنىڭ توك سوقۇۋېتىپ ئۆلگەن كىشىلەرنىڭكىدەك سەتلىشىپ كەتكىنىنى بايقاپتۇ. ئەمما ئۇلار بۇ ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، يىگىتنى «توك» سوقۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغاندا رۇبىلنىكنىڭ تارتىۋېتىلگەنلىكىنى، ئۇ تېگىپ كەتكەن ھېلىقى ئېلېكتر سىمىدا زادىلا توك يوقلۇقىنى، يىگىتنىڭ توك سوقۇۋېتىپ ئەمەس، بەلكى قورقۇپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغىنىنى سېزىپتۇ.

مەلۇم بىر دانىشمەن «دۇنيادىكى بىردىنبىر قورقۇنچلۇق نەرسە قورقۇنچنىڭ ئۆزى» دېگەنىكەن. بۇ سۆز ناھايىتى جايىدا ئېيتىلغان. سىز بىرنەرسىنى قورقۇنچلۇق دەپ قارىسىڭىز، ئۇ سىزگە قورقۇنچلۇق تۇيۇلىدۇ، قورقۇنچلۇق ئەمەس دەپ قارىسىڭىز، قورقۇنچلۇق تۇيۇلمايدۇ. ياش ماۋزېدۇڭ: «ئاسماندىن قورقماسلىق، ئەۋلىيادىن قورقماسلىق، مىللىتارىستلاردىن قورقماسلىق كېرەك...» دېگەندەك ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان روھ بىلەن جېنىنى جان ئەتكەن، شۇ ئارقىلىق جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. پېشقەدەم ئىنقىلابچى شې جۆجەي: «مەن ئۆلۈمدىن قورقمايمەن، ئەگەر ئۆلۈمدىن

قورقۇپ ئۆلمەيدىغان، كېچىكىپ ئۆلىدىغان ئىش بولسىدى، ئۆلۈمدىن قورققان بولاتتىم. ئۆلۈمدىن قورقۇش بىلەن ئۆلمىگىلى بولمايدۇ، ئەكسىچە ئۇ بالدۇر ئۆلۈشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، شۇڭا مەن ئۆلۈمدىن قورقمايمەن» دېگەن. قېرىشتىن قانچە قورققان ئادەم شۇنچە تېز قېرىيدۇ، ئاغرىق - سىلاقتىن قانچە قورققان ئادەم شۇنچە ئاسان ئاغرىيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ياشلىقنى ساقلاشنىڭ سىرى يېشىنى ئۇنتۇپ كېتىشتە، ساغلاملىقنى ساقلاشنىڭ ئۇسۇلى كۆڭۈل ئازادىلىكىدە.

قورقۇنچ - ئىنسان ھاياتىدىكى يوشۇرۇن خادا تاش. كىشىلىك ھاياتتا «قورقمايمەن» دەيدىغان روھ ۋە جاسارەتنى ھازىرلىغاندىلا ئاندىن ھايات يەلكىنىنى ئېگىز چىقىرىپ يىراققا سەپەر قىلغىلى بولىدۇ.

# ئەڭ ياخشى سوۋغا

**ۋىن يەن**

رىئو دې - ژانېيرودىكى كەمبەغەللەر مەھەللىسىدە بىر ئوغۇل بالا بار ئىكەن، ئۇ پۇتبولنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىكەن، ئەمما سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمەيدىكەن. شۇڭا گاز سۈيى بوتۇلكىسى ۋە ئەخلەت ساندۇقىدىن تېرىۋالغان پالما شاكىلىنى تېپىپ ئوينايدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ قۇرۇپ قالغان كۆلچەكنىڭ ئىچىدە بىر چوشقا دوۋسىقىنى تازا تېپىۋاتقاندا بىر پۇتبول تەربىيىچىسى ئۇنى كۆرۈپ قاپتۇ، ئۇ بالىنىڭ ناھايىتى ئەپلىك تېپىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭغا بىر پۇتبول سوۋغا قىپتۇ. كىچىك بالا پۇتبولغا ئېرىشكەندىن كېيىن ئۇنى تېخىمۇ كۈچەپ تېپىدىغان بوپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ توپنى يىراقتا تۇرغان چېلەككە دەل كىرگۈزىدىغان بوپتۇ.

روژدېستۋو بايرىمى يېتىپ كەپتۇ، ئوغۇل بالىنىڭ ئانىسى: «بىزنىڭ روژدېستۋو سوۋغىسى سېتىۋېلىپ شەپقەتچىمىزگە سوۋغا قىلغۇدەك پۇلىمىز يوق، شۇڭا بىز شەپقەتچىمىزگە ئاتاپ دۇئا قىلايلى» دەپتۇ.

ئوغۇل بالا ئانىسى بىلەن بىللە دۇئانى تۈگىتىپ، بىر گۈرجەكنى ئېلىپلا يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كېتىپتۇ، ئۇ بىر داچىنىڭ ئالدىدىكى گۈللۈككە كېلىپ ئورەك كولاشقا باشلاپتۇ.

ئۇ كولاپ بولاي دېگەندە داچىدىن بىر ئادەم چىقىپ بۇ بالىدىن نېمە قىلىۋاتقىنىنى سوراپتۇ، كىچىك بالا تەرلەپ قىزىرىپ كەتكەن مەڭزىنى كۆتۈرۈپ:

- ئۇستاز، روژدېستۋو بايرىمى بولۇپ قالدى، مېنىڭ سىزگە بەرگىدەك سوۋغام يوق، شۇڭا سىزنىڭ روژدېستۋو ئارچىڭىزغا ئورەك كولاپ بېرەي دەيمەن، - دەپتۇ.

ئۇستاز بالىنى ئورەكتىن تارتىپ چىقىرىپ:

- مەن بۈگۈن دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى سوۋغىغا ئېرىشتىم، ئەتە مېنىڭ مەشىق قىلىش مەيدانىمغا بار، - دەپتۇ.

ئۈچ يىلدىن كېيىن، 17 ياشلىق بۇ بالا 6-نۆۋەتلىك دۇنيا پۇتبول مۇسابىقىسىدە ئۆزى يالغۇز 21 توپ كىرگۈزۈپ، برازىلىيىگە تۇنجى قېتىم ئالتۇن لوڭقىنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەپتۇ. ئەسلىدە ھېچكىم بىلمەيدىغان بىلى دېگەن ئىسىم شۇنىڭ بىلەن دۇنياغا پۇر كېتىپتۇ.

# ئوبدان مەسلىھەت

بىر قېتىم بىر ئوۋچى 70 خىل تىلدا سۆزلىيەلەيدىغان بىر قۇشقاچنى تۇتۇۋاپتۇ.

- مېنى قويۇۋەتسەڭ، دەپتۇ بۇ قۇشقاچ، - ساڭا ئۈچ خىل مەسلىھەت بېرىمەن.

- ئاۋۋال دەپ بەر، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوۋچى، - سېنى قويۇپ بېرىشكە قەسەم ئىچەي.

- بىرىنچى مەسلىھەت، - دەپتۇ قۇشقاچ، - بىر ئىش قىلغاندىن كېيىن پۇشايمان قىلما.

- ئىككىنچى مەسلىھەت، باشقا بىرسى ساڭا

بىر ئىشنى دېسە، مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىساڭ ئىشەنمە.

— ئۇچىنچى مەسلىھەت، يامىشىپ چىقالمىغىنىڭدا، كۆچەپ ياماشما.

ئارقىدىن قۇشقاچ ئۇۋچىغا:

— ئەمدىغۇ مېنى قويۇۋېتەرسەن، — دەپتۇ. ئۇۋچى گېپىدە تۇرۇپ قۇشقاچنى قويۇپ بېرىپتۇ.

قۇشقاچ پۇررىدە ئۇچۇپ چىقىپ ئېگىز بىر دەرەخقە قونۇۋاپتۇ ھەمدە ئۇۋچىغا ۋارقىراپتۇ:

— ھەقىقەتەن ئەخمەقكەنسەن. سەن مېنى قويۇۋەتكىنىڭ بىلەن ئاغزىمدا يوغان بىر بىباھا مەرۋايىتنىڭ بارلىقىنى بىلەلمىدىڭ. دەل شۇ مەرۋايىت مېنى مۇشۇنداق ئەقىللىق قىلغان.

ئۇۋچى قويۇۋەتكەن بۇ قۇشقاچنى يەنە تۇتۇۋېلىش قەستىدە بوپتۇ، ئۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە يۈگۈرۈپ بېرىپ يامىشىشقا باشلاپتۇ. ئەمما يېرىمىغا چىققاندا يىقىلىپ چۈشۈپ ئىككى پۇتىنى سۇندۇرۇۋاپتۇ.

قۇشقاچ ئۇنى مەسخىرە قىلىپ ۋارقىراپتۇ:

— كالۋا! بايا ساڭا بەرگەن مەسلىھەتلىرىمە-نىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇدۇڭ. مەن ساڭا «بىر ئىش قىلغاندىن كېيىن پۇشايمان قىلما» دېدىم. ئەمما سەن مېنى قويۇۋەتكىنىڭگە پۇشايمان قىلدىڭ. مەن ساڭا «باشقا بىرسى بىر ئىشنى دېسە، مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىساڭ ئىشەنمە» دېدىم. ئەمما سەن مەندەك كىچىككىنە بىر قۇشقاچنىڭ ئاغزىدا يوغان بىر قىممەتلىك مەرۋايىتنىڭ بارلىقىغا ئىشەندىڭ. مەن ساڭا يامىشىپ چىقالمىغىنىڭدا كۆچەپ ياماشما، دېدىم. ئەمما سەن مېنى قوغلاپ بۇ يوغان دەرەخقە يامىشىپ چىقماقچى بولدۇڭ، تېخى يىقىلىپ چۈشۈپ ئىككى پۇتۇڭنى سۇندۇرۇۋالدىڭ. «ئەقىللىق ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، بىر قېتىملىق ساۋاق ئەخمەققە تەگكەن يۈز دەررىدىنمۇ ئېغىر تۇيۇلىدۇ» دېگەن نەسىھەت دەل ساڭا قارىتىپ ئېيتىلغان.

قۇشقاچ شۇنداق دەپلا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

# گۈزەل يان كۆرۈنۈش

## ۋاڭ گوخۇا

بۇ زامانىۋى چوڭ شەھەردە يۈز بەرگەن مۇھەببەت ھېكايىسى. يىگىت ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولدى. قىز خىزمىتىدىن بوشىنىپ چىقىپ، دوختۇرخانىدا ئۇنىڭغا پۈتۈن زېھنى بىلەن قارىدى. ئىككى يىل ۋاقىتتىنى ئۆزگىرىشچان، جەلپكار كەلگەن بۇ دەۋردە قىسقا ۋاقىت دېيىشكە بولمايتتى، ھەتتا ئۇنى خېلى ئۇزۇن ۋاقىت دېيىشكە بولاتتى. قىز باشتىن - ئاخىر ئۆزگەرمەي كېسەل كارىۋىتى يېنىدا پەرۋانە بولۇپ، يىگىتنىڭ تامىقىنى يېگۈزدى، دورىسىنى ئىچۈردى، ئۇلار رەسمىي توي قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ پاك مۇھەببىتى ھەممە كىشىنى تەسىرلەندۈرۈۋەتتى.

ئۇلارنىڭ كېسەل دوستلىرى بىر- بىرلەپ ئالماشتى، بەزىلىرى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، بەزىلىرى جەسەتخانىغا كىرىپ كەتتى. ئەمما يىگىتنىڭ كېسەلى ياخشىلىنىپمۇ، يامانلاپمۇ كەتمىدى.

ئاخىر بىر كۈنى دوختۇر ئۇلارغا قايغۇلۇق بىر خەۋەرنى — يىگىتنىڭ مۇشۇ ھەپتىدىن ئۆتەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. قىز ھۆكۈرەپ يىغلىۋەتتى، يىگىت ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋەتتى. گېزىتخانىنىڭ مۇخبىرلىرىمۇ بۇ تەسىرلىك ھېكايىدىن خەۋەر تېپىپ ئالدىراپ - تېنەپ يېتىپ كەلدى.

قىز - يىگىت ئۆزلىرىنىڭ سەممىمىي مۇھەببىتى، گۈزەل ئارزۇلىرىنى سۆزلەپ بەردى، مۇخبىرلار ئۇلارنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئاڭلىغاندەك، ھەسرەتلىك ئەمما پۇشايمانسىز گۈزەللىكنى كۆرگەندەك بولدى. ھەممەيلەننىڭ يۈز - كۆزى ياش بىلەن يۇيۇلدى.

مۇخبىرلار ئۇلارنى رەسىمگە تارتىپ

قويماقچى بولدى، قىز چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، مۇخبىرلارغا ماسلىشىشقا ھازىرلاندى، ئەمما يىگىت بۇ ئىشنى توسۇپ:

- يەنىلا چۈشمىسەكمىكىن؟ - دېدى.

- نېمىشقا؟

- ئۇ كەلگۈسىدە ياتلىق بولىدىغان تۇرسا! مەن ئۇنىڭ كېيىنكى نورمال تۇرمۇشىغا دەخلى قىلىشنى خالىمايمەن.

قىز يىگىتنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتى.

ئىككىنچى كۈنىدىكى گېزىتتە قىزنىڭ يان كۆرۈنۈشى - گۈزەللىكتە كىشىنىڭ قەلبىنى ئېزىدىغان يان كۆرۈنۈشى بېسىلىپ چىقتى.

# ئاق كۆڭۈللۈكنى ساقلايلى

**لى شۆفېڭ**

ناھىيە بازىرىدىكى بىر كوچىنىڭ بېشىدا گۆش كومبىناتى بار ئىدى. كالا بېدىكلىرى ھەمىشە توپ - توپ كالىلارنى يېزىلاردىن بۇ يەرگە ھەيدەپ كېلىشەتتى، ئۇلار گۆش كومبىناتىغا كىرگەندىن كېيىن كوللېكتىپ غايىب بولاتتى، ئارقىدىن توختىماي ماشىنىلىرى ماشىنا - ماشىنىلاپ كالا گۆشىنى، قارا ماشىنىلار رەتلىك تىزىلغان ئاپئاق كالا ئۇستىخانلىرىنى يۆتكەپ كېتەتتى.

بىر كۈنى كالابېدىكلىرى يەنە بىر توپ كالىنى ھايت - ھۇيت دەپ ۋارقىرىغان پېتى گۆش كومبىناتىغا ھەيدەپ ماڭدى. كالا توپى نەچچە يۈز مېتىر يىراقلاپ كەتكەندە، بىلىپ - بىلمەي كەينىدە قالغان بىر موزاي دەلدەڭشىگىنىچە ئەگىشىپ كەلدى. ئۇ ناھايىتى كىچىك ئىدى، ئۇنىڭ بۇ دۇنياغا كەلگىنىگە بىرنەچچە كۈنلا بولغاندەك قىلاتتى. ئۇ تېخى مۆرەشنى ئۆگىنىۋېلىشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى، ھۈركۈپ تۇرغان سەبىي كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، يىراقلاپ كېتىۋاتقان كالا پادىسىنىڭ كەينىدىن ئانىسىنى قوغلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئانىسى جەزمەن ئاشۇ كالىلارنىڭ ئىچىدە ئىدى.

كالا بېدىكلىرى كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارايدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئۇلار ئۇنىڭ ئانىسى بار كالا پادىسىنى گۆش كومبىناتىغا ھەيدەپ كىرسىلا ئۇنىڭ ئارقىدىن ئەگىشىپ كىرىدىغانلىقىنى بىلەتتى، چۈنكى ئۇ كىچىككىنە بالىغا ئوخشاشلا ئانىسىنىڭ سۈتىدىن، مېھىر - مۇھەببىتىدىن ۋە يېقىملىق پەپىلەشلىرىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيۋاتاتتى.

ئەمما، كالا بېدىكلىرى خاتالاشقانىدى، ئانىسىغا ئەگىشىپ ماڭ بىر مۇشەققەتتە نەچچە ئون چاقىرىم يولنى دەلدەڭشىگىنىچە بېسىپ كەلگەن بۇ موزاي گۆش كومبىناتىغا بىرنەچچە يۈز مېتىرلا قالغان كوچىدا ئىز- دېرەكسىز يوقالدى، ئۇنى كىمدۇر بىرى يوشۇرۇپ قويغانىدى.

غەزەپلەنگەن كالا بېدىكلىرى دەرھال يېقىن ئەتراپتىكى ج خ شۆبىسىگە بېرىپ دېلو مەلۇم قىلدى، ئەمما ئون نەچچە دېلو بېجىرگۈچى ساقچى چۈشتىن كېيىن يېرىم كۈن ئاۋارە بولۇپمۇ قىممىتى بار ئازراقمۇ يىپ ئۇچى تاپالمىدى، ئۇلار كوچىدا شاھمات، ماجاڭ ياكى قارت ئويناۋاتقانلاردىن بىر - بىرلەپ سورىۋېدى، ھەممىسىلا: «كۆرمىدۇق» دەپ جاۋاب بەردى.

ساقچىلار يېرىم كېچە بولغاندىلا ئاندىن كوچىنىڭ يېنىدىكى بىر قورۇدا بۇ موزاينى بايقىدى، ئون نەچچە كىشى بۇ موزاينىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرۈشەتتى، بىرنەچچە موماي ئېمىزگە بوتۇلكا بىلەن ئۇنىڭغا سۈت ئەمدۈرۈۋاتاتتى، بىر توپ ياشلار ئۇنىڭغا سوغۇقتىن ساقلىنىدىغان قوتان ياساپ بېرىش ئۈچۈن ئالدىرىشىۋاتاتتى. كۈتۈلمىگەنلا بىر چاغدا يېتىپ كەلگەن ئون نەچچە ساقچىنىڭ ئالدىدا بۇ كىشىلەرنىڭ ھېچقايسىسى قورقۇپ قالمىدى، پەقەت ئىككى مومايلا يىغلاپ تۇرۇپ: «قاراڭلار، نېمىدېگەن بىچارە جانىۋار بۇ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ

ئانىسى تۇگىگەن بولۇشى مۇمكىن. . . » دېدى.

ئون نەچچە ساقچىنىڭ ھېچقايسىسى گەپ قىلمىدى، ئۇلار جىمجىتلا كېتىپ قالدى. بۇ دېلو مۇشۇ ج خ شۆبىسى شۇ يىلى پاش قىلالمىغان بىردىنبىر دېلو بولۇپ قالدى.

بۇ ھېكايىنى ماڭا بىر ساقچى دوستۇم ئېيتىپ بەردى، ئۇ: «ئەگەر شۇ چاغدا ھېلىقى موزايىنى كۆرگەن بولسام، مەنمۇ شۇنداق قىلاتتىم، ئۇنى قاسساپنىڭ پىچىقىغا قاراپ كېتىۋاتقان يولىدىن توسۇپ قالاتتىم! » دېدى.

مېنىڭ ئاشۇ موزايىنى توسۇپ قالغان ئاھالىلەرگە، مەن تونۇيدىغان ياكى تونۇمايدىغان ساقچىلارغا، ئىچى رەھىمدىللىك بىلەن ئاق كۆڭۈللۈككە تولغان كىشىلەرگە بىردىنلا ھۆرمىتىم قوزغالدى. ئاق كۆڭۈللۈكنى ساقلايلى، ئاق كۆڭۈللۈك بىزنىڭ ساقلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان بىردىنبىر نەرسە.


## بومۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقىنى ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىشكەن. بىر پادىشاھ زېمىنى كەڭ، باي، قۇدرەتلىك بىر ئىمپېرىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىكەن. ئۇنىڭ كۈچى يېتىدىغان دائىرە ئىچىدە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغان نۇرغۇن دۆلەتلەر بار ئىكەن. ئۇ قۇدرەتلىك ئارمىيىگە، غايەت زور بايلىققا ئىگە ئىكەن، يەنە ئىنتايىن بىلىملىك كەلگەن زور بىر تۈركۈم كىشى ئۇنىڭغا مەسلىھەتچىلىك قىلىدىكەن، شۇڭا ئۇ جاھاندىكى بارلىق بەختتىن بەھرىمەن بولغاندىن كېيىن، ھاياتنىڭ مەنىسىزلىكىنى ھېس قىپتۇ. بىر قېتىم ئۇ جىمى مەسلىھەتچىلىرىنى چاقىرتىپ مۇنداق دەپتۇ:

— يېقىندا مەن ھاياتقا بولغان سەۋر-تاقىتىمنى ۋە نىشانىمنى يوقاتتىم، باشقىلارنىڭ قولى يەتمەيدىغان نەرسىگە مەن ئاسانلا ئېرىشىمەن. بومۇ ماڭا مەنىسىز تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. ھەر كۈنى هاردۇق يېتىپ ئىچىم تىت - تىت بولىدۇ، بۇنىڭدىن قۇتۇلالمايمەن. لېكىن تۇنۇگۇن ئاخشام ئىچىمدىكى كېسەلنى داۋالايدىغان بىر ئۇسۇلنى تېپىۋالدىم. چۈشۈمدە بىر ئەۋلىيا مېنى تۇمان قاپلىغان تاغنىڭ ئېچكىرىسىگە باشلاپ بېرىپ قولىنى شۇنداقلا شىلتىپتىكەن، تاغ يېرىلىپ ئىككى پارچە بولۇپ كېتىپتۇ. بىز تاغقا كىرىپ ھەممىلا جايدا خىلمۇ - خىل گۆھەرلەرنىڭ چاقناپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇق. ئەۋلىيا ماڭا ئۈزۈكتىن بىرنى ئېلىپ بېرىپ، «بىئارام بولغىنىڭدا ئۈزۈكتىكى مۇنۇ سۆزگە قارساڭلا، ئازابتىن قۇتۇلىسەن» دېدى. مەن ئۈزۈكنى تاقىۋېدىم، دېگەندەكلا شۇنداق بولدى، كېيىن ئويغىنىپ كەتتىم. قارىسام قولۇمدا ھېچنېمە يوق. مەن سىلەرنى مۇشۇ ئۈزۈك بىلەن ھېلىقى سۆزنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇيمەن. قولىڭلاردا بولسۇن، مەن ھەسرەت چەككەندە مۇشۇ سۆزنى كۆرسەم، قۇدرەتلىك ھەم خۇشال ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىشىم، شۇنىڭ بىلەن داۋاملىق ياشاش جاسارىتىگە ئىگە بولۇشۇم، خۇشال بولغاندا مۇشۇ سۆزنى كۆرسەم، ئۆزۈمگە تەنبىھ بېرىپ راھەت - پاراغەتكە ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كېتىدىغان ھالغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىشىم، شۇنىڭ بىلەن كاللامنى سەگەك تۇتىدىغان بولۇشۇم كېرەك.

مەسلىھەتچىلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ، «چۈشىدىكى نەرسىگە قانداقمۇ ئىشەنگىلى بولىدۇ، بۇ ئادەمنى تەتۈر قىينىغانلىققۇ؟ ئۈزۈكنىمۇ تاپقىلى بولار، ئەمما ئۇنىڭغا قانداق سۆزنى ئويغۇلۇق؟ » دەپ ئويلاپتۇ. مەسلىھەتچىلەر ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئويلىشىپ، ھەر بىرى نەچچە ئونلىغان سۆزنى تېپىپ چىقىپتۇ، ئاندىن بۇلارنى بىر - بىرلەپ ئۆتكەمىدىن ئۆتكۈزۈپ ھېلىقى سۆزنى ئاخىر روياپقا چىقىرىپتۇ.

بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئۇلار ئۈزۈكنى پادىشاھقا سۇنۇپتۇ، ئۇنىڭغا «بومۇ ئوخشاشلا ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېگەن سۆز ئويۇلغانىكەن.




(ئانا مەكتىپىم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېغىشلايمەن)

مەن يۇلغۇن - قىياقلار بىلەن ئورالغان تۇپراق ئۈستىدىكى سەل - پەل چوقچىيىپ تۇرغان قەبرە ئالدىغا كەلدىم - دە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئانامنىڭ روھىناتى ئۈچۈن دۇئا قىلدىم.

مەرھۇم ئىلىم - پەزىلىتى كامالەت تاپقان، جىگەرلىك ئايال ئىدى. ئۇ هايات چېغىدا ئادەملەر ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىشنىلا ئويلىغان، ئادەملەرنى قىلچىمۇ رەنجىتىشنى، خاپا قىلىشنى، بوزەك قىلىشنى خالىمىغان. بەلكى ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ رەھىمدىللىكى تۈپەيلى تولاراق باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىغان. تەقدىر ئۇنى روھىيەت جەھەتتە ئۆز پاناھىغا ئېلىپ بىردەمگىنە بولسىمۇ تىنچلىق، ئارامبەخشلىك، خاتىرجەملىك هۆكۈم سۈرگەن كۈلبەخانىسىدىن جاي بەردى. بۇ دۇنيانىڭ خۇۋلۇقىنى، رىيازەت ۋە دەرد - ئەلەمنى كۆرگەندىن كۆرە ئۇنىڭغا شۇ تىپتىنچ خاتىرجەم هاياتمۇ زۆرۈر ئىدى. لېكىن ئۇ ئۆزىلا كەتمىدى، ئۆزى بىلەن بىللە نى ئارزۇ - ئارمانلارنى، ئانىلىق مېھرى - مۇھەببەتنىڭ يېلىنجاپ تۇرغان شاۋقۇن سۈرەنلىرىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتتى.

مەن شۇنى هېس قىلدىمكى، ئادەم - ئاخىرقى ئۆمرىدىلا ياشاش ئارزۇسىنىڭ شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ يېتىدىكەن. ئۆلۈم ئەلچىسى بىلەن تىركىشىش ئېڭى هەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى هېسابتا يەنىلا تەقدىر- قىسمەتنىڭ ۋەھىمىسىگە تەن بەرمەي قالمايدىكەن. ئۇ ئۆلۈپ كېتىۋاتقاندا دۇنيادا رەھمەت ئېيتىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ياخشى كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى، نەپرەتلىنىشكە تېگىشلىكمۇ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى، مەۋجۇتلۇق ئېكرانىدىن بىرمۇ بىر ئۆتكۈزۈپ ئاخىرقى نەپىسى توختىغىچە ئويلايدىكەن. ئەگەر ئۇنىڭغا قايتا ياشاش ئىقتىدارى نېسىپ بولغان بولسا ئۇ شۇ قىسقىغىنا ئۆمرىدە شۇ ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ رېئاللىقتىكى تەقدىرى ئۈچۈن ئاز بولمىغان خاتىرە ئۆرنەكلەرنى يېزىپ قالدۇرغان بولار ئىدى!

ئۇ ئۆلۈپ كەتتى. ئۆز قەدىر - قىممىتى بەدىلىگە هاياتنى مەنىلىك ئاخىرلاشتۇردى.

ئاھ تەقدىر، سەن پۈتكۈل كارامەت، پۈتكۈل مۆجىزاتلارنىڭ ئىگىسى، سەن بۇ ئالەمدە هەرقانداق ياخشى - يامان ئىشلارغا شاهىد بولۇپ، ئۇنى پەرىشتىلەرنىڭ لەۋھى قەلىمى ئارقىلىق ماماتلىق ساندۇقىغا ئارخىپلاشتۇرىسەن. ياخشىلار ئۆز قەدىر - قىممىتىنى تاپىدۇ، يامانلارمۇ هامان بىر كۈن جاجىسىنى يەيدۇ.

قەبرە هېلىمۇ ئانامنىڭ جىسمى - روھىناتىنى ئۆز قۇچىقىغا ئېلىپ، ئۇنى سۆيۈپ

تۇرماقتا. قەبرە، بۇ دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىغا پىسەنت قىلمىغاندەك تۇرسىمۇ، لېكىن ئانام ئۇ يەردە قەددى - قامىتىنى رۇسلاپ، مەڭگۈ يىراققا - ئاقۋاش تاغ چوققىلىرىغا كۆز تىكىپ تۇراتتى. . .

مەن كۆز ياشلىرىمنى سۈرتكەندىن كېيىن يۇلغۇن - قىياقلار ئارىسىغا كۆمۈلۈپ تۇرغان قەبرىگە ئاخىرقى قېتىم كۆز تاشلىدىم - دە، قەبرە ئۈستىدە يېيىلىپ ياتقان گىياھلارنى قولۇمغا ئېلىپ پۇراپ قويۇپ، خۇددى قەبرىدىن جاۋاب كۈتكەندەك بىر پەس سۈكۈتتە تۇردۇم.

بىزگە مەلۇمكى، ھايات - ئىجتىھات ۋە تۆھپە بىلەن گۈزەلدۇر. تۆھپىسىز سالاپەت، نەتىجىسىز يۈرۈش - تۇرۇش، كەشپىياتسىز دەبدەبە، بۈگۈنكى ئۈچۈر دەۋرىدە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن يىراق.

مۇشۇ گۈزەل دۇنيادا ياشاپ، تەبىئەت ھەم جەمئىيەت نېمەتلىرىدىن بەھرە ئېلىۋاتقان ھەربىر ئىنسان ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆزى ياشاۋاتقان بۇ گۈزەل دۇنيا ئۈچۈن، بەھرە ئېلىۋاتقان تەبىئەت ھەم جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش مەجبۇرىيىتى زىممىسىگە يۈكلەنگەن بولىدۇ. بۇ مەجبۇرىيەت ئىرق ئايرىمايدۇ، مىللەت ئايرىمايدۇ، سالاھىيەت - ئىمتىياز ئايرىمايدۇ ياكى ھوقۇق - مەنسەپ، شۆھرەت ئايرىمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ مەجبۇرىيەت كىشىلىك ھوقۇققا ئېرىشكەن، ئۆزىنى چىن ئىنسان دەپ ئاتىغان ھەربىر ئادەم ئۈچۈن - ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىۋېرىدۇ.

مەن ئۆز خاتىرەمگە شۇنداق يازغانىدىم: «ھايات ئادەمگە بىرلا قېتىم نېسىپ بولىدۇ. ھەرقانداق ئادەم مەنىلىك ياشاشنى، ھاياتنىڭ لەززىتىنى كۆپرەك تېتىشنى خالايدۇ. لېكىن قانداق قىلغاندا سىڭدۈرگەن ئەجرىگە لايىق نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ ھاياتنىڭ قىممىتى نېمە؟» . . . قانداق ياشاشنى ئۆگىنىۋاتقىنىمنى ئويلاۋاتقىنىمدا، قانداق ئۆلۈشنىمۇ ئۆگىنىۋالغانىدىم.

يىللار ئۇچقاندەك يوچۇنلا ئۆتمەكتە. كىمىكى ئەخلاق ئۇرۇقىنى يەرگە تېرىسا ئۇنىڭ بەختى پارلاق، شان - شەرەپتىن مول ھوسۇل ئالىدىغانلىقى ئېنىققۇ!

ئانامنىڭ ئېيتقانلىرى تېخىچە ئېسىمدىن كەتكىنى يوق. مەن مەرھۇمغا بولغان چەكسىز ساداقىتىم بىلەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى نۇرلاندۇرۇپ مۇشتۇمىمنى زەرب بىلەن تۈگدۈم - دە، جەزبىدارلىق بىلەن يىراقتىكى قارلىق چوققىغا كۆز تىكتىم.

مېنىڭ كۆز ئالدىمدا بىردىنلا شائىر قاسىم سىدىقنىڭ نەۋقىران ئوبرازى ۋە ئۇنىڭ بىر پارچە ئىلمىي ئەمگەك ئۈستىدە قەلەم تەۋرىتىۋاتقان ھالەتتىكى نۇرلۇق سىماسى گەۋدىلەندى. ئۇ شۇ قارلىق چوققىغا ھەمنەپەس بولغاندەك كۆرۈنەتتى.

. . . قارلىق چوققا، ئېھ قارلىق چوققا! . . . شەپەق قىزارغاندا كۈمۈشتەك پارلىنىپ يالقۇنجاپ تۇرغان شۇ قارلىق چوققا. . . «مەن ئاق رەڭنىڭ سۈزۈك چەشمىسىدە دەممۇ دەم يۇيۇنۇپ تۇرىمەن. بۇ يۇيۇنۇشۇم پاكلىنىشىم ئۈچۈندۇر» دەپ ئۆزىنى دۇنياغا جاكارلىغان شۇ قارلىق چوققا! . . .

شائىر، تەتقىقاتچى قاسىم ئەپەندى: بىز ساڭا مەملىكەت نامىدىن، جۇڭخۇا مىللىتى نامىدىن خۇشخەۋەر يەتكۈزمەي تۇرالمايمىز. سېنىڭ «بوشلۇق نەزەرىيىسى» نىڭ ئىجتىمائىي پەن قىسمىغا ئائىت بىر قىسىم ئىدىيىلىرىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىلمىي ماقالەڭ «ماشىنىنىڭ ئادەملىشىشى ۋە ئادەمنىڭ ماشىنىلىشىشى» بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى جەلپكار نۇقتا مەسىلىلىرى ۋە ئىدىيىۋى تەربىيە سەنئىتى ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنىدا مەملىكەتلىك 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

يەنە شۇ قارلىق چوققا. . . قاسىم ئەپەندى يىراقتىن كۆز ئۈزۈپ، مۇساپىرنىڭ كەپىسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ۋەيرانە ئۆي ۋە ئۆي ئىچىدىكى خىلمۇ خىل كىتابلار بىلەن تولغان ئاددىي ئىشكاپقا كۆز تىكتى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى كىچىككىنە شىرە ئۈستىدە «زوقلانغۇچىلار پسىخولوگىيىسىنىڭ زۆرۈرلۈكى» ، «قايتا ئىجاد قىلىش ۋە ئىمكانىيەت» ، «جىن گودئول نەتىجىلىرىنىڭ ئەھمىيىتى» ۋە «ئالەمنىڭ غەيرىي ماددىي قاتلىمى - يوقلۇق» تىن ئىبارەت بىرقانچە ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ قولىيازما ئورگىناللىرى رەتلىك تىزىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە چەت ئەلدىكى مەلۇم بىر گېزىتتە ئېلان قىلىنغان

چوڭقۇر پەلسەپىۋى ئۇقۇم سىڭدۇرۇلگەن ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى «بوشلۇق نەزەرىيىسى» نىڭ ئورىگىناللىرى باشقىچە جۇلالىنىپ تۇراتتى.

ئۇ - بۇ ئەسەرنى ئۆز ۋاقتىدا مەتبۇئات يۈزىدە ئېلان قىلدۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغانىدى. 1965 - يىلىدىن باشلاپ شېئىرلىرى ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان غۇلجا ناھىيە «بۇلاق دادامتۇ» يېزىسىدىكى ئاددىي بىر دېھقان پەرزەنتى - يېزا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى قاسىم سىدىقنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا تەتقىقات ئەسەرلىرى ئارقىلىق مەملىكەتتە، جۇملىدىن چەت ئەل گېزىتلىرىدە ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئىسمى ئاتىلىشى - بۇ ئۇلۇغ غايە، ئۇلۇغ ئىستەك، ئۇلۇغ ئارزۇلارنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى ئىدى.

ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاقلىقىغا قاراپ يۈزلىنىشى - بارلىققا كېلىش، ئۆزلىشىش، مۇقىملىشىش باسقۇچلىرىنى ئۆزئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇنى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان شارائىتى بارلىققا كەلتۈرگەن. مەنىۋى جەھەتتىكى مەدەنىيەت ئامىللىرىدا دۆلەت چېگرىسى، مىللەت ئايرىمىسى بولمايدۇ. ئۇ دۆلەتلەر ئارا، مىللەتلەر ئارا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

نۆۋەتتىكى سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي باسقۇچ جەريانىدا مەنىۋى جەھەتتىكى مەدەنىيەت ئامىللىرى بىلەن تۇرمۇش ئۇسۇلى ئوتتۇرىسىدىكى تەسىر كۆرسىتىش - دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئورتاقلىققا يۈرۈش قىلىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ھەر خىل كەسپىي تۈرلەرنىڭ كۆپىيىشى - ئۇچۇر مۇلازىمىتىنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشى، ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاقلىققا قاراپ يۈزلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئۆز تىرىشچانلىقىنى كۆرسەتمەي قالمايدۇ. بۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك. ئەمما كىشىلەر شۇ ئورتاقلىق جەريانىدا ھامان ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇشى، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىشى، ئۆز تەقدىرى ئۈچۈن، جۈملىدىن مىللەتنىڭ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئۆزى كۈرەش قىلىش روھىغا ئىگە.

شائىر قاسىم سىدىق ئەپەندى - ئۆزى ئاددىي بىر ئوقۇتقۇچى بولسىمۇ ئۇنىڭ جەلپ قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە يۇقىرى تالانت ۋە ماھارىتى، كۆپ ئەجرى - مېھنەت سىڭدۇرۇشى ئارقىلىق قولغا كەلگەن. ئۇنىڭ بۇ روھىنى ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ.

مەن يەنە يىراققا كۆز تىكتىم. مېنىڭ نەزىرىم قەشقەر دىيارىغا - «تۈركىي تىللار دىۋانى»دەك شاھانە ئەسەرنى كەشىپ كەتكەن ئۇلۇغ ئالىم - يىتۈك تىلشۇناس مەھمۇت دىيارىغا يۆتكەلدى. ئۇ يەردە يېڭىدىن قەد كۆتەرگەن يەنە بىر ئالىم، گەرچە ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرى بىلەن زاماندىش بولمىسىمۇ، مەھمۇت تۇغۇلغان شۇ كەنتتە تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ يېتىلگەن، بۈگۈنكى ئۇچۇر دەۋرىنىڭ يىتۈك فىزىكا ئالىمى كۈرەش ئىبراھىم - بوۋىسى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ھەشەمەتلىك قەبرىگاھىنى زىيارەت قىلماقتا ئىدى. ئۇ بۈگۈنكى ئىگىلىك يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىۋاتقان ئۇچۇر دەۋرىدە - مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتىدا تۇغۇلغىنىغا مۇناسىپ ھالدا ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ، دۇنيا ئالىملىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانى بىلەن شۆھرەت قازىنىشقا مۇۋەپپەق بولدى. قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە ئوپال يېزا موللام كەنتىنىڭ ئۈجمىلىك مەھەللىسىدە ھېلىمۇ توختىغان ئانا ئۇنىڭغا كۆلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ 1987 - يىلى دۆلەت مائارىپ كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغانلارنى تاللىۋالىدىغان چەت ئەل تىلى سەۋىيىسىنى سىناش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، ئىنگلىز تىلى ئىمتىھانىدا ئەلا نەتىجىگە ئېرىشىپ بىلگىيە لىۋ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى.

ئۇ ئوقۇش جەريانىدا پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن تەتقىقاتقا كىرىشكەنلىكىدىن، ئېلېكترون، فوتو ئېلېكترون ئىسپېكتر تەجرىبىخانىسىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىش يولىدىكى تەتقىقات ئىشلىرىنى قەيسەرلىك بىلەن داۋاملاشتۇرغانلىقىدىن ئۆزىمۇ خۇشاللىناتتى. ئانا ئارزۇسىغا مۇناسىپ ھالدا ئۇ ئوقۇش ۋە تەتقىقات جەريانىدا ھەقىقەتەن باشقىلارنى ھەيران قالدۇرغىدەك

دەرىجىدە ئۆگىنىش - ئىزدىنىش روھىنى ئىپادىلىدى. فىزىكىغا دائىر ئون نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىنى ئىنگلىز، فرانسۇز تىللىرىدا يېزىپ ئامېرىكا، فرانسىيە، بېلگىيە، ئىسپانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە نەشر قىلىنىدىغان ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇردى. بېلگىيە، ئىسپانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئېچىلغان يىغىنلارغا قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى جاھان ئالىملىرىنىڭ باھالىشىغا سۇنۇپ ئالقىشقا ئېرىشتى. بېلگىيە، گوللاندىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا ئۈچ قېتىم، بېلگىيە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ئالتە قېتىم قاتنىشىپ ئىلمىي ماقالە ئوقۇدى ۋە لېكسىيە سۆزلىدى. ئۇ يازغان بەش پارچە ئىلمىي ئەسەر «ئېلېكترونلۇق سەكرەشتىن كېلىپ چىققان ھادىسىلەر توغرىسىدىكى 4 - قېتىملىق خەلقئارا يىغىن ماقالىلەر توپلىمى»غا كىرگۈزۈلدى. ئالىملار ئۇنىڭ نەتىجىلىرىگە ئاساسەن ئۇنىڭ «تەبىئىي پەنلەر دوكتورى» دېگەن ئىلمىي ئۇنۋانىنى ئالغانلىقىنى خەلقئاراغا جاكارلىدى.

ئالىملار مەھمۇت قەشقەرى يۇرتىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ ياش ئۇيغۇر ئالىمىنىڭ نەتىجىلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى ۋە ئۇنى تەبرىكلىدى. بېلگىيە ئاخبارات ساھەسى مەخسۇس ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن تونۇشتۇردى.

مېنىڭ كۆزۈم ھامان يىراقتىن ئۈزۈلمەيتتى. مېنىڭ كۆز ئالدىمدا تەڭرىتېغىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى بوستانلىق گۈزەل يۇرت - كورلىنىڭ ئاۋات مەنزىرىسى، بىر - بىرىگە زەنجىرسىمان تۇتىشىپ كەتكەن تاغ - ئېدىر چوققىلارنىڭ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەيۋەتلىك قىياپىتى، شاۋقۇن كۆتۈرۈپ كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان «باش ئەگىم»نىڭ كۆمۈشتەك سۇلىرى. . . گەۋدىلەندى. دولقۇنسىمان سوزۇلۇپ كەتكەن تەڭرىتېغىنىڭ ئاپئاق قارلىرىنى كېچىپ «باش ئەگىم» ئۈستىدە توختىغان ھاۋاخان ئانا شوخشۇپ ئېقىۋاتقان ئەركە سۇلارغا قاراپ بىر پەس سۈكۈتتە تۇردى - دە، كېيىن يەنە دەرياغا كۆز تاشلىدى. دەريادا ئوغلى دىلشات غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈۋاتقاندەك ۋە قاشقا يېقىنلىشىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقاندەك بىلىندى. قاشتا ئۇنى كۈتۈۋاتقىنى ئىنسان ئەقلى بىلەن رىقابەتلىشىدىغان كومپيۇتېر ئىدى. ئۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئاخىرقى ھېسابتا قاشقا چىقتى. يەنى «دىگىۋەن بەت ياساش» سىستېمىسىنى، شۇنداقلا چاقىرغۇ ئاپپاراتىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش تەتقىقاتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەپ تاماملىدى ۋە شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو - ئەنگلىيە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىلىم - پەن سەۋىيىسىنىڭ پەرق چەكلىمىسىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، لوندونغا بېرىپ دوكتورلۇق، ئاسپىرانتلىققا بىۋاسىتە قوبۇل قىلىنىش ئۆلچىمىدىن ئۆتتى. ئەنگلىيىدە ئۇنىڭ «دوبلىن مۇھاكىمىسى» دېگەن ژۇرنالدا «ئېنىقسىز سانلىق مەلۇماتلارنى بىرتەرەپ قىلىش» (قەدىمكى جانلىقلارنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنى كومپيۇتېردا بىرتەرەپ قىلىش) دېگەن تېمىدىكى ئىنگلىز تىلىدا يېزىلغان ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىندى ۋە بۇ ماقالە ئالىملارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى.

. . . مەن يىراقتىن زادىلا كۆز ئۈزمەيتتىم. مەن گەرچە مالامەت دەشتىدە تىپىرلاۋاتقان ئادەم بولساممۇ لېكىن روھىيەت جەھەتتە يەنىلا تىرەن ۋە ساغلام ئىدىم. قەلبىمدىن باھارنىڭ ئىللىقلىقى، يازنىڭ تومۇزلۇق تەپتى - ئاتەشلىرى، كۈزنىڭ ئىزغىرىن شامالىرى، قىشنىڭ ئايدىڭدىكى ئاپئاق قارلىق كېچىلىرى تېخى ئۆچكىنى يوق. مەن يەنە چوققىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتىم. ئۇ يەردىن ئەجدادلارنىڭ نۇرلۇق سىماسىنى، مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان كارۋانلارنىڭ قىسمەتلىك سەپەرلىرىنى، بۈگۈنكى ئالتۇن دەۋرنى ۋە بۈگۈنكى ئەۋلادلارنىڭ ئالەمشۇمۇل ئېسىل خىسلەت - پەزىلەتلىرىنى كۆرگەندەك بولاتتىم. مەن ئۇ يەردىن يەنە روسىيە سان پېتېربورگ 1- دوختۇرخانىسىغا كاندىدات دوكتورلۇق ئۇنۋانى بىلەن ئوقۇشقا بارغان «جۇڭگوچە تېبابەتچىلىكنىڭ سىرى» قاتارلىق بەش پارچە ئىلمىي ئەسەر يېزىپ ئۈچ قېتىم خەلقئارالىق تىببىي ئىلىم يىغىنىغا قاتناشقان روسىيە نەپەس يوللىرى كېسەللىكى تەتقىقات ئورنىنىڭ دىسسېرتاتسىيە ياقلاش كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان يىغىندا ياقلىغان «دەم سىقىلىش كېسەللىكىنى دورىسىز ئومۇملاشتۇرۇپ داۋالاش» ناملىق دىسسېرتاتسىيىسى ئارقىلىق دەرىجە ئالالاپ

دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن خالمۇرات غوپۇردەك ئالىملارنى، مېيىپلار مائارىپى بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى يېشىپ، كۆرۈش، ئاڭلاش، سۆزلەش ئىقتىدارى نېسىپ بولمىغان ئاجىز-ئاجىزەلەردىكى بىلىم ئېلىشقا بولغان كۈچلۈك ئىشتىياقىنى ئوڭۇشلۇق هەل قىلىش ئۈچۈن «بارماق تىلى ۋە بارماق هەرپى» ئىجاد قىلغان هەم «بارماق تىلى قوللانمىسى» تۈزۈپ چەتئەلدە تۇنجى قېتىم نەشر قىلدۇرغان گۈلبوستان غوپۇردەك تالانت ئىگىلىرىنى كۆرەتتىم.

مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن هەتتا ئۆتكەنكى تارىخلاردا ئىسىم شەرىپلىرى مۇقەددەس پۈتۈلگەن «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن كېيىنكى ئەدەبىيات - سەنئەت تارىخىمىزدا نامايان بولغان «شوروھۇلقۇلۇپ»، «ئىشرەت ئەنگىز»، «دىۋان قىدرى»، «تارىخىي رەشىدى»، «تارىخى مۇسقىيون»لەرنىڭ ئاپتورلىرى خانىش ئامانىساخان، قېدىرخان، مىرزا هەيدەر كوراگانى، مۆجىزىلەرمۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ پېشۋالىرى - ئۆمۈر بويى ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ نادامەتتە كەتكەن يىتۈك ئالىم، پەيلاسوپ، ئەدىب، ئۇستاز ئابدۇشۇكۇر مۇهەممەدئىمىن، يەتمىش نەچچە يىللىق ئۆمرىنى ئىجادىيەتكە بېغىشلىغان مەشهۇر ئالىم، تەۋەرۈك ئەسەرلىرى بىلەن ئۆمۈر ئابىدىسىنى تىكلىگەن بۈيۈك قەلەم ساهىبى مۆهتەرەم ئابدۇرېهىم ئۆتكۈر ئەپەندى، ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يېزىپ بىزنى چوڭ سۆزلەتكەن «قۇتادغۇبىلىك» تەك دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە شاهانە كىتابنى يورۇقلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن جاپالىق ئىزدىنىش داۋامىدا پەرىشتىلىك ماقامىغا يەتكەن ئاجايىپ شۆهرەتلىك ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن ئۆز هاياتىنى نۇرلاندۇرغان كاتتا ئالىم - مەرهۇم ئەهمەد زىيائى ئەپەندى ۋە يەنە بىر ئۆمۈر مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ يۈرەك قانلىرى بىلەن ئەسەر يېزىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ هارۋىسىنى ئىچ ئات بولۇپ سۆرەۋاتقان قەلەم ساهىبىمىز، ئەل قەلبىدىكى خەلقپەرۋەر شائىر - يازغۇچىلىرىمىز، ئۆمۈرۋايەت جاپالىق تەتقىقات ۋە مائارىپ - مەدەنىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بەللىرى يادەك ئېگىلىپ كۆزلىرى خىرەلەشكەن ئالىم - پروفېسسورلىرىمىز، توم - توم لۇغەت، قامۇسلارنى تۈزگەن، تەهرىرلىگەن مۇهەررىر ئەپەندىلەر، لۇغەتشۇناسلار، تەزكىرەشۇناسلىرىمىز، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ جەۋهەرلىرى ۋە مەشهۇر ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ خەلققە تونۇشتۇرغان تەرجىمەشۇناسلىرىمىز، تىلشۇناسلىرىمىز، خەتتاتلىقنىڭ نادىر ئۈلگىلىرىنى ياراتقان خەتتاتلىرىمىز، مۆجىزىۋي رەسىملەرنى سىزىپ ياۋروپانى زىلزىلىگە سالغان رەسساملىرىمىز، هەيكەلتاراشلىرىمىز، موللا مۇسا سايرامى، هاجى نۇراجى، ئەنۋەر باتۇر، ئىمىن تۇرسۇندەك يىتۈك ئالىم تارىخشۇناسلىرىمىزنى كۈمۈشتەك رەڭ ئالغان شۇ تاغ چوققىسىدا كۆرەتتىم. مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن يەنە ئۇلارغا ياندىش هالدا ئۇلارنىڭ پەخىرلىك ئوغۇللىرى بولۇشقا مۇناسىپ ئەۋلادلار ئۆتەتتى. جىنس دۇنيا رېكورتىنى يېڭىلىغان، مىللەتكە، ۋەتەنگە شان - شەرەپ كەلتۈرگەن ئاجايىپ قەيسەر ئوغۇل ئادىل هوشۇرمۇ، جۇڭگوچە چېلىشىش ماهىرى غېنى ياسىن، بىلىيارت ماهىرى قاسىمجان تۇرسۇن، ۋاسكىتبول چولپىنى ئادىلجان، ئاسىيا بوكس چېمپىيونى ئابدۇراخمان ئابلىكىم، موتسىكلىت بىلەن جۇڭگونى ئايلىنىپ چىقىپ دۇنيا جىننىس رېكورتى ياراتقان جۈرئەت ئوبۇلقاسىم قاتارلىقلارمۇ شۇ ئەۋلادلارنىڭ قاتارىغا كىرەتتى.

مەن يەنە يىراققا كۆز تىكتىم. يۇقىرىقى ئۇيغۇر ئوغلانلىرىنىڭ هەيۋەتلىك بەستىنى، قامىتىگە بىرپەس قاراپ تۇردۇم - دە، تۇپراق ئاستىدا بىخارامان خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقان ئانامنى ئويلۇدۇم.

مىللەتنىڭ شان - شەرىپى هەر بىر مىللەت ئەزاسىنىڭ شان - شەرىپى ئىكەنلىكىنى هەممە بىلىدۇ، مىللەتنىڭ ئار - نومۇسى هەربىر مىللەت ئەزاسىنىڭ ئار - نومۇسى ئىكەنلىكىمۇ هەممىگە ئايان. ئۆزىنى بۇنىڭدىن تاشقىرى قويىدىغان ئادەم - هەرقانداق مىللەت ئارىسىدىمۇ خۇددى ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئۈسۈپ قالغان ياۋا ئوت - چۆپكىلا ئوخشايدۇ. ياشاشنىڭ مەنىسى - قەدىر - قىممەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئادەم مىللەت دۇچ كېلىۋاتقان هەرقانداق نومۇسلارنى ئاقلاش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئېھ، تىنىمسىز خىياللار... ئۇزاققا سوزۇلغان چۈشتەك تۇيۇلىدۇ كىشىگە. ئانىلار بولسا شۇ ئۇزاققا سوزۇلغان چۈشنىڭ داۋامى... ئۇ پاك، ئۇ هەممىدىن سىر خىل. ئۇ هەممىگە قادىر. توغرا، سەن تۇغۇلغاندىن كېيىنمۇ يۈرەكلەردە گۈلخاندەك ئوتلارنى ياندۇرۇۋاتقانلىقىڭنى ئۇ بىلىدۇ. سېنى ساناقسىز غايە -

ئىستەكلىرىنى يۇدۇپ يۇرۇپ بۇ دۇنيانىڭ ساپ ھاۋاسى بىلەن سۆيۈشتۈرگۈچى پەرىشتە سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. ئۇ دەيدۇ: ئارزۇ - ئارمانلىرىڭ بىلەن دېڭىز سۇلىرىغا قوشۇلۇپ كېتىدىغان كىچىككىنە سۇ تامچىسىمەن بالام. مەن سېنىڭ تىنىمسىز دولقۇنلىنىپ تۇرىدىغان دېڭىز - ئوكيان سۇلىرىغا قېتىلىدىغانلىقىڭغا ئىشەنگىنىمدە ئۈمىد دېڭىزىغا چۆمۈلىمەن. سېنى ئۇزۇپ مەقسەت ساھىلىغا چىققۇچى قۇدرەت ئىگىسى، پاراسەت ئىگىسى سۈپىتىدە قىياس قىلىمەن. ھەرقاچان سېنى ئۈمىد ئېتىزلىرىدا كۈتۈپ ئولتۇرىمەن. . .

ئۇ يەنە: سەن گۈل - چېچەكلەر بەرگىدە يالتىرىغان كىچىككىنە شەبنەم تامچىسىمەن بالام، مەن سېنىڭ خۇشپۇراق گۈل - چېچەكلەر بەرگىدە مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇرىدىغانلىقىڭنى بىلگىنىمدە ئىپتىخارلىق نۇرلىرىغا كۆمۈلىمەن. مەن سېنى ئۆز خاسىيىتى بىلەن باغلارغا ھۆسن بەرگۈچى ئىجادكار، ئۆز ئىجادلىرى بىلەن ئالەمنى بېزىگۈچى تۆھپىكار سۈپىتىدە قىياس قىلىمەن. مەن سېنى ھەرقاچان شەرەپ مۇنبىرىدە كۈتۈپ ئولتۇرىمەن. . . دەيدۇ.

بىز ئانىلارغا ھۆرمەت بىلدۇرۇشىمىز كېرەك. چۈنكى شۇ ئانىلار پەيغەمبەر، قۇتبىل ئەختاپلەرنى تۇغدى. ئۇلار گىرېك ئالىمى ئارستوتىل ۋە فىردەۋسىلەرنى تۇغدى، تىلى ھەسەلدەك شېرىن سەئىد شىرازى، تىلى زەھەردەك ئاچچىق ئۆمەر ھەييامىلارنى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ۋە ئەما شائىر ھومىرلارنىمۇ تۇغدى. دۇنيادىكى جىمى شان - شەرەپ، ئابرۇي ۋە ئاتاقنى ئانىلار بەرگەن.

«كومپيۇتېردىكى ستېرېئولۇق كارتون فىلىم ئۇنۇمىنىڭ كۆرۈش - ئاڭلاش مائارىپىدىكى ئىشلىتىلىشى»، «كۆپ مىللەتلىك جەمئىيەتتە ئېلېكترونلۇق ئوقۇتۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكى توغرىسىدا» ناملىق ئىككى پارچە دىسسېرتاتسىيىسى ئارقىلىق ياپونىيىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن رەيھانگۈل ۋە ياپونىيىدە ئاق قان كېسىلى ۋە ئۆپكە راكىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىپ ئوقۇشنى غەلىبىلىك تاماملاپ، ئۆزى ياقلىغان «ئاق قان كېسىلى توغرىسىدا» ناملىق دىسسېرتاتسىيىسى ئارقىلىق دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ئۇنىڭ ئىنىسى غاپپارلار (ئۇنىڭ بۇ ماقالىسى ئاق قان كېسىلى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان. ئامېرىكىدا چىقىدىغان «راك كېسىلى تەتقىقاتى ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان) ئۈرۈمچى 1- ماي دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئاددىي بىر دېھقان ئائىلى - رەھىمخان ئانىنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى ئەمەسمۇ؟ ئانا مۇشۇ ئىككى پەرزەنتىنى ياپونىيىدە ئوقۇتۇپ ئالىي دەرىجىلىك تەتقىقات خادىملىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرگىچە قانچىلىك رىيازەت چەككەندۇ؟ قانچىلىك بەدەل تۆلىگەندۇ؟

فىزىكا ئالىمى - دوكتور كۈرەش ئىبراھىمنىڭ ئانىسى توختىخان ھەدە، دۆلەتلىك تېببىي پەنلەر دوكتورى، شاڭخەي جۇڭيى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورلار مۇئاۋىن يېتەكچىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ياش تېببىي خادىملار بىرلەشمىسىنىڭ جۇرنى خالمۇرات غوپۇرنىڭ ئانىسى كەرىمە ناسىر ھەدە، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىلىم - پەن سەۋىيىسىنىڭ پەرق چەكلىمىسىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ لوندۇنغا بېرىپ ئوقۇپ، دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن دىلشاتنىڭ ئانىسى ھاۋاخان خالىق ھەدە ۋە شۇ قاتارلىق ئانىلار بىزنىڭ ھەقىقەتەن پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك ئانىلىرىمىزدۇر.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ ئاياللىرى»، «شىنجاڭ ياشلىرى» قاتارلىق ژۇرناللاردا مىللەتنىڭ ئىللىتىگە دائىر نۇرغۇن ماقالە، ئوبزورلار ئېلان قىلىندى. «چۆللىشىۋاتقان مەنىۋى بوستانىمىز ھەققىدە»، «تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈنكى ماھىيەت»، «بىزدىكى ئىللەتلەر» دېگەندەك بىر قاتار ماقالىلەردە «بىز خەقتە ئىشچانلار ئاز، ھورۇنلار كۆپ، بىزدە بىكار تەلەپ نان قېپىلار ھەممىلا يەردە يامراپ تۇرىدۇ» دەپ مىللەتنىڭ يىغىرىنى قالتىس ئېچىۋەتتۇق. ئەمما «ئىللەت» كە يۇرۇشلەشكەن قەلەم - مىللەتكە ئىلھام بېرىدىغان گەپ - سۆزلەرگە كەلگەندە ناھايىتى ئاز تەۋرىدى.

توغرا، مىللىتىمىزنىڭ ئەيىبلىرىنى ئەلۋەتتە ئېچىپ ياخشى ئانالىز قىلىپ، ياخشى دىئاگنوز قويۇپ ئۇنىڭ داۋالىنىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك. لېكىن نوقۇل ھالدىكى «ئېچىپ بېرىش»، «ئەيىبلەشلەر» بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. «ئېچىپ بېرىش» بىلەن بىللە ئۆرنەكلىك تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ ئىلھام بېرىشمۇ زۆرۈر.

مەن خىيال ئىلكىدە يىراققا، يەنە شۇ قارلىق چوققىغا كۆز تىكتىم.

ئېھ، تىنىمسىز خىياللار. . .



# ئېتىش

(ھېكايە)

ئا. س. پۇشكىن (رۇسىيە)

مۇھەممەت پولات تەرجىمىسى

**مۇھەررىردىن:** بۈيۈك رۇس شائىرى ئالېكساندىر سېرگېيېۋىچ پۇشكىن (1799 ـ 1837) ئۆزىنىڭ 20 يىللىق ئىجابىي ھاياتىدا «يېۋگېنى ئونېگىن»، «سىگانلار»، «پولتاۋا»، «مىس چەۋەنداز»، «باغچا ساراي فونتانى» قاتارلىق ئۆلمەس داستانلارنى، رۇس ھاياتىنىڭ ئەڭ كەڭ ۋە ئۆتكۈر دراماتىك مەنزىرىلىرى يارىتىلغان «بورىس گودونوف»، «موسارت ۋە سالىرى» قاتارلىق ئاجايىپ درامىلارنى، شۇنداقلا مەزمۇن كەڭلىكى ۋە بەدىئىي يارقىنلىقى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان «كاپىتان قىزى»، «دوبروۋسكى»، «قاغىنىڭ ماتكىسى» قاتارلىق رومان، پوۋېستلارنى يېزىپ، رۇس ئەدەبىياتىنىڭ پۈتۈن بىر دەۋرلىك تەرەققىيات تارىخىنى ياراتتى. ئۇنىڭ «بېلكىن قىسسىلىرى» كىتابىغا كىرگەن ھېكايىلىرى پۇشكىننىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن بەدىئىي قۇدرىتىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلىپ، ئۇنى ھېكايىچىلىق ئىجادىيىتىنىڭ دۇنياۋى ئۇستىسىغا ئايلاندۇردى. ئۇنىڭ تۆۋەندە ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىنىۋاتقان «ئېتىش» ناملىق ھېكايىسى رۇس مىللىي خاراكتېرىنىڭ بەكمۇ نازۇك ۋە يارقىن بىر تىپى يارىتىلغان، پۇشكىن پىروزىسىنىڭ ئىجادىي، بەدىئىي پەللىسىنى تېخىمۇ روشەن يورۇتۇپ بېرىدىغان قالتىس ئەسەردۇر.

## 1

بىز كەنتتە تۇراتتۇق. ئوفىتسېرنىڭ ھاياتى ھەممىگە مەلۇم: ئەتىگەندە ھەربىي مەشىق، پولك كوماندىرىنىڭ ئۆيىدە ياكى يەھۇدىي قاۋاقخانىسىدا چۈشلۈك تاماق، كەچتە مەي ئىچىش، ياكى قارتا ئويناش. بۇ كەنتتە بىرەر ئىشرەتخانا ياكى تاماشاخانا يوق ئىدى. بىز بىر ـ بىرىمىزنىڭكىگە توپلىنىپ كەچلىكىمىزنى ئۆتكۈزەتتۇق. بىزنىڭ ئۇلپەتچىلىكىمىزدە ھەربىي بولمىغان پەقەت بىر كىشى بار ئىدى. ئۇنىڭ يېشى ئوتتۇز بەشلەردە بولۇپ، بىز ئۇنى چوڭ بىلىپ ھۆرمەت قىلاتتۇق. ئۇ كۆپ ئىش كۆرگىنى ئۈچۈن ھەممە تەرەپتىن بىزدىن ئۈستۈن تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ تەمكىن مىجەزى، قەيسەر

خاراكتېرى، ئاچچىق تىلى بىز ياشلاردا كۈچلۈك تەسىر قالدۇرغانىدى. ئۇنىڭ ھاياتى بەكمۇ غەلىتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزى رۇسقا ئوخشىسىمۇ لېكىن ئىسمى ئەجنەبىيچە ئىدى. بىر چاغلاردا ئۇ ئارمىيىدە خىزمەت قىلىپ ئوبدان كۈن كەچۈرگەنىدى. ئۇنىڭ خىزمەتتىن ئايرىلىشى، بۇ يىراق كەنتكە كۆچۈپ كېلىپ يالغۇزلۇقتا باياشات كۈن ئۆتكۈزۈشىنىڭ سەۋەبلىرىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ قىسقا قارا پەلتو كىيىپ دائىم پاياق يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئىشكى پولكىمىزدىكى ھەممە ئوفىتسېرلەر ئۈچۈن دائىم ئوچۇق ئىدى. ئۇنىڭ ھەربىيدىن بوشىغان خىزمەتكارى تەييارلايدىغان كۈندۈزلۈك تامىقى ئىككى ياكى ئۈچ خىل بولۇپ، شامپانسكى ھارىقى مول ئىدى. ئۇنىڭ بايلىقىنىمۇ، كىرىمىنىمۇ ھېچكىم

بىلمەيتتى، بۇ ھەقتە سوراشقىمۇ بىرەر كىشى جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇنىڭ ھەربىي ئىشلارغا ئائىت كىتابلىرى ۋە بىرمۇنچە رومانلىرى بار ئىدى. ئۇ، بۇ كىتابلىرىنى باشقىلارنىڭ ئوقۇشىغا ئارىيەت بېرەتتى. لېكىن ئۇنى قايتۇرۇپ بەرمىگىچە بىرەر قېتىممۇ سورىمايتتى. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشى تاپانچا ئېتىشنى مەشىق قىلىش ئىدى. ئۆيىنىڭ تاملىرى ئوقتىن ئۆتمە - تۆشۈك بولۇپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئۇۋىسىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ بىردىنبىر زىننىتى خىلمۇ خىل تاپانچىلار ئىدى. ئوق ئېتىشتا ئۇ ئاجايىپ ماھارەتكە ئېرىشكەنىدى. مۇبادا ئۇ بىرەر كىشىنىڭ بېشىغا نەشپۈت قويۇپ ئېتىپ چۈشۈرمەكچى بولسا، پولكىمىزدىكى ھەرقانداق بىر كىشى ئىككىلەنمەستىن ئۇنىڭغا بېشىنى تۇتۇپ بېرەتتى. بىز ئۇنىڭ بىلەن كۆپىنچە دۇئېل توغرىسىدا سۆزلىشەتتۇق. سىلۋىئو بۇنداق گەپلەرگە ئۈنچە قىزىقمايتتى. بىز: «دۇئېلغا چىققانمۇ سىز؟» دەپ سورىساق، ئۇ خالا - خالىماس ھالدا «ھە، چىققانمەن» دەپ قوياتتى. لېكىن تەپسىلاتىنى زادى ئېيتمايتتى. بۇنداق سوئاللارنىڭ ئۇنىڭغا ياقمايدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىز بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ دەھشەتلىك ماھارىتى بىلەن بىرەر ئادەمنىڭ بېشىغا چىققان بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتۇق. ئۇنىڭدا ۋەھىمە ۋە قورقۇشتىن ئەسەر يوق ئىدى. لېكىن تاسادىپىي يۈز بەرگەن بىر ھادىسە ھەممىمىزنى ھەيران قالدۇردى.

بىر كۈنى بىزنىڭ ئوفىتسېرلاردىن ئون كىشى سىلۋىئونىڭ ئۆيىدە چۈشلۈك تاماق يېدۇق. ۋىنو ئادىتىمىز بويىچە بەكمۇ كۆپ ئىچىلدى. بىر چاغدا بىز ئۆي ئىگىسىدىن قارت ئېچىپ بېرىشنى سورىدۇق. ئۇ دەسلەپ ئۇنىمىدى، كېيىن ئۈستەلگە ئەللىك يۈەن قويۇپ ئولتۇرۇپ قارتا ئېچىشقا باشلىدى. بىز ئۇنى ئورىۋالدۇق. ئويۇن بەكمۇ قىزىپ كەتتى. ئويۇن ۋاقتىدا سۆزلىمەي جىم ئولتۇرۇش سىلۋىئونىڭ دائىملىق ئادىتى ئىدى. ئەگەر ئويۇندا نازارەتچى خاتا ساناپ قويسا ئۇ كېمىنى دەررۇ تۈزەپ، ئارتۇقىنى يېزىپ قوياتتى. بىز بۇنى ئوبدان بىلەتتۇق. شۇڭا ئۇنىڭ ئويۇننى خالىغىنىچە باشقۇرۇشىغا دەخلى قىلمايتتۇق. ئارىمىزدا يېقىندا پولكىمىزغا ئەۋەتىلگەن بىر ئوفىتسېر بار ئىدى. ئۇ ئويۇن ئۈستىدە ھەردەم خىيال بولۇپ، ھېسابنى توغرا قىلالماي قالدى. سىلۋىئو ئادىتى بويىچە بورنى ئېلىپ ھېسابنى توغرىلاپ يېزىپ قويدى. ئوفىتسېر ئۇنى يېڭىلىشتى دەپ ئويلاپ ئۆز ھېسابىنى ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. سىلۋىئو ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلماي قارتىلىرىنى ئىچىۋەردى. ئوفىتسېر تاقەتسىزلىنىپ ئۆچۈرگۈچنى ئالدى - دە، نەزىرىدە ناتوغرا كۆرۈنگەن رەقەملەرنى ئۆچۈرۈپ تاشلىدى. سىلۋىئو بورنى ئېلىپ ئۆچۈرۈلگەن سانلارنى قايتا يېزىپ قويدى. ۋىنو، ئويۇن ۋە بۇرادەرلەرنىڭ كۈلكىسىدىن قىزىشىپ كەتكەن ئوفىتسېر ئۆزىنى قاتتىق ھاقارەتلەنگەن ھېسابلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈستەلدىكى مىس شامداننى ئېلىپ سىلۋىئوغا ئاتتى. سىلۋىئو ئۆزىنى چاققان چەتكە ئېلىپ ئۈلگۈرگىنى ئۈچۈن شامدان ئۇنىڭغا تەگمىدى. بىز ھەممىمىز جىددىيلىشىپ كەتتۇق. سىلۋىئو ئورنىدىن تۇرۇپ غەزەپتىن ئاقارغان ۋە كۆزلىرى چاراقلىغان ھالدا ئوفىتسېرغا قاراپ دېدى:

— مەرھەمەت جاناب، ئۆيدىن چىقىڭ. خۇداغا شۈكرى قىلىڭكى، بۇ ئىش مېنىڭ ئۆيۈمدە بولدى.

بىز بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ يامان بولىدىغانلىقىنى بىلگىنىمىز ئۈچۈن، بۇرادىرىمىزنى سۆزسىز ئۆلدى دەپ ھېسابلىدۇق. ئوفىتسېر ئۆي ئىگىسىنىڭ خورلىغىنى ئۈچۈن ھەرقانداق ۋاقىتتا جاۋاب بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى - دە، چالۋاقاپ چىقىپ كەتتى. ئويۇن يەنە بىرنەچچە مىنۇت داۋام قىلدى. بىز ئۆي ئىگىسىنىڭ نائىلاج ئويناۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئورنىمىزدىن تۇرۇشتۇق. سىرتقا چىقىپ ئوفىتسېرنىڭ ئىش ئورنىنىڭ تېز ئاردا بوش قالىدىغانلىقى توغرىسىدا بىردەم غۇلغۇلا قىلىشىپ، ئۆيلىرىمىزگە تارقىلىشتۇق.

ئەتىسى ئەتىگەنلىك مەشىقتە بىز بىچارە ئوفىتسېر تىرىكمىدۇ دەپ ئېچىنىشىپ تۇرغىنىمىزدا دەل ئۇنىڭ ئۆزى كېلىپ قالدى. بىز بۇ سوئالىمىزنى ئۇنىڭ ئۆزىگە بەردۇق. ئۇ سىلۋىئو ھەققىدە «ھازىرچە ھېچقانداق خەۋەر ئالمىدىم» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ھال بىزنى

ھەيران قالدۇردى. بىز سىلىۋىئونىڭ ئۆيىگە باردۇق. ئۇنى ھويلىدا، دەرۋازىغا يېپىشتۇرۇلغان قارتىنىڭ تۈزىغا ئوق ئۈزۈۋاتقان ھالدا كۆردۇق. ئۇ بىزنى ئادەتتىكىچە قارشى ئالدى. ئاخشامقى ھادىسە توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلمىدى. ئۈچ كۈن ئۆتتى، ئوفىتسېر تېخىچىلا تىرىك ئىدى. بىز بىر - بىرىمىزدىن «ئەجەبا، سىلىۋىئو دوئىلغا چىــــقمامدىكەن؟» دەپ سورىشاتتۇق. ھەقىقەتەنمۇ سىلىۋىئو دوئىلغا چىقمىدى. ئاددىيلا بىر ئىزاھقا قانائەتلىنىپ ئوفىتسېر بىلەن يارىشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ياشلاردا سىلىۋىئوغا نىسبەتەن يامان پىكىر پەيدا بولدى. ئادەتتە ئادىمىيلىكنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەزىلىتى باتۇرلۇقتا دەپ بىلىپ كەلگەن بۇ ياشلار بۇنداق چاغدا جاسارەتسىزلىك قىلىشنى زادىلا كەچۈرمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ ھەممە نەرسە ئاستا - ئاستا ئۇنتۇلۇپ، سىلىۋىئونىڭ بۇرۇنقى ئابرۇيى يەنە ئەسلىگە كەلدى.

تەبىئەتەن رومانتىك تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولغانلىقىمدىن ھاياتى سىرلىق تۇيۇلىدىغان ۋە قانداقتۇر بىر سېھىرلىك ھېكايىنىڭ قەھرىمانى بولۇپ كۆرۈنىدىغان بۇ ئادەمگە مېنىڭ ئىخلاسىم بەكمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئەمما ئاشۇ كېچىسى يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىز ۋەقەدىن كېيىن ئۇنىڭ قەلبىمدىكى ھۆرمىتى خىرەلەشتى. مەن ئۇنىڭ يۈزىگە قاراشتىن ئۇيات ۋە خورلۇق ھېس قىلاتتىم. سىلىۋىئو بەكمۇ ئەقىللىق ۋە سەزگۈر ئادەم بولغانلىقىدىن مېنىڭ كەيپىياتىمنىڭ قانداقلىقىنى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئوبدان بىلەتتى. بۇ ھال ئۇنى رەنجىتەتتى. مەن ئۇنىڭ مەن بىلەن شۇ ھەقتە سۆزلەشمەكچى بولغانلىقىنى بىر - ئىككى قېتىم سېزىپ قالدىم. ئەمما مەن بۇنى بىلمەسكە سېلىپ يۈرۈۋەردىم.

سەيشەنبە ۋە جۈمە كۈنلىرى بىزنىڭ پولك ئىشخانىسى ئوفىتسېرلار بىلەن تولۇپ كېتەتتى. بەزىلەر پۇل، بەزىلەر خەت، بەزىلەر گېزىت - ژۇرنال كۈتەتتى. ئادەتتە خەتلەر شۇ يەردىلا ئېچىلىپ، يېڭىلىقلار نەق مەيداندا ئېيتىلاتتى. بۇنداق چاغدا پولك شتابى ئادەمگە تولۇپ، ئادەتتىن تاشقىرى قىزىپ كېتەتتى. سىلىۋىئونىڭ خەت - چەكلىرىمۇ ئادەتتە بىزنىڭ پولك ئارقىلىق كېلەتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پولك ئىشخانىسى ئۇنىڭغا بىــــر پارچە خەت بەردى. ئۇ بەكمۇ تاقەتسىزلىك بىلەن خەتنى ئاچتى. ئۇ خەتنى كۆرۈپ ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى. ئۆز خەتلىرى بىلەن بولۇپ كەتكەچكە ئەتراپتىكى ئوفىتسېرلار ھېچنېمىنى سەزمىدى.

- جانابلار،- دېدى سىلىۋىئو،- مېنىڭ دەرھال كېتىشىم كېرەك بولۇپ قالدى. بۈگۈن كېچىسى يولغا چىقىمەن. مەن سىلەرنى مېنىڭ ئۆيۈمدە ئاخىرقى قېتىم مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلىمەن. مەن سىزنىمۇ كۈتىمەن،- دەپ داۋام قىلدى ئۇ ماڭا قاراپ،- جەزمەن كېلىڭ!

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. بىز ھەممىمىز سىلىۋىئونىڭكىگە توپلانماقچى بولۇپ خوشلىشىپ تارقىلىشتۇق.

مەن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا سىلىۋىئونىڭكىگە كەلسەم پۈتۈن پولك ئوفىتسېرلىرى دېيەرلىك شۇ يەردە ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆيىدىكى ھەممە نەرسە يىغىلەرگىدۇ قاچىلانغان بولۇپ، ئۆتمە - تۆشۈك بولۇپ كەتكەن تاملار يالىڭاچ ئىدى. بىز ئۈستەل ئەتراپىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتۇق. ئۆي ئىگىسىنىڭ كەيپى جايىدا ئىدى. كۆپ ئۆتمەستىن ئۇنىڭ خۇرسەندچىلىكى ھەممىمىزگە تەسىر قىلدى. بوتۇلكىلار ھەر ۋاقىت ۋاقىلداپ ئېچىلىــــپ، ئىستاكانلار كۆپۈكلىنىپ، تىنماي ۋىشىلدايتتى. بىز بولساق سەپەرچىگە كۈچىنىپ ئاق يول ۋە بەخت - سائادەت تىلەيتتۇق. يېرىم كېچە بولغاندا ئۈستەل ئەتراپىدىن تۇردۇق. سىلىۋىئو ھەممە بىلەن قىزغىن خەيرلەشتى. چىقىپ كېتىۋاتقان چېغىمدا ئۇ قولۇمدىن تۇتۇپ توختاتتى ۋە «سىز بىلەن سۆزلەشمەكچىــــمەن» دېدى ئاستا. مەن قالدىم.

ئىككىمىز ئۇندىمەستىن تۇرۇپكىلىرىمىزنى شوراپ ئولتۇرۇشتۇق. سىلىۋىئو نېمە ئۈچۈندۇر پەرىشان بولۇپ ئۇنىڭ خۇشچاقچاقلىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۆزى مەيۈس، رەڭگى ئاپئاق ئاقارغان بولۇپ كۆزلىرى چاراقلاپ يېنىپ تۇراتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان قويۇق تۈتۈن بىلەن قوشۇلۇپ ئۇنى شەيتانغا ئوخشىتىپ قويغانىدى. بىرنەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن سىلىۋىئو جىملىقنى بۇزۇپ: «بەلكى بىز بۇنىڭدىن كېيىن زادىلا كۆرۈشەلمەسمىز،- دېدى،- جۇدالىق ئالدىدا مەن سىز بىلەن سۆزلەشمەكچىمەن. باشقىلارنىڭ

گەپلىرىگە ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدىغانلىقىمنى سىز بىلىسىز. لېكىن مەن سىزنى قەدىرلەيمەن. شۇڭا كۆڭلىڭىزدە بىرەر خاتا پىكىرنىڭ قېلىشى مەن ئۈچۈن بىر ئازاب». ئۇ توختىدى ۋە تارتىپ بولغان تۇرۇپكىسىغا تاماكا تولدۇرۇشقا باشلىدى. مەن يەرگە قارىغىنىمچە جىم ئولتۇرۇۋەردىم.

— ئاشۇ تەلۋە مەست R دىن قىساس ئالمىغانلىقىم سىزگە غەلىتە تۇيۇلغاندۇ، — دېدى ئۇ، — سىز شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، قورال تالاش ھوقۇقى مەندە بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھاياتى دائىم مېنىڭ قولۇمدا بولۇپ، مېنىڭ ھاياتىم بولسا پۈتۈنلەي خەۋپسىز ئىدى. مەن ئۆزۈمنى بۇنداق تۇتۇۋېلىشىم پۈتۈنلەي ئالىيجانابلىقتىن دەپ چۈشەندۈرسەممۇ بولاتتى. لېكىن مەن يالغان سۆزلەشنى خالىمايمەن. ئەگەر مەن ئۆز ھاياتىمنى ھېچقانداق تەھدىتتە قالدۇرماي R نى جازالىيالىسام ئىدى، ئۇ چاغدا ئۇنى زادىلا كەچۈرمىگەن بولاتتىم.

مەن ھەيران بولۇپ سىلۋىئوغا قارىدىم. ئۇنىڭ بۇ گېپى مېنى خىجىللىقتا قالدۇردى. سىلۋىئو سۆزىنى داۋام قىلدى:

— دەل شۇنداق، مېنىڭ ئۆزۈمنى روھەن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىشقا ھەققىم يوق. ئالتە يىل بۇرۇن مەن بىرسىدىن شاپىلاق يېگەنمەن. ئۇ دۈشمىنىم تېخى تىرىك.

مەن بۇ ئىشقا بەكمۇ قىزىقىپ قالدىم.

— سىز ئۇنىڭ بىلەن دۇئىلغا چىقمىدىڭىزمۇ، ياكى باشقىلار ئارىغا كىرىپ سىلەرنى كېلىشتۈرۈپ قويدىمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— مەن ئۇنىڭ بىلەن دۇئىلغا چىقتىم، — دەپ جاۋاب بەردى سىلۋىئو، — مانا بۇ ئاشۇنىڭدىن قالغان خاتىرە.

ئۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە زەر پوپوكلۇك قىزىل شەپكىسىنى ئېلىپ بېشىغا كىيدى. ئوق پېشانىدىن ئىككى ئىلىك يۇقىرىنى تېشىپ ئۆتكەنىدى.

— مېنىڭ ئارمىيىدە ئالاھىدە قىسىمدا خىزمەت قىلغانلىقىمنى بىلىسىز، — دەپ داۋام قىلدى سىلۋىئو، — مېنىڭ مىجەزىم سىزگە مەلۇم. مەن ھەرقانداق ۋاقىتتا باشقىلاردىن يۇقىرى تۇرۇشقا ئادەتلەنگەنمەن. بۇ ياشلىقىمدىن قالغان بىر كونا كېسەل. بىزنىڭ زامانىمىزدا جېدەلخورلۇق بىر مودا ئىدى. بىز ئىچكىۋازلىقىمىز بىلەن ماختىناتتۇق. مەن شائىر دېنىس داۋىدوف مەدھىيىلىگەن مەشھۇر ئىچەرمەن بورسوفنىمۇ «داد» دېگۈزۈۋېتەتتىم. بىزنىڭ پولكتا ھەرۋاقىت دېگۈدەك دۇئىل بولۇپ تۇراتتى. مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ياكى گۇۋاھچى، ياكى ئىشتىراكچى بولۇپ قاتنىشاتتىم. دوستلىرىم مېنى ھۆرمەت قىلىشاتتى. لېكىن پولكنىڭ تېز - تېز يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان باشلىقلىرى بولسا مېنى بىر بالا - قازا دەپ بىلەتتى.

مەن خاتىرجەم ھالدا شۆھرىتىمدىن زوقلىنىپ يۈرەتتىم. شۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ پولكقا دۆلەتمەن ۋە ئېسىلزادە ئائىلىگە مەنسۇپ بولغان بىر يىگىت كەلدى. ئۆمرۈمدە بۇنداق بەختلىك ئادەمنى كۆرمىگەنىكەنمەن! ياش، ئەقىللىق، كېلىشكەن، خۇشچاقچاق، جاسارەت كۆرسىتىشتە بىپەرۋا، ھېسابىنى ئۆزى بىلمەيدىغان ۋە ھېچقاچان تۈگىمەيدىغان دەبى - دۇنيا ئىگىسى بولغان بىر پۇلدار ئادەمنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ. شۇنداقلا ئۇنىڭ بىزدە قانداق تەسىر قالدۇرۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ. ئۇ پەيدا بولۇپ مېنىڭ ئادەتلەنگەن ئۈستۈنلۈكۈم تەھدىتكە ئۇچرىدى. ئۇ مېنىڭ داۋرىڭىمنى ئاڭلاپ مەن بىلەن دوست بولۇش يولىنى ئىزدىدى. بىراق مەن ئۇنى سوغۇق قارشى ئالدىم. ئۇ بولسا ھېچقانداق بىر ئىپادە بىلدۈرمەي مېنىڭ يېنىمدىن كەتتى. مەن ئۇنى بەكمۇ يامان كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ پولكتىكى ۋە ئاياللار ئىچىدىكى ئىززەت - ھۆرمىتى مېنى قاتتىق غەزەپلەندۈرەتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن جېدەللىشىش ئۈچۈن باھانە ئىزدەشكە كىرىشتىم. مېنىڭ يېزىپ ئەۋەتكەن ھەجۋىي شېئىرلىرىمغا ئۇمۇ شېئىر بىلەن جاۋاب بېرەتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى كۈتمىگەندە ھەممە چاغدا مېنىڭدىن ئۆتكۈر ۋە كۈچلۈك بولۇپ چىقاتتى. ئۇ ماڭا ئاچچىق چاقچاق قىلاتتى، مەن بولسام غەزەپلىنەتتىم. نىھايەت بىر كۈنى پولك پومېشچىكىنىڭ ئۆيىدە بولغان بەزمىدە مەن ئۇنىڭ پۈتۈن ئاياللارنىڭ دىققىتىنى، بولۇپمۇ مەن بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن بىر بەگزادە خانىمنىڭ نەزەر - ئېتىبارىنى ئۆزىگە تارتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مەن زادىلا چىدىمىدىم. ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قۇلىقىغا بىر زەھەرخەندە گەپ قىلدىم. ئۇ تولغىنىپ كەتتى ۋە غەزەپ بىلەن يۈزۈمگە بىر شاپىلاق سالدى. بىز قىلىچلىرىمىزنى يالىڭاچلاپ بىر - بىرىمىزگە تاشلاندۇق. خانىملار ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىشتى. بىزنى جامائەت ئايرىۋېلىشتى. بىز ئاشۇ كېچىنىڭ ئۆزىدىلا دۇئىلغا چىقىشنى كېلىشتۇق.

سەھەر پەيتى ئىدى. مەن ئۈچ گۇۋاھچىم

بىلەن بىللە بەلگىلەنگەن ئورۇندا دۈشمىنىمنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتىم. باھار قۇياشى كۆتۈرۈلۈپ ئىسسىق قىزىتىشتا باشلىدى. مەن ئۇنى يىراقتىن كۆردۈم. ئۇ ھەربىي فورما كىيگەن ۋە قىلىچ تاقىغان بولۇپ، بىر گۇۋاھچىسى بىلەن بىللە كېلىۋاتاتتى. بىز ئۇ كېلىۋاتقان تەرەپكە ماڭدۇق. ئۇ شەپكىسىگە تولدۇرۇلغان گىلاسنى بىر قولى بىلەن تاللاۋاتقان ھالدا بىزگە يېقىنلاشتى. گۇۋاھچىلار بىزگە ئېتىشىش ئارىلىقىنى ئۆلچەپ بېرىشتى. مەن بىرىنچى بولۇپ ئوق ئۈزۈش ھوقۇقىغا ئېرىشتىم. لېكىن مەن بەكمۇ ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىمدىن توغرا نىشانغا ئالالماسلىقىمدىن ئەنسىرەپ بىرىنچى بولۇپ ئېتىش ھوقۇقىنى ئۇنىڭغا بەردىم. دۈشمىنىم رازى بولمىدى. ئاخىرى چەك تارتىشقا توغرا كەلدى. بىرىنچى بولۇپ ئوق ئۈزۈش نۆۋىتى ئۇنىڭغا، يەنى ئەبەدىي بەختىيار بولىدىغان ئامەتلىك كىشىگە چىقتى. ئۇ نىشانغا ئېلىپ ئېتىۋېدى، ئوق شەپكەمنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى. نۆۋەت ماڭا كەلدى. ئەمدى ئۇنىڭ ھاياتى مېنىڭ قولۇمدا ئىدى. مەن بىرەر قورقۇش ۋە بىئارام بولۇش ئالامىتىنى ئىزدەپ ئۇنىڭ چىرايىغا دىققەت بىلەن تىكىلدىم. ئۇ بەتلەنگەن تاپانچا ئالدىدا توغرا تۇرۇپ، شەپكىسىدىكى پىشقان گىلاسلارنى خاتىرجەم تاللاپ ئاغزىغا سالاتتى - دە، شۇمەلگەن ئورۇقلارنى مەن تەرەپكە قارىتىپ كۈچەپ تۈكۈرەتتى. ئۇنىڭ مۇنداق بىپەرۋالىقى مېنىڭ تېخىمۇ غەزىپىمنى كەلتۈرۈۋەتتى. ئۆز ھاياتىنى قەدىرلەشنى بىلمەيدىغان مۇنداق يارامسىز ئادەمنى ئۆلتۈرۈشنىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن؟ ئويۇمغا بىر ياۋۇز پىكىر كەلدى. تاپانچىمنى نىشاندىن پەسكە چۈشۈردۈم - «قارىغاندا سىز ھازىر ئۆلۈش نىيىتىدە ئەمەسكەنسىز،- دېدىم ئۇنىڭغا،- مەرھەمەت قىلىپ ناشتىڭىزنى قىلىۋېرىڭ. مەن سىزگە ئەمدى دەخلى قىلمايمەن».

- سىز ھازىر نېمە قىلىسىڭىزمۇ ماڭا دەخلى قىلغان بولمايسىز،- دېدى ئۇ پەرۋاسىز ھالدا،- مەرھەمەت قىلىپ ئېتىۋېرىڭ. ئۆزىڭىز ئوبدان بىلىسىز، ئېتىش نۆۋىتى ئەمدى سىزنىڭكى. مەن خىزمىتىڭىزگە ھەرقاچان تەييارمەن.

مەن گۇۋاھچىلارغا بۈگۈن ئاتمايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. شۇنىڭ بىلەن دۇئېل تۈگىدى.

مەن خىزمەتتىن ئايرىلىپ بۇ يەرگە كەلدىم. شۇنىڭدىن بېرى ئۆچ ۋە قىساس توغرىسىدا ئويلىمىغان بىر كۈنۈممۇ بولمىدى. ئەمدى مانا مەن كۈتكەن ئاشۇ پەيت كەلدى.

سىلۋىئو ئەتىگەن كەلگەن خەتنى يانچۇقىدىن ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى. كىمدۇ بىرى ئۇنىڭغا موسكۋادىن خەت يېزىپ، بىر مەشھۇر زاتنىڭ تېز ئارىدا ياش ۋە گۈزەل بىر قىزغا ئۆيلەنمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

- سىز بۇ مەشھۇر زاتنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بايقىغانسىز،- دېدى سىلۋىئو،- مەن دەرھال موسكۋاغا بارىمەن. قېنى كۆرەيچۇ، بۇ جاناب تويى ئالدىدىمۇ ھېلىقى ۋاقىتتىكىدەك ئۆلۈمنى گىلاس يەپ تۇرۇپ پەرۋاسىز كۈتۈۋالالامدىكىن؟

سىلۋىئو شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى. شەپكىسىنى ئۈستەلگە ئاچچىق بىلەن ئۇرۇپ، خۇددى قەپەستىن بوشىغان يولۋاستەك ئۆي ئىچىدە قەھرلىك مېڭىشقا باشلىدى. مەن قىمىر قىلماي ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدىم. بىر - بىرىگە زىت بولغان غەلىتە ھېس - تۇيغۇلار مېنى بىئارام قىلاتتى. خىزمەتكار كىرىپ ھارۋىنىڭ تەييار بولغانلىقىنى ئېيتتى. سىلۋىئو قولۇمنى قاتتىق قىستى. بىز سۆيۈشۈپ خوشلاشتۇق. ئۇ ئىككى چامادان قويۇلغان ئەپچىل ھارۋىغا ئولتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى. چامادانلارنىڭ بىرىگە ئۇنىڭ تاپانچىلىرى، يەنە بىرىگە بولسا ئۇنىڭ تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى قاچىلانغانىدى.

## 2

بىرنەچچە يىل ئۆتتى. ئائىلىۋى شارائىتىم مېنى مەلۇم بىر ناھىيىنىڭ ئانچە ئاۋات بولمىغان بىر كەنتىگە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. مەن دائىم ئىلگىرىكى قىزغىن، لېكىن پەرۋاسىزلىق ئىچىدە ئۆتكەن ئاشۇ كۈنلىرىمنى ئەسلەپ، ئاستا ئۇھ تارتىپ قوياتتىم. مەن ئۇچۇن ئەڭ قىيىن بولغىنى كۈز ۋە قىش كېچىلىرىنى يالغۇزلۇق ئىچىدە ئۆتكۈزۈش ئىدى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىغىچە كەنت ئاقساقىلى بىلەن گەپلىشىپ، ئىش بىلەن ئۇياق - بۇياققا بېرىپ ياكى ئىگىلىكىمنى ئايلىنىپ ئانچە قىينالماي ئۆتەتتىم. ئەمما قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدىمۇ بولدى، تاقىتىم تاق بولۇپ ئۆزۈمنى نەگە قويۇشنى بىلمەي قالاتتىم. ئىشكاپلارنىڭ ئاستى بىلەن ئامبارنىڭ بۇلۇڭلىرىدىن تېپىلغان بىرنەچچە پارچە كىتاب ئوقۇۋەرگەنلىكىمدىن يادا بولۇپ كەتتى. ئامبارچى ئايال كېرىلوۋنا بىلىدىغان ھەممە چۆچەكلەرنى بىرنەچچە قېتىمدىن ئاڭلاپ بولدۇم. ئاياللارنىڭ ناخشىلىرى ئەمدى ماڭا

زىرىكەرلىك تۇيۇلىدىغان بولدى. ئانچە شېرىن بولمىغان شارابنى ئىچىشكە باشلىغۇدىم، بېشىمنى ئاغرىتتى. توغرىسىنى ئېيتسام غەم - قايغۇدىن ئىچەرمەن بولۇپ كېتىشتىن، يەنى ئۆزىمىزدە كۆپ تېپىلىدىغان كەسپىي مەسىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قېلىشتىن قورقتۇم. سۆھبىتى كۆپىنچە ئەسنەش ۋە ئۇھ تارتىشتىن ئىبارەت بولغان بىرنەچچە ئىچەرمەندىن باشقا تۇزۇكرەك قوشنامۇ يوق ئىدى. ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇشقا قارىغاندا مېنىڭ يالغۇزلۇقىم ياخشى ئىدى.

مېنىڭدىن تۆت چاقىرىم نېرىدا، گراف خانىمى B غا قاراشلىق زور بىر زېمىن بار ئىدى. لېكىن ئۇنىڭدا پەقەت ئۇلارنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىسىلا ياشايتتى. گراف خانىم بولسا ئۆزىنىڭ بۇ جايىغا پەقەت بىر قېتىم، يەنى ئەرگە تەگكەن يىلى كېلىپ بىر ئايغا يېقىن تۇرغانىدى. مېنىڭ تەنھالىقتا ئۆتكەن ھاياتىمنىڭ ئىككىنچى يىلى «گراف خانىم يازنى ئېرى بىلەن يېزىسىدا ئۆتكۈزىدىكەن» دېگەن خەۋەر تارقالدى. دېگەندەك يەتتىنچى ئاينىڭ بېشىدا ئۇلار كېلىشتى.

ئوچۇقىنى ئېيتىشىم كېرەككى، ياش ۋە چىرايلىق خانىمنىڭ يېزىمىزغا كېلىشى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. سەبرىم تۈگەپ كۆرۈشۈشكە ئالدىرىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ كەلگەن يەكشەنبە كۈنى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، زاتى ئالىيلىرىغا يېقىن قوشنا ۋە ئىتائەتمەن قۇل ئىكەنلىكىمنى كۆرسىتىپ قويۇش مەقسىتىدە ئۇلار تۇرۇشلۇق جايغا قاراپ يولغا چىقتىم.

خىزمەتكار مېنى گرافنىڭ خانىسىغا باشلاپ كىردى. ئۆزى بولسا مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. ئازادە خانا تۈرلۈك - تۈمەن بېزەكلەر بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. تاملارنىڭ يېنىدا كىتاب بىلەن تولغان ئىشكاپلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھەر خىل بىرونزا ھەيكەللەر قويۇلغانىدى. مەرمەر پېچ ئۈستىگە چوڭ تاش ئەينەك قويۇلۇپ، پولغا يېشىل موۋۇت ۋە گۈللۈك گىلەملەر سېلىنغانىدى. مەن گرافنىڭ چىقىشىنى يىراق ۋىلايەتتىن كېلىپ مىنىستىرنىڭ قوبۇلىنى تاقەتسىز كۈتۈپ تۇرغان دەردمەن ئادەمدەك قانداقتۇر بىر خىل ھاياجان ۋە ئەندىكىش ئىچىدە كۈتتۇم. بىر چاغدا ئىشىكلەر ئېچىلىپ، ئوتتۇز ئىككى ياشلار چامىسىدىكى كېلىشكەن بىر كىشى كىرىپ كەلدى. گراف ئوچۇق چېھرى ۋە خۇش مۇئامىلە بىلەن ماڭا يېقىنلاشتى. مەن دەرھال تېتىكلىشىپ، ئۆزۈمنى تونۇشتۇرماقچى بولۇپ تۇراتتىم، لېكىن گراف ئالدىن گەپ باشلىدى. بىز ئولتۇرۇشتۇق. ئۇنىڭ ئەركىن ۋە ئازادە گەپ قىلىشى مېنىڭ قورۇنۇشۇمنى بىردەمدىلا تۈگەتتى. مەن ئەسلى ھالىمغا قايتىپ، گرافقا قايتا سەپسېلىپ قاراۋاتقان چېغىمدا خانىغا بىردىن گراف خانىم كىرىپ قالدى. ئۇ ھەقىقەتەن بەكمۇ گۈزەل ئىدى. گراف مېنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى. مەن ئۆزۈمنى خاتىرجەم تۇرۇشقا ھەرقانچە ئۇرۇنساممۇ، ئوخشاشلا بىر خىل قولايسىزلىق ھېس قىلاتتىم. ئۇلار مېنى ياخشى قوشنا ھېسابلاپ، تەكەللۇپسىز مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشىم ئۈچۈن ئۆز ئارا سۆزلەشتى. بۇ ئوتتۇرىدا مەن ئۇياقتىن - بۇياققا يۈرۈپ، كىتاب ۋە سۈرەتلەرنى كۆردۈم. مەن سۈرەتلەرنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيمەن. ئەمما ئۇلاردىن بىرى مېنىڭ دىققىتىمنى بەكمۇ جەلپ قىلدى. بۇ سۈرەتتە شۋېتسارىيىنىڭ بىر مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەنىدى. لېكىن مېنىڭ دىققىتىمنى تارتقىنى ئۇنىڭدىكى سەنئەت ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىككى ئوق بىلەن بىر جايدىن تېشىلگەنلىكى ئىدى.

- نىمىدېگەن ياخشى ئاتقان - ھە، - دېدىم مەن گرافقا قاراپ.

- شۇنداق، - دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، - ھەقىقەتەن ياخشى ئېتىلغان. خوش، سىز مۇشۇنداق ئاتالامسىز؟

- يامان ئەمەس ئاتىمەن، - دېدىم مەن، گەپنىڭ مېنىڭ ئۈستۈمگە كۆچكىنىدىن خۇشال بولۇپ، - ئوتتۇز قەدەم ئارىلىقتا ھەرقانداق قارتنى ئېتىپ چۈشۈرەلەيمەن.

- راستىنلىما، - دېدى گراف خانىم سۆيۈنۈپ، - سەنچۇ ئەزىزىم، ئوتتۇز قەدەم نېرىدىن قارتقا تەگكۈزەلەمسەن؟

- كېرەك بولسا سىناپ كۆرىمىز، - دېدى گراف، - بىر چاغلاردا ياخشى ئاتاتتىم. مانا تۆت يىل بولدى، قولۇمغا تاپانچا ئالغىنىم يوق.

- ئۇنداق بولسا مەن سىز بىلەن قول باغلىشىمەنكى، زاتى ئالىيلىرى، - دېدىم مەن، - سىز ھازىر يىگىرمە قەدەم ئارىلىقتىمۇ قارتقا تەگكۈزەلمەيسىز. چۈنكى تاپانچىنى كۈندە ئېتىپ تۇرۇش كېرەك. مەن پولكىمىزدىكى ئەڭ ياخشى مەرگەنلەرنىڭ بىرى ھېسابلىناتتىم. بىر كۈنى تاپانچامنى رېمونتقا بېرىپ، بىر ئايغىچە قولۇمغا قورال ئالمىدىم. كېيىن يىگىرمە بەش مېتىر ئارىلىقتا نىشانغا قويۇلغان بىر بوتۇلكىغا تۆت قېتىم ئوق ئۈزۈپمۇ تەگكۈزەلمىدىم. ياق، زاتى

ئالىيلىرى، مەشىققە زادى ئېتىبارسىز قاراشقا بولمايدۇ. مەن كۆرگەن بىر ئەڭ ياخشى مەرگەن ھەر كۈنى مەشىق قىلاتتى. ھېچ بولمىغاندا چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئۈچ قېتىم ئاتاتتى. بۇ ئۇنىڭغا ھەر كۈنى ئىچىدىغان بىر قەدەھ مەيدەك ئادەت بولۇپ كەتكەنىدى.

گراف بىلەن گراف خانىم مېنىڭ ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ قىزىپ سۆزلەپ كەتكەنلىكىمدىن خۇرسەن ئىدى.

- ئۇ قانداق ئاتاتتى، - دەپ سورىدى گراف قىزىقىپ.

- قالتىس ئاتاتتى، زاتى ئالىيلىرى، - دېدىم قىزىشىپ، - مۇبادا ئۇ ئۆينىڭ تېمىغا چىۋىن قونۇپ قالسا، سىز كۈلۈۋاتامسىز گراف خانىم، يالغان ئېيتقان بولسام خۇدا ئۇرسۇن، ئۇ خىزمەتكارىغا تاپانچىنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇيتتى. كېيىن ئوقلانغان تاپانچىنى قولىغا ئېلىپ چىۋىننى ئېتىپ تامغا كىرگۈزۈۋېتەتتى.

- تەئەججۇپ! - دېدى گراف، - خوش، ئۇنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى؟

- سىلىۋىئو ئىدى زاتى ئالىيلىرى.

- سىلىۋىئو؟ - گراف ئولتۇرغان ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى، - سىز سىلىۋىئونى تونۇمسىز؟

- نېمىشقا تونۇماي زاتى ئالىيلىرى، - دەپ جاۋاب بەردىم مەن، - ئۇ مېنىڭ يېقىن دوستۇم ئىدى. سىلىۋىئو بىزنىڭ پولكقا خۇددى كونا دوست - بۇرادىرىمىزدەك قىزغىن قوبۇل قىلىنغانىدى. مانا بەش يىل بولدى، ئۇنىڭ ھېچ خەۋىرى بولمىدى. زاتى ئالىيلىرىمۇ ئۇنى تونۇيدىكەنسىز - دە.

- تونۇيتتىم، - دېدى گراف، - ياخشى تونۇيتتىم. ئۇ سىزگە دېگەنمىدى؟ ياق، دېمىگەندۇ بەلكىم. ئۇ سىزگە بەكمۇ ئاجايىپ بىر ۋەقەنى ئېيتىپ بەرگەنمىدى؟

- بىر بەزمىدە قانداقتۇر بىر ساياق ئۇرغان شاپىلاقنى دېمەكچىمۇسىز زاتى ئالىيلىرى؟

- ئۇ سىزگە ئاشۇ ساياقنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەرگەنمىدى؟

- ياق، زاتى ئالىيلىرى، دېمىگەنىدى. ئاھ، زاتى ئالىيلىرى، - دەپ داۋام قىلدىم مەن، ئىشنىڭ تەكتىنى سېزىپ قېلىپ، - ئەپۇ قىلىڭ، مەن بىلمەپتىمەن. ئاشۇ زات سىز بولۇپ يۈرمەڭ يەنە؟

- مەن دەل ئاشۇ ساياق، - دېدى گراف كەيپى ئۇچقان ھالدا، - بۇ تېشىلگەن سۈرەت بولسا بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇچرىشىشىمىزنىڭ يالدامىسى.

- ئاھ، ئەزىزىم، - دېدى گراف خانىم، - ئەگەرى ھەققى ئۆتۈنەي، بۇ ھەقتە گەپ قىلماڭ. ئاڭلىسام يۈرىكىمنى ۋەھىمە باسىدۇ.

- ياق، - دەپ ئېتىراز بىلدۈردى گراف، - مەن ھەممىنى ئېيتىپ بېرىمەن. بۇ مېھمان مېنىڭ ئۇنىڭ دوستىنى قانداق رەنجىتكەنلىكىمنى ئوبدان بىلىدىكەن. ئەمدى ئۇنىڭ ئاخىرىدا مەندىن قانداق ئۆچ ئالغانلىقىنىمۇ بىلىپ قالسۇن. گراف كرېسلوسىنى مەن تەرەپكە سۈردى. مەن ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ تۆۋەندىكى ھېكايىسىنى ھەۋەس بىلەن ئاڭلىدىم:

- بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن ئۆيلەندىم. بىرىنچى شېرىن ئاينى مەن مۇشۇ يەردە، مۇشۇ يېزىدا ئۆتكۈزدۈم. ھاياتىمنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك چاغلىرىمۇ ۋە ئەڭ ئېغىر دەملىرىمۇ مۇشۇ يەردە ئۆتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىز ئىككىمىز ئاتلىق سەيلىگە چىقتۇق. قايتىشىمىزدا خوتۇنۇم مىنگەن ئات نېمە ئۈچۈندۇ ئورنىدا ئايلىنىپ ماڭماي قويدى. ئۇ قورقۇپ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى ماڭا بېرىپ، ئۆيگە ئۆزى پىيادە كەتتى. مەن ئالدىنراق يېتىپ كەلدىم. ھويلىدا بىر سەپەر هارۋىسىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. خىزمەتكارلار ماڭا بىر ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئېيتماي، ئىشى بارلىقىنى بىلدۈرۈپ، مېنى ساقلاپ ئولتۇرغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۆيگە كىرىپ، ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن غەلىتە بىر ئادەمنى كۆردۈم. ئۇ ئاشۇ يەردە تاش مەش ئالدىدا ئولتۇراتتى. مەن ئۇنى تونۇشقا ئۇرۇنۇپ، ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم.

- سەن مېنى تونۇيالمىدىڭمۇ گراف، - دېدى ئۇ تىترەك ئاۋاز بىلەن.

- ھوي، سىلىۋىئو، - دەپ ۋارقىرىدىم مەن.

راستىنى ئېيتسام غەزەپتىن مېنىڭ چاچلىرىم بىردىن تىك بولۇشقا باشلىدى.

- توغرا شۇنداق، - دەپ داۋام قىلدى ئۇ، - بىلىسەن، ئېتىش نۆۋىتى مەندە قالغانىدى. مانا ئەمدى تاپانچامنى بوشاتقىلى كەلدىم. قانداق تەييارمۇسەن؟

ئۇنىڭ ئوڭ يانچۇقىدا تاپانچىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن ئارىلىقنى ئۆلچەپ خوتۇنۇم كېلىشتىن بۇرۇن تېزرەك ئېتىشنى ئىلتىماس قىلدىم. ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا بېرىپ تۇردۇم. ئۇ چىراغ سورىدى. خىزمەتكارلار شام ئەكىرىپ بېرىشتى. مەن ئىشىكلەرنى ئېتىپ ئۆيگە

ھېچكىمنى كىرگۈزمەسلىكنى بۇيرۇدۇم. ئۇنىڭ تېزرەك ئېيتىشىنى يەنە بىر قېتىم ئىلتىماس قىلدىم. ئۇ تاپانچىسىنى ئېلىپ نىشانغا توغرىلاشقا باشلىدى. . . مەن سېكۇنتلارنى سانايتتىم، سۆيۈملۈك رەپىقەمنى ئەسلەيتتىم. نىھايەت دەھشەتلىك سۈكۈت ئۆتۈپ كەتتى. سىلىۋىئو بىردىن قولىنى چۈشەردى.

- تاپانچامغا ئوق ئورنىغا گىلاس ئۇرۇقى سالمىغىنىمغا ئەپسۇسلىنىمەن، - دېدى ئۇ، - ئوق سۇرلۇك نەرسە. ماڭا بۇ ھامان دۇئېل ئەمەس، بەلكى ئاپئاشكارا بىر قاتىللىق بولۇپ تۇيۇلۇۋاتىدۇ. مەن قورالسىز ئادەمنى قارىغا ئېلىشنى ئۆگەنمىگەنمەن. ھەممىنى يېڭىدىن باشلايلى، چەك تاشلايمىز، كىمگە چىقسا شۇ بىرىنچى بولۇپ ئاتىدۇ.

بېشىم ئايلىنىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ مەن رازى بولمىدىم. لېكىن ئاخىرىدا يەنىلا چەك تاشلىدۇق. چەكنى ئۇ بىر چاغدا مېنىڭ ئوقۇم تېشىۋەتكەن شەپكىسىگە سالدى. ماڭا يەنىلا بىرىنچى نومۇر چىقتى. ئۇ مەن زادى ئۇنتۇمايدىغان ئاجايىپ بىر ئىستېھزا بىلەن دېدى:

- گراف، سەن بەكمۇ بەختلىك ئادەمسەن!

مەن ئۆزۈمنىڭ نېمە بولغانلىقىمنى ۋە ئۇنىڭ مېنى بۇ ئىشقا قانداق مەجبۇرلىغانلىقىنى زادىلا بىلەلمەي قالدىم. لېكىن مەن يەنىلا ئاتتىم. ئوق سىز كۆرگەن مانا بۇ سۈرەتكە تەگدى، - گراف ئوق تېشىۋەتكەن سۈرەتنى بارمىقى بىلەن كۆرسەتتى.

- مەن ئاتتىم، - دەپ داۋام قىلدى گراف، - تەڭرىگە مىڭ مەرتە شۈكرىكى، ئوقۇم تەگمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن غەلىتە بىر قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرگەن سىلىۋىئو مېنى قارىغا ئېلىشقا باشلىدى. بىردىن ئىشىكلەر ئېچىلدى - دە، ئايالىم يۈگۈرۈپ كېلىپ، چىرقىرىغىنىچە قۇچىقىمغا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى مېنى تېتىكلەندۈردى.

- سۆيۈملۈكۈم، كۆرمەيۋاتامسەن، بىز چاقچاقلىشىۋاتىمىزغۇ؟ - دېدىم ئۇنىڭغا، - نېمىشقا بۇنچە قورقۇپ كەتتىڭ؟ بېرىپ بىر ئىستاكان سۇ ئىچىپ كەل. مەن سېنى بۇ كونا دوستۇم بىلەن تونۇشتۇرىمەن.

ئايالىم ھامان ئىشەنمەيتتى. ئۇ قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرگەن سىلىۋىئوغا قاراپ:

- ئېيتىڭا، ئېرىم راست ئېيتىۋاتامدۇ؟ سىلەر راستتىنلا ئوينىشىۋاتامسىلەر، - دەپ سورىدى.

- ئۇ ھەمىشە مۇشۇنداق چاقچاقلىشىدۇ، گراف خانىم، - دەپ جاۋاب بەردى سىلىۋىئو، - بىر چاغدا چاقچاق قىلىپ مېنى بىر شاپىلاق ئۇرغانىدى. كېيىن يەنە چاقچاق قىلىپ مۇنۇ شەپكەمنى ئوق بىلەن تەشتى. ھازىر يەنە ئوينىشىپ ماڭا قارىتىپ ئوق ئۈزگەنىدى، ئوقى خاتا كېتىپ باشقا يەرگە تەگدى. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭمۇ ئويناشقۇم كېلىپ قالدى.

ئۇ شۇنداق دەپ، ئايالىمنىڭ كۆز ئالدىدىلا مېنى نىشانغا ئالماقچى بولدى. ئايالىم ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىغا ئۆزىنى تاشلىدى.

- تۇر ئورنۇڭدىن، ئۆزۈڭنى خورلىما، - دەپ ۋارقىرىدىم غەزەپ بىلەن، - سىز بىچارە خوتۇننى ئازابلاشتىن توختامسىز، قانداق؟ زادى ئاتامسىز، يوق؟

- ئاتمايمەن، - دەپ جاۋاب بەردى سىلىۋىئو، - مەن بەكمۇ خۇشالمەن. چۈنكى مەن سېنىڭ قورققانلىقىڭنى، ۋەھىمىدىن چۆچۈپ غالىلداپ تىترىگەنلىكىڭنى كۆردۈم. مەن سېنى ئۆزۈمگە قارىتىپ يەنە بىر قېتىم ئوق ئۈزۈشكە مەجبۇر قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن قانائەتلەندىم. ئەمدى سەن مېنى ئېسىڭدە تۇتىسەن، سېنى مەن ئۆز ۋىجدانىڭغا تاپشۇردۇم.

ئۇ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ماڭدى. لېكىن ئىشىك يېنىغا كەلگەندە بىردىن توختاپ مېنىڭ ئوقۇم تەشكەن سۈرەتكە پەرۋاسىزلارچە قارىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تاپانچىسىنى چىقىرىپ نىشاننى كۆزلىمەيلا ھېلىقى سۈرەتكە قارىتىپ ئوق ئۈزدى - دە، ئاستا چىقىپ كەتتى. ئايالىم ھوشىدىن كېتىپ كىرېسلودا ياتاتتى. ئادەملەر سىلىۋىئونى توسۇشقا جۈرئەت قىلالماي ئۇنىڭغا ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ ئىچىدە قاراپ قالدى. ئۇ سىرتقا چىقىپ ھارۋىكەشنى چاقىرىپتۇ - دە، مەن ئەس - ھوشۇمنى يىغىپ بولغۇچە مېڭىپ كېتىپتۇ.

گراف جىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بىر ۋاقىتلاردا باشلىنىشى بىلەن مېنى ھەيران قالدۇرغان ئاجايىپ بىر ھېكايىنىڭ ئاخىرىدىن خەۋەر تاپتىم. ئۇ قەھرىمان بىلەن كېيىن مەن ئۇچراشالمىدىم. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سىلىۋىئو گرېكلارنىڭ تۈركىيىگە قارشى قوراللىق ئىسيانىغا قاتنىشىپ، بىر قانلىق جەڭدە باتۇرلارچە ئۆلگەنمىش.



# شائىرلىق قىسمىتى ھەققىدە

ئالېكساندىر بلوك (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى)

پۇشكىن ئۆلۈمىنىڭ 84 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەنىلىك يىغىلىشتا سۆزلەنگەن نۇتۇق

بىزنىڭ خاتىرىمىزگە بالىلىق چاغلىرىمىزدىن باشلاپلا سۆيۈملۈك بىر نام مۆھۈرلىنىپ قالغان، ئۇ بولسىمۇ پۇشكىن. بۇ نام، بۇ سادا ئۆمرىمىزنىڭ قانچىلىغان بوش كۈنلىرىنى مەنىگە تولدۇرۇپ كەلمەكتە. ھۆكۈمدارلارنىڭ، سەركەردىلەرنىڭ، قاتىللىق قوراللىرىنى ياسىغۇچىلارنىڭ، خورلىغۇچى ۋە خورلانغۇچىلارنىڭ سوغۇقتىن سوغۇق يېنىدىمۇ يەنە شۇ يېقىملىق نام – پۇشكىن.

شائىرلىق قىلىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكى ۋە پاجىئەلىك ئىكەنلىكىگە قارىماي پۇشكىن ئۆز بېشىغا چۈشكەن ئىجادىيەت جاپالىرىنى خۇشاللىق بىلەن يەڭگىللا ئۆتكۈزەلىدى. پۇشكىن ئۆز رولىنى كاتتا سەنئەتكارلارغا خاس ھالدا كەڭ، ئىشەنچلىك ۋە ئەركىن ھەرىكەتلەر بىلەن ئىجرا قىلدى. شۇنداقتىمۇ پۇشكىن ھەققىدە ئويلىغىنىمىزدا، يۈرىكىمىز كەينىگە تارتىشىپ كېتىدۇ. تەنتەنىلىك، غالىبلارغا خاس شائىرانە ھاياتنىڭ ئەسلىدە تاشقى ھادىسىلەرگە مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ماھىيىتى ئىچكى مەنىۋى بىر ھادىسە ئىدىكى، ماددىي قىممەتكە ئىگە بىر كوزىنى خۇدادىن ئەۋزەل كۆرىدىغان قانداقتۇر بىراۋلارنىڭ ياۋۇزلارچە ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە، ئەنە شۇ شائىرانە يورۇش كۆپ ھاللاردا پۇشكىننىڭ بورنىدىن بۇلاق قىلىپ ئېلىنغان.

بىز ئىنسان پۇشكىننى، مۇستەبىت تۈزۈمىنىڭ دوستى پۇشكىننى، دېكابرىستلارنىڭ قەدىردانى پۇشكىننى بىلمىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرنەرسە – شائىر پۇشكىننىڭ ئالدىدا خىرەلىشىپ قالىدۇ.

شائىر ئۆزگەرمەس سالاپەت ساھىبىدۇر. ئۇنىڭ تىلى، ئۇسلۇبى كونىرىشى مۇمكىن، بىراق ئۇ بېجىرگەن ئىشلارنىڭ ماھىيىتى ھەرگىز كونىرىمايدۇ.

ئادەملەر شائىردىن، ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن يۈز ئۆرۈشى مۇمكىن. بۈگۈن ئۇلار شائىرغا ھەيكەل قويۇشىدۇ، ئەتە «زامانىۋىلىق كېيىمىدىن تاشلىۋەتمەكچى» بولۇشىدۇ. ئۇنىسىمۇ، بۇنىسىمۇ شائىرنىڭ ئەمەس، ئاشۇ ئادەملەرنىڭ قانداقلىقىنى كۆرسىتىدۇ؛ شېئىرىيەتنىڭ ماھىيىتى ھەرقانداق يۈكسەك سەنئەت كەبى ئۆزگەرمەستۇر. ئادەملەرنىڭ ئۇرلۇكچە مۇناسىۋىتى ئەسلىنى ئالغاندا ئەھمىيەتسىزدۇر.

بۈگۈن بىز بۈيۈكلەردىن بۈيۈك ئورىدىغان رۇس شائىرىنىڭ خاتىرىسىنى ياد ئەتمەكتىمىز. مېنىڭ نەزىرىمدە، مۇشۇ باھانىدە شائىرلىق قىسمىتى ھەققىدە سۆزلىسەك ۋە سۆزلىرىمىزنى پۇشكىننىڭ مۇلاھىزىلىرى بىلەن تەدبىقلىساق

تولىمۇ ساز ئىش بولىدۇ.

شائىر دېگەن نېمە؟ شېئىرلارنىڭ ياردىمىدە سۆزلەيدىغان ئادەممۇ؟ ياق، ئەلۋەتتە. ئۇ شېئىر يازغىنى ئۈچۈنلا شائىر دەپ ئاتالمايدىغۇ؛ ئۇ شېئىر يازىدۇ، يەنى سۆزلەرنى ۋە تاۋۇشلارنى ئويغۇنلاشتۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ ـ ئويغۇنلۇقنىڭ پەرزەنتى ـ شائىردۇر.

ئويغۇنلۇق دېگەن نېمە؟ ئويغۇنلۇق دۇنياۋى كۈچلەرنىڭ ئىناقلىقى، دۇنياۋى ھاياتتىكى تەرتىپتۇر. تەرتىپ ـ بۇ كائىنات، يەنى تەرتىپسىزلىكلەرنىڭ ئاتىسى بولمىش خەئاسنىڭ(1) ئەكسىدۇر. خەئاستىن كائىنات، دۇنيا تۇغۇلىدۇ، دەپ ئۆگەتكەن قەدىمكىلار. دېڭىزنىڭ قىيسىق دولقۇنلىرى ئوكيان تاشقىنلىرى ئۈچۈن قانداق بولسا كائىناتمۇ خەئاسقا شۇنداق قېرىنداشتۇر.

بىرەر سىرلىق بەلگىسىدىن باشقا جەھەتلىرى بىلەن ئوغۇل ئاتىسىغا ئوخشىماسلىقى مۇمكىن، لېكىن ئاشۇ بەلگە ئاتا بىلەن بالىنى بىر ـ بىرىگە ئوخشىتىپ تۇرىدۇ.

خەئاس ئىپتىدائىي، چېچىلاڭغۇ ھەرىكەتلەرنىڭ مەجمۇئەسىدۇر. كائىنات ـ ۋۇجۇدقا كەلگەن ئويغۇنلۇق، مەدەنىيەتتۇر. خەئاستىن كائىنات تۇغۇلىدۇ. ئىستىخىيە تەركىبىگە مەدەنىيەت ئۇرۇقلىرى يوشۇرۇنغاندۇر. چېچىلاڭغۇ نەرسىلەردىن ئويغۇنلۇق مەيدانغا كېلىدۇ.

دۇنياۋى ھايات ئىچىدە يېڭى تۈرلەرنىڭ، يېڭى نەسىللەرنىڭ تىنىمسىز يارىلىش جەريانى كېچىدۇ. ئۇلارنى تەلۋە ـ تەتۈر خەئاس پەپىلەيدۇ، مەدەنىيەت پەرۋىش قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تاللاش ئېلىپ بارىدۇ؛ ئويغۇنلۇق ئۇلارغا تەسۋىر ۋە شەكىل ئاتا قىلىدۇ؛ نەتىجىدە ئۇلار يەنە باش باشباشتاقلىق تۇمانىغا ئورىنىدۇ. بۇ ھادىسىنىڭ ماھىيىتى بىز ئۈچۈن چۈشىنىكسىز، نېگىزلىرى بىز ئۈچۈن قاراڭغۇدۇر. بىز يېڭى نەسىل كونىسىدىن ئەۋزەل دېگەن پىكىرلەر بىلەن ئاۋۇنىمىز؛ بىراق دۇنياۋى قاراڭغۇلۇقنى ئۆز شولىسى بىلەن يورۇتماقچى بولۇۋاتقان مانا شۇ كىچىككىنە شامىمىزنى شامال ئۆچۈرۈپ قويىدۇ. دۇنيانىڭ تەرتىپلىرى ئەندىشىلەرگە تولا، ئۇ تەرتىپسىزلىكلەرنىڭ جىگەر بەندىسىدۇر، ئۇ بىزنىڭ نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامانلىقى ھەققىدىكى پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرىمىزگە توغرا كېلىشۋەرمەيدۇ.

بىر نەرسىنى ئېنىق بىلىمىز، ئالدىنقىلارنىڭ ئورنىغا دۇنياغا كېلىۋاتقان نەسىل يېڭى، ئۇ يېڭىلاۋاتقان ئاۋۋالقىسى بولسا كونىدۇر؛ بۇ دۇنيادا تۈگىمەس ئۆزگىرىشلەرنى كۆزىتىمىز؛ ئۆزىمىز نەسىللەرنىڭ يېڭىلىنىش جەريانىغا قاتنىشىمىز، بۇ قاتنىشىشىمىز كۆپ ھاللاردا پائالىيەتسىزلىك بىلەن ئۆتىدۇ؛ تۇغۇلىمىز، قېرىيمىز، ئۆلىمىز؛ كەمدىن ـ كەم ھاللاردىلا پائاللىقا يۈزلىنىمىز؛ دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭ قايسىدۇر بۇرجىكىنى ئىگىلەيمىز ۋە ئۆزىمىز يېڭى نەسلىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر قىلىمىز.

شائىر ـ ئويغۇنلۇقنىڭ پەرزەنتى؛ دۇنياۋى مەدەنىيەتتىكى قانداقتۇر بىر رول ئۇنىڭغا نېسىپ ئېتىلىدۇ. ئۇنىڭ زىممىسىگە ئۈچ خىل ۋەزىپە يۈكلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، قەدىرلىك تەرتىپسىزلىكلەرنىڭ ئۆز تەركىبىگە كىرگەن ئىستىخىيىسىدىن تاۋۇشلارنى ئازاد قىلىشى كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، بۇ تاۋۇشلارنى ئويغۇنلاشتۇرۇشى، ئۇلارنى شەكىلگە سېلىشى كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، بۇ ئويغۇنلۇقنى تاشقى ئالەمگە تەدبىق قىلىشى كېرەك.

ئىستىخىيىدىن يۇلۇپ ئېلىنغان، ئويغۇنلاشتۇرۇلغان ۋە تاشقى دۇنياغا قويۇپ بېرىلگەن بۇ تاۋۇشلارنىڭ ئۆزلىرى يارىتىش ئىشىنى باشلىۋېتىدۇ. «شائىرنىڭ سۆزى ئەمدى ئۇنىڭ ئىشىنىڭ ماھىيىتىگە ئايلىنىدۇ». ئۇلار كۈتۈلمىگەن بۈيۈكلۈكلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ؛ ئادەملەرنىڭ يۈرەكلىرىنى سىناقلارغا سالىدۇ، كېچىۋاتقان ئۆمۈر چېقىندىلىرى ئارىسىدا قانداقتۇر تاللاش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار نەسلىنىڭ «ئىنسان» دەپ ئاتالغۇچى قايسىدۇر بۆلەكلىرىنى بىر يەرگە جەملىسە ئەجەب ئەمەس؛ نېمىشقا دېگەندە، كونىسى ناھايىتى تېز تەنەززۇلغا يۈزلىنىدۇ؛ تۇغۇلىدۇ ۋە ئۆلىدۇ. شائىر دۇنياغا كەلتۈرۈۋاتقان ئويغۇنلۇقنىڭ سەلتەنىتىگە قارشىلىق كۆرسىتىپ بولمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كۈرەش قىلىش ھەم شەخس، ھەم بىرلەشكەن ئىنسانىي كۈچلەردىن يۇقىرى بولغان

قانداقتۇر بىرنەرسىنى بىلدۈرىدۇ. «ئۇيغۇنلۇقنىڭ كۈچىنى ھەممە شۇنداق ھېس قىلالىغان بولسا ئىدى!» دەپ زارلىنىدۇ بىگانە سالىېرى.

ئەسلىدىغۇ ئۇنى ھەممىلا ئادەم ھېس قىلىدۇ، پەقەت ئاددىي ئادەملەر، بۈيۈكلۈك ئاتا قىلىنغان مۇزارتتەك ھېس قىلالمايدۇ. شېئىرىيەت ھەر قەدەمدە ئايان قىلىدىغان بەلگە - نىشانىدىن، زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا ئاشكارا قىلىدىغان لەقەمدىن، ئۆلۈمدىن يۈز ئۆرۈپ بولمىغىنىدەك ھېچ كىم، ھېچ ۋاقىت قۇتۇلالمايدۇ. بۇ نام خاتاسىز نىشانغا تېگىدۇ. مەسىلەن، ئىستىخىيىنىڭ ئاددىي زەررىلىرىنى ئىپادە قىلغۇچىلارنى ۋە بۇ نەرسىنى چۈشىنىش نىيىتى قىلمىغان، چۈشىنىشىمۇ مۇمكىن بولمىغان ئاددىي ئاۋامنى شائىر ھېچقاچان يامان ئاتلىق قىلغان ئەمەس. ئۆزلىرى ھەيدەۋاتقان يەرگە، ئۆزلىرى ئىچىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان تۇمان پارچىسىغا، ئۆزلىرى ئوۋلاۋاتقان مەخلۇقلارغا ئوخشايدىغان ئادەملەر ھېچقاچان قارا خەلق دەپ ئاتالغان ئەمەس. ئەكسىچە، مەدەنىيەتكە خىزمەت قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن كۆپ نەرسىلەرنى چۈشىنىشكە بۇرچلۇق بولسىمۇ، لېكىن چۈشىنىشنى خالىمايدىغانلار باركى، ئەنە شۇلار قارا خەلق دېگەن شەرمەندىلىك نامغا لايىقتۇر. بۇ لەقەمدىن ئۇلارنى ئۆلۈممۇ خالاس قىلالمايدۇ. گراف بېنكېندورف، تىمكوۋسكىي، بۇلگارىن ۋە شۇلارغا ئوخشاش شائىرغا ئۆز خىزمىتىنى بېجىرىشتە توسقۇنلۇق قىلغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئاشۇ لەقەم ئۆلۈمدىن كېيىنمۇ تامغا بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

ئادەم ئۆز ئادەملىكىنى ساقلاپ قالىدىغان روھنىڭ چوڭقۇر قەرىدە، مەدەنىيەت مەيدانغا كەلتۈرگەن دۆلەتلەرنىڭ ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ قولى يەتمەيدىغان چوڭقۇرلۇقلاردا، ھاۋا مەۋجلىرىگە ئوخشاش بارلىقنى ئىلكىگە ئالغان سادالار ئاقىدۇ؛ ئۇ يەردە تاغلارنى، شاماللارنى، دېڭىز ئېقىملىرىنى، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات ئالەمىنى مەيدانغا كەلتۈرگۈچى جەريانلارنى ئەسلىتىدىغان تاۋۇشلارنىڭ تەۋرىنىشلىرى تىنىمسىز كېچىدۇ.

روھنىڭ ئاشۇ چوڭقۇرلۇقلىرى تاشقى دۇنيانىڭ ھادىسىلىرى بىلەن توسۇلغان. پۇشكىن ئېيتىدۇكى، ئاشۇ چوڭقۇرلۇقلار باشقىلارغا قارىغاندا شائىر ئۈچۈن كۆپرەك توسۇپ قويۇلغان؛ «تۆۋەن دۇنيا باللىرى ئارا، بەلكى ئۇ ھەر كىمدىن پەستۇر».

شائىردىن ئۇنىڭ خىزمىتى تەقەززا قىلىدىغان بىرىنچى ۋەزىپە تاشقى پەردىنى كۆتۈرۈپ، چوڭقۇرلۇقلارنى ئېچىش ئۈچۈن «ئۆتكۈنچى دۇنيا تەشۋىشلىرى»دىن ۋاز كېچىشتۇر. بۇ تەلەپ شائىرنى «تۆۋەن دۇنيا باللىرى» ئارىسىدىن ئاجرىتىپ تۇرىدۇ:

تىنىمسىز قەلبتە ئاھاڭلار تاشار،
ياۋايى، شىددەتلىك كۆز قاراشلىرى،
سەھرا دولقۇنلىرى باغرىغا چاپار،
شاۋقۇنلىغان ئورمانلار سىرى. . .

مەنۋىيەت چوڭقۇرلۇقلىرىنى ئېچىش ياۋايى، شىددەتلىك، ساراسىمىگە تولغان، چۈنكى ئۇ پەرزەنتنىڭ تۇغۇلۇشىدەك ئېغىر بىر جەريان. شائىر دېڭىز ۋە ئورمانغا مۇراجىئەت قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ ئاشۇ يەردە تەنھا تۇرۇپ بارلىق كۈچىنى يىغىدۇ ۋە «جانىجان خەئاس»قا، ئاجايىپ ئىستىخىيىگە، ئېقىۋاتقان تاۋۇشلارنىڭ تەۋرىنىشلىرىگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ. شۇندا غارايىپ ھادىسە يۈز بېرىدۇ: پەردە كۆتۈرۈلىدۇ، نېگىزلار ئېچىلىدۇ، تاۋۇش قەلبكە كۆچىدۇ. ئاپوللوننىڭ (2) ئىككىنچى تەلىپى شۇندىن ئىبارەتكى، چوڭقۇرلۇقلاردىن تارتىۋېلىنغان ۋە تاشقى دۇنياغا تەدبىقلانغان تاۋۇش پۇختا ۋە سېزىلىدىغان تاۋۇشلار شەكلىگە سېلىنىشى كېرەك؛ تاۋۇشلار ۋە سۆزلەر يېگانە ئۇيغۇنلۇقنى تەشكىل قىلىشى لازىم. ماھىر سەنئەتكارلارلا بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. سەنئەتكارلىق خۇددى «جانجان خەئاسقا قوشۇلۇشتىكىدەك ئىلھام تەلەپ قىلىدۇ». «ئىلھام - دەيدۇ پۇشكىن، تەسىراتلارنى جانلىق ھالدا قوبۇل قىلىشقا، مۇلاھىزىلەرنى چۈشىنىشكە، كېرەك بولسا ئۇلارنى ئىپادىلەپ بېرىشكە كۆڭۈلنىڭ مايىل بولۇشى دېمەكتۇر». شۇنىڭ ئۈچۈن شائىر ئۆزىنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ۋەزىپىلىرى ئارىسىدا ئېنىق بىر چېگرا بەلگىلىۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس. پوستلار قانچىلىك كۆپ

ئىلىنسا، خەئاسقا قوشۇلۇش قانچىلىك كۆپەيسە، تاۋۇشنىڭ تۇغۇلۇشى قانچىلىك قىيىنلاشسا شائىر شۇنچىلىك يارقىن شەكىلگە كىرىشكە ئىنتىلىدۇ، ئۇ شۇقەدەر ئۇزاق ياشايدۇ، ئۇيغۇنلۇقنى ۋە ئادەمنىڭ ئاڭلاش ئەزاسىنى شۇنچىلىك تىرىشچانلىق بىلەن ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ.

ئەمدى شائىرلىقنىڭ ئۈچىنچى شەرتىگە كەلسەك، يۈرەكتىن جاي ئالغان ۋە ئۇيغۇنلاشقان تاۋۇشلارنى تاشقى دۇنياغا تەدبىق قىلىش لازىم. مۇشۇ يەردە شائىر بىلەن قارا خەلق ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇشۇش سادىر بولىدۇ.

بىرەر زاماندا ئاددىي ئاۋامنىڭ قارا خەلق دەپ ئاتالغىنى دەرگۇمان. ئەسلىدە مۇشۇ نامغا مۇناسىپ نۇسخىلارنىڭ ئۆزلىرى ئاددىي ئاۋامغا نىسبەتەن بۇ ئىبارىنى ئىشلەتكەن بولسا ئەجەب ئەمەس. پۇشكىن خەلق قوشاقلىرىنى توپلىدى، ئۇلارنى ئاددىي ئاۋام تىلى بىلەن يازدى؛ تېگى قىشلاقلىق بولغان ئىنىگانىسى پۇشكىن ئۈچۈن ئەڭ مۆتىۋەر زات ئىدى. بۇنى چۈشەنمەسلىك ۋە پۇشكىن قارا خەلق دېگەندە ئاددىي ئاۋامنى نەزەردە تۇتقان دەپ ئويلاش ئۈتۈپ كەتكەن گول ياكى ياۋۇز ئادەمگىلا خاس. ئەگەر رۇس مەدەنىيىتى قايتىدىن يۈكسەلگەندە ئىدى، پۇشكىننىڭ سۆزلىرى بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرگەن بولاتتى. پۇشكىنمۇ قارا خەلق دېگەندە تەخمىنەن بىز چۈشەنگەن نەرسىنى نەزەردە تۇتقان. ئۇ كۆپىنچە ئاشۇ نامغا «ئاقسۆڭەك» دېگەن سۈپەتنى قوشۇپ ئىيتقان ۋە بۇنىڭ بىلەن ساراي ئەھلىنىڭ مەنسەپ - دەرىجىلىرى بولمىسا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىگە ئۇرغۇ بەرگەن. بىراق ئاشۇ چاغلاردىلا پۇشكىننىڭ كۆز ئالدىدا ساراي ئەھلى ئەۋلادىنىڭ ئورنىنى شىددەت بىلەن بيۇروكراتلار ئىگىلەشكە باشلىغانىدى. تۆرىلەرنىڭ يېڭى ئەۋلادى ئەينەن قارا خەلق نامىنى ئىپادىلەيتتى؛ يەنى ساراي ئەھلىنى ئەمەس، ئاددىي ئاۋامنى ئەمەس، مەخلۇقلارنىمۇ، پارچە يەرنىمۇ، تۇمان پارچىسىنىمۇ، كائىناتنىڭ زەررىسىنىمۇ، ھەتتا ئىبلىسلارنى ياكى پەرىشتىلەرنىمۇ ئەمەس، دەل تۇنۇگۇنكى ۋە بۈگۈنكى قارا خەلقنى ئىپادىلەيتتى. «ئەمەس» دېگەن ئىبارىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئۇلار ھەققىدە بىر گەپنى ئېيتىش مۇمكىن، ئۇلار قانداقتۇر بىراۋلاردۇر. بۇ ئۇنچىلىك شەرەپلىك نام ئەمەس، ئىش بىلىدىغان ۋە پەسكەش، مەنىۋى نېگىزى چىرىگەن، «ئۆتكۈنچى دۇنيا تەشۋىشلىرى»گە ئورىلىپ قالغان بىراۋلاردۇر.

قارا خەلق روشەنكى، شائىردىن ئۆزى خىزمەت قىلىۋاتقان مەقسەت، سىرى ئىنتىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. پۇشكىن ئېيتىدۇكى، ئۇلار شائىرنىڭ «نەپ كەلتۈرۈش»نى خالايدۇ؛ شائىرنىڭ «كوچىلاردىكى ئەخلەتلەرنى سۈپۈرۈشى»نى، «كەسىپداشلىرىنىڭ كۆڭلىگە زىيا ياغدۇرۇشى»نى تەلەپ قىلىشىدۇ.

قارا خەلقنىڭ ئۆز نۇقتىئىنەزىرىگە نىسبەتەن تەلەپ قىلىۋاتقان نەرسىسى توغرا ئىدى. بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ شائىردىن تەلەپ قىلىۋاتقىنى ھېچقاچان كوچىلاردىكى ئەخلەتلەرنى سۈپۈرۈش ئىشىدىن جىددىيراق باشقا نەرسىدىن پايدىلىنىشقا قادىر ئەمەس؛ ئىككىنچىدىن، بۇنداق ئىشلار بولغان تەقدىردىمۇ ئىچكى سەزگۈسى بىلەن تېز ياكى ئاستا ھالدا ئۆزىگە زىيان كەلتۈرۈشنى ئۇ ھېس قىلىدۇ. يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالغۇچى ئۇيغۇنلۇق قارا خەلق خالايدىغان، بىر خىل رىتىمدا ئاقىدىغان تاشقى دۇنيا ھادىسىلىرى ئېقىنىنى مەيدانغا كەلتۈرگۈچى تەشۋىشسىز مەشغۇلات ئەمەس.

قارا خەلق تەبىقىسى ئادەملەرنىڭ باشقا تەبىقىلىرىگە ئوخشاش ئىنتايىن تەسلىكتە تەرەققىي قىلىشى جەريانىدا، ئادەملەرنىڭ مېڭىسىنىڭ باشقا ئەزالارغا نىسبەتەن زورىيىپ بېرىۋاتقىنىغا قارىماي، قارا خەلق دۆلەتنىڭ بىرلا ئورگىنىنى، تەكشۈرۈشنى تاللىۋالدى. شۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئۇلار شائىرنىڭ ئۈچىنچى ۋەزىپىسىگە - ئۇيغۇنلۇقنى تاشقى دۇنياغا تەدبىق قىلىش ۋەزىپىسىگە توساق قويىدى. ئەسلىدە ئۇلار بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ۋەزىپىلەرگىمۇ توساق قويۇش يولىنى ئويلاپ تېپىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇنلۇق مەنبەلىرىنى لېيىتىش ئۇسۇلىنى تېپىشقىمۇ ئاز قالدى، ئۇلارنى نېمە تۇتۇپ تۇردىكىن، كالتە پەملىكمۇ، جۈرئەتسىزلىكمۇ ياكى ۋىجدانىمۇ بۇنىسىنى خۇدا بىلىدۇ. بەلكى شۇنداق ئۇسۇللارنى ئىزلەۋاتقاندۇر.

كۆرۈپ تۇرغىنىمىزدەك، شائىرلىقنى تاشقى دۇنيا تەرتىپاتلىرى بىلەن قىياسلاپ بولمايدۇ. شائىرنىڭ خىزمىتى تەكىتلەپ كۆرسىتىلگىنىدەك ئومۇمىي مەنىۋى ئەھمىيەتكە مۇناسىۋەتلىكتۇر، ئۇنىڭ ئىشى - تارىخىي ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پۇشكىنغا قوشۇلۇپ شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمىز:

غەم - پىغانلىرىم ئاز ئەمەس ئەسلا،
مەتبۇئات ئەركىنمۇ ياكى توساقتا؟!
كالۋالار بېشىنى قاتۇرار دائىم،
سەزگۈرلۈك نىقابىن كىيگەن سېنزورا.
ژۇرنالدا تىتىپ پىكرىنى - سىرنى،
رىجىمغا ئالار مەسخىرىبازنى.

پۇشكىن شۇنداق دېيىش بىلەن قارا خەلققە تەكشۈرۈش ھوقۇقىنى تاپشۇرغان، نېمە ئۈچۈن دېگەندە، بۇنىڭ بىلەن نادانلارنىڭ سانىنىڭ بەرىبىر كېمەيمەيدىغانلىقىنى بىلگەن.

شائىرنىڭ ئىشى ئەسلىدە نادانلارنى بىرىنىمۇ قويماي شەرمەندە قىلىشتىنلا ئىبارەت ئەمەس؛ ھەر قانداق ئادەم ئۆمرىنىڭ چېقىندىلىرىنى تېتىپ، ئوتتۇراھال پائالىيەت نەتىجىلىرىدىن خېلىلا قىزىقارلىق بولغان نېمىلەرگىدۇ ئېرىشىش مەقسىتىدە بولىدۇ. شائىر يارىتقان ئۇيغۇنلۇق نادانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاللاش ئېلىپ بېرىشقا يېتىدۇ. بۇ مەقسەت بەرىبىر - بىر ھەقىقىي ئۇيغۇنلۇقنى ئىپادە قىلىدۇ. دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر تەكشۈرۈش مېنىڭ نەزىرىمدە شائىرنىڭ ئاساسىي ئىشىغا تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ.

بىز شەخسىي دەپ ئاتايدىغان ھۆرلۈك بىلەن سىياسىي دەپ بىلىدىغان ھۆرلۈكىمىز ئارىسىدىكى پەرقنى پۇشكىن توغرا چۈشەنگەنمۇ ياكى يوقمۇ بۇ ھەقتە پۇشكىننىڭ خاتىرىسىگە بېغىشلانغان بۇگۈنكى ئۇلۇغ كۈندە مۇنازىرىلە-شىپ ئولتۇرمايمىز. شۇنى بىلىمىزكى ئۇ «ئۆزگىچە»، «سىرلىق» ھۆرلۈكنى تەلەپ قىلغان. بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئاشۇ ھۆرلۈك «شەخسىي» دۇر، لېكىن پۇشكىن ئۈچۈن ئۇ ھېچقاچان پەقەت شەخسىي بولغان ئەمەس:

ھېچ كىمگە...
ھېساب بېرىپ ئولتۇرما ئۆزۈڭ ئەسلا ئۆزۈڭگە،
خىزمەت قىلىشنى ئويلا، ھاكىم ئەسلا سۆزۈڭگە.
ئەمەلدار - مالاي ئۈچۈن ۋىجدانىڭنى ساتمىغىن،
ساياھەتكە - سەيلىگە كۆچۈڭنى سەرپ قىلغىن.
شۇ ئىلاھىي تەبىئەتنىڭ قۇچاقىغا ئاتلىنىپ،
سەيلە قىلغىن ئىچ - ئىچىڭدىن خوپ قېنىپ.
سەنئەت مۆجىزىسىدىن دىلدا ئىلھام ئۇر ساچۇش.
ئاشۇ بەخت، ئاشۇ ھوقۇق، زوق - شوقىدىن بولساڭ بىھوش.

بۇ سۆزلەر ئۆلۈم ئالدىدا ئېيتىلغان. ئۆسمۈرلىكىدە پۇشكىن بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

مۇھەببەت ۋە مەخپىي ھۆررىيەت،
يۈرەككە تەسەللى تەرەننۇم پەقەت.

بۇنداق خۇپىيانە ھۆرلۈك، بۇنداق ئەركىنلىك - ئومۇمەن شەخسىي ھۆرلۈك ئەمەس، خېلى كەڭ مەنىدىكى نەرسىدۇر؛ يەنى بۇ باشتىلا ئاپوللون شائىردىن تەلەپ قىلغان ئىككى ۋەزىپە بىلەن مەھكەم مۇناسىۋەتلىك نەرسىدۇر. پۇشكىن شېئىرلىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھادىسىلەر ئۇيغۇنلۇقنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن زۆرۈردۇر. ئۇيغۇنلۇق جەھەتتىن ئادەملەرنى سىناشتا پۇشكىن ئۈچىنچى ۋەزىپىگە تايىنىدۇ. ئاۋۋالقى ئىككىسىدە ئۇ بۇنداق قىلالمىغانىدى، چۈنكى ئۇ ئىككىسى شەخسىي ئەمەس ئىدى.

شۇنىڭغا قارىماي پۇشكىننىڭ ھاياتى ئاخىرقى نۇقتىغا يېقىنلىشىپ بارغانسېرى كۆپرەك توساقلارغا دۇچ كېلىۋەردى. پۇشكىن كۆچىدىن قالغانسېرى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاشۇ دەۋر مەدەنىيىتى - روسىيىدىكى بىردىنبىر مەدەنىي دەۋرمۇ ھالىدىن كېتىشكە باشلىدى؛ 19 - ئەسىرنىڭ پاجىئەلىك 40 - يىللىرى يېقىنلاشماقتا ئىدى. پۇشكىننىڭ ئۆلۈم تۆشىكى ئەتراپىدا بېلىنسكىينىڭ گۆدەكلەرگە خاس بىلجىرلىغان ئاۋازلىرى ياڭراشقا باشلىدى. بۇ بىلجىرلاشلار بىزگە ھەتتا گراف بېنكېندورفنىڭ زەھەرخەندە بولسىمۇ يېقىملىق تۇيۇلغان ئاۋازىغا نىسبەتەنمۇ پۈتۈنلەي سوغۇققان، ئەكسىچە بولۇپ ئاڭلاندى. ھېلىمۇ شۇنداق تۇيۇلىدۇ...

ئالىيجاناب ئالداشتىن كۆرە،
زۇلمەت ھەقىقەتنى قەدىرلىك بىزگە.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا بېلىنسكىينىڭ گۈدەكلەرچە بىلجىرلاشلىرىدا ئاڭلانغان گەپلەرنى پىسارېيف تامىقى قىرىلغۇدەك ۋارقىراپ ئېيتتى.

ئۇ تەرىپىگە نېمە بولغانلىقىنى سۆزلەشتىن ئۆزۈمنى تارتىمەن، نېمىشقا دېگەندە، ئاشۇ ئىشلارغا ئېنىقلىق كىرگۈزۈش هازىرچە مۇمكىن ئەمەس؛ بەلكى زامانلار ئۆتۈپ مېنىڭ ئۇششاق مۇلاهىزىلىرىمدە ئېيتىلىۋاتقان ياكى بۇ مۇلاهىزىلەرگە قارشى پىكىرلەردە چوڭقۇر ئۆزلىشىپ قالغان نۇقتىئىنەزەرلەرگە مۇتلەق ئوخشىمايدىغان باشقا پىكىرلەر مەيدانغا چىقىپ قالار؛ يەنە قانداقتۇر ۋەقەلەرنى باشتىن كەچۈرۈش كېرەك بولۇپ قالار. بۇ مەسىلىدە خۇلاسە چىقىرىش كەلگۈسى روسىيە تارىخچىلىرىغا نېسىپ بولىدۇ.

پۈشكىن ئۆلدى. بىراق «بالىلار ئۈچۈن مەغرۇرلۇق ئۆلمەيدۇ»، دېگەندى شىللېر. ئەسلىدە پۈشكىننى دانتېسنىڭ ئوقى ئۆلتۈرگەن ئەمەس. ئۇنى هاۋانىڭ يېتىشمەسلىكى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئاشۇ دەۋر مەدەنىيىتىمۇ ئۆلدى.

بولدى ئەزىز دوستۇم، ئەينى پەيتىدۇر،
ئەمدى يۈرەك هالاۋەت ئىستەر.

بۇ پۈشكىننىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى نىداسى، بولۇپمۇ پۈشكىن دەۋرى مەدەنىيىتىنىڭ نىداسىدۇر.

دۇنيادا سائادەت يوق، باردۇر ئارام، ئىرادە.

ئارام ۋە ئىرادە. بۇلار شائىرغا ئۇيغۇنلۇقنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر. لېكىن ئارام ۋە ئىرادىنىمۇ تارتىۋېلىشتى. يەنى تاشقى ئەمەس ئىجادىي ئارامنى، بالىلارغا خاس ئىرادىنى ئەمەس، تەنتەنىلىك هۆرلۈكنى ئەمەس، ئىجادىي ئىرادىنى ۋە خۇپىيانە هۆرلۈكنى. شائىر شۇندىلا ئۆلىدۇ، چۈنكى نەپەس ئېلىش ئۈچۈن هاۋا قالمايدۇ، هايات مەنىسىنى يوقىتىدۇ.

شائىرغا ئۇيغۇنلۇق ئارقىلىق يۈرەكلەرنى لەرزىگە سېلىشقا توسقۇنلۇق قىلغان مۇلايىم تۈرلەر ئەبەدىلئەبەد قارا خەلق دېگەن نامغا مەهكۇم بولىدۇ. ئۇلار شائىرغا پەقەت ئۈچىنچى ۋەزىپىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، خالاس. پۈشكىن شېئىرىيىتى كەڭ كۆلەم بىلەن ئەمدىلىكتە شائىرنىڭ ئىشتىراكىسىز يۈرەكلەرنى لەرزىگە سېلىشنى داۋام قىلىۋېرىدۇ... شېئىرىيەتنى قانداقتۇر ئۆزىنىڭ مەقسەتلىرىگە پايدىلىق تەرەپكە بۇرىماقچى بولۇۋاتقان تۈرلەر، خۇپىيانە هۆرلۈككە قەست قىلىپ ۋە سىرلىق ۋەزىپىنى بېجىرىشكە توساق بولۇپ، قارا خەلق دېگەندىنمۇ بەتتەر نامغا قېلىشتىن ئۆزلىرىنى تۇتۇشسا قانداق ياخشى بولاتتى.

بىز ئۆلىمىز، لېكىن سەنئەت قالىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئاخىرىغىچە بىزگە ئايان ئەمەس، ئايان بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇ يېگانە ۋە ئومۇمىيدۇر.

مەن خۇشاللىق ئۈچۈن ئۈچ ئاددىي ھەقىقەتنى ئېيتىشنى خالايتتىم.

ھېچقانداق ئالاھىدە سەنئەت مەۋجۇت ئەمەس، ئۇنىڭغا لايىق بولمىغان ئادەمنى سەنئەتكە مۇناسىۋەتلىك دەپ بولمايدۇ؛ سەنئەت ئەسىرى يارىتىش ئۈچۈن كاتتا لاياقەتكە ئىگە بولۇش لازىم.

مەنتىقىگە ئاساسلانغان بۇ سۆيۈملۈك تەڭلىمىلەر ئالدىدا، گۇناھلىرىمىزنىڭ كۆپ بولۇشىغا قارىماي، پۈشكىننىڭ سۆيۈملۈك نامى بىلەن قەسەم ئىچسە بولىدۇ.


ئىزاھات:

بۇ ماقالىدە ئۇيغۇنلۇق دېگەن سۆز گارمونىيە، سەنئەت دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن.

(1) خەئاس ـ قەدىمكى گرېك ئەپسانىلىرىدىكى دۇنيا ۋۇجۇدقا كېلىشتىن بۇرۇنقى تۇمان ۋە قاراڭغۇلۇق بىلەن تولغان تەگسىز بوشلۇقنى كۆرسىتىدۇ.

(2) ئاپوللون ـ قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى سەنئەتكە هامىيلىق قىلىدىغان خۇدا.

ئۆزبېكچىدىن ئەزىزى ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان.




**گابرىئېلا مىسترال (چىلى)**

## سەۋدالىق

ئەي ئىلاھىم،
كۆزلىرىمنى قويساڭچۇ يۇمۇپ،
لەۋلىرىمنى قويساڭچۇ جۈپلەپ،
ۋاقىت تېخى تۇرۇپتۇ شۇنچە
سۆزلىرىمىز كەتسىمۇ تۈگەپ.

بىز ئۆزئارا تۇرىمىز قاراپ
ئۇزاق - ئۇزاق سۇرمەستىن زۇۋان،
قېتىپ قالغان كۆزلەردە يوق جان،
تىترەپ تۇرغان چىرايلار سامان،
نېمە بەردى بىزگە بۇ جاھان؟

لەۋلىرى تىترەپ سۆزلەر ئۇ ماڭا،
قەلبىدىن ئۆرلەپ چەكسىز دەرد - پىغان،
مەنىسىنى بولمايدۇ بىلىپ.
دېمەن ئاڭا تەقدىرلىرىمىز
قان بىلەن گۆشتەك قوشۇلغان ھامان.
شۇنىڭدىن سۆڭرە
ھېچ نېمەرسە قالماپتۇ ماڭا!
گىرىملەرمۇ ياشقا قوشۇلۇپ
مەڭزىم بويلاپ ئاقماقتا مانا.

كالۋالاشتى تىللىرىم تامام،
قۇلىقىمغا كىرمەيدۇ سادا.
زەئىپ دالا پايانلىرىغا
تىكىلىمەن شۇنچە بىپەرۋا!
ئوتقاش كەبى گۈللەر بەربىر،
كولتۇك قارلار ئاڭلاتسىمۇ سىر!

ھېچ كىشىدىن كۆرمەيمەن زىنھار،
كۆيدۈرسىمۇ دىلىمنى يارا.
تىلەيمەن ئاھ، تەقدىر ئاللادىن،
كىرپىكلىرىم يۇمۇلسۇن ئەبەد،
تومۇرۇمدا توختىسۇن سادا!

توختات، دېمەن شاماللارنىمۇ،
شامال ئۇنىڭ ئاۋازلىرىنى
ئېلىپ كېتەر بەكمۇ يىراققا.
سايىۋەن بول دېمەن قۇياشقا،
سىماسىنى شۇ ئۆتكۈر نۇرلار
قىلار ھامان يېنىمدىن جۇدا.
دەرگاھىڭغا بارىمەن تەنھا ـ
ئېلىپ چەكسىز مۇھەببىتىمنى
قىيان باسقان زېمىندەك گويا!

## كۆڭۈل ئىزھارى

قوللىرىمنى سىقما بۇنچە چىڭ،
ئاخىر زامان قالدى يېقىنلاپ.
چىڭ كىرىشكەن بارمىقىمىزنى
تۇرار چاڭ ۋە كۆلەڭگە ئوراپ.
بەلكىم ماڭا ئېيتارسەن شۇ چاغ؛
«كۆڭلۈم سەندىن كەتتى بەك سوۋۇپ.
ماتۇق كەبى يۇمران قوللىرىڭ
قاپتۇ ئەجەب قوۋزاقتەك بولۇپ» .

لەۋلىرىمدىن سۆيمە يىمىرىپ،
يوقلاپ كەلدى نۇرسىز دەملىرىم.
نەم تۇپراقتا مۇزدەك سۆيۈشكە
ساڭا نېسىپ بولماس لەۋلىرىم.

بەلكىم ماڭا ئېيتارسەن شۇ چاغ:
«سۆيگەنىدىم ئۇنى بىر چاغلار.
ئىشقىم ئۆچتى، ئۇ قىزىل گۈلدەك
تارقىتالماس خۇشبۇي پۇراقلار» .

نەشتەر سانجىپ جىنىمغا تەكرار
بىلجىرلايسەن توختىماي شۇنداق.
بارماقلىرىم سۇنسا قايرىلىپ
پىشانەڭنى سىيلايمەن قانداق.
تىنىقلىرىم ئۇپمەس يۈزۈڭنى،
مۇزلاپ كېتەر ئوتلۇق ئىشتىياق.

ئەخمەق قىلما مېنى ئويىنتىپ،
بېرەي ساڭا كۆڭۈل ئىشقىمنى.
ئاچاي باغرىم - قۇچاقلىرىمنى،
سۇتتەك بويۇن، ئوتلۇق لېۋىمنى
دېسەم ئالداپ قويارمەن سېنى.
سەن ھەممىگە نائىل بولغاندەك،
گۈللىنارسەن سەبىي بالىدەك.

تالىق ئەمەس مۇھەببەتكىلا
ھالسىرىغان قاقشال تەنلىرىم.
زاھىد تونى ئىچرە تىترەيمەن،
كۆكتە قانات قاقماس پەرلىرىم.
سۆيۈش، سۆيگۈ لەۋلەردە ئەمەس،
جار سېلىشلار چىن كۆڭۈلگە يات.
تەنلىرىمنى سالار لەرزىگە
تەڭرى تىنىقى
ئەركىن ھۆر ھايات! .

ئاننى سېكستون (ئامېرىكا)

# يۇلتۇزلۇق كېچە

بۇ شەھەر مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان،
قارا چاچلىق قېرى بىر سۆگەت
سۇغا چۆكۈپ ئۆلگەن ئايالدەك
ياز قويىنىدا يوقالدى پەقەت.
جىمجىت شەھەرلەر
قاپقارا قازاندا قاينىتار يۇلتۇز.
ئاھ، يۇلتۇز، نۇرانە يۇلتۇزلۇق كېچە،
تىلەيمەن ئۆلسەم دەپ مەنمۇ ئاشۇنداق.

يۇلتۇزلار كۆچمەكتە، ئۇلار تىرىك جان.
ئاي توگۈل قىپقىزىل كىشەن ئىچىدە
چىڭقىلىپ كۆپچۈيدۇ
ئۇنىڭ كۆزىدىن
بالىلارنى سىقىپ چىقماقچى تەڭرى.
سۇمۇرۇپ دەم تارتتى يۇلتۇزچاقلارنى
كۆرۈنمەس قەدىمىي بىر بوغما يىلان.
ئاھ، يۇلتۇز، نۇرانە يۇلتۇزلۇق كېچە،
تىلەيمەن ئۆلسەم دەپ مەنمۇ ئاشۇنداق.

كېچىگە ئېتىلىپ كىردى بىر قاۋان،
جېنىمنى سۇغۇرۇپ ئالدى ئەجدىھا
بايراقسىز،
قورساقسىز،
تىنىقسىز بۇئان.

## بويىدىن ئاجراش

تۆرىلەتتى، تۆرەلمىدى ئۇ بىراق.

لەۋلىرىنى چىشلىگەنىدە يەر شارى
ئۇندۇرمىلەر گۈل قېتىدا تولغاندى.
ئالماشتۇرۇپ ئايىغىمنى كەتتىم مەن يىراق.

دولقۇنلايدۇ چەكسىز كەتكەن پىنسىلۋانىيە،①
يىراق، يېشىل چوققىلاردىن ئۆتىدۇ ھالقىپ
كۆك يايلىلىق شىرغا ئوخشاش ئېسىل ماي بوياق.

كاتالىڭ يوللار تولغىنىدۇ كۆلرەڭ سىياقتا:
ئېقىپ چىقار قارا ئۆڭكۈر ئاغزىدىن كۆمۈر
ئاچچىق - ئاچچىق قىنقاس سىلىپ چىرقىرار تۇپراق.

تۆرىلەتتى، تۆرەلمىدى ھەيھات، ئۇ بىراق.
كىچىككىنە گۈل - گىياھلار شۇقەدەر قەيسەر،
بىلەلمىدىم، يېرىلىدۇ يەر شارى قاچان،
بىلەي دەيمەن ناتىۋانلار ياشايدۇ قانداق؛

بىر پەتەكنى ئۇچراتتىم پىنسىلۋانىيىدە،
ئەمەس چىقتى، ئەپسۇس رىمبورىسىدىكى. . .
شېرىن سۆيگۈ لەززىتىگە ئۇ بوپتۇ مۇشتاق.

① پىنسىلۋانىيە تاغ تىزمىسى.

قايتىپ كەلدىم ماكانىمغا، ئاسمان بەك تىنىق،
سۈزۈك ھاۋا ئوخشار گويا داغدام روجەككە.
يوللار تۈپتۈز، پاياندازدەك سىلىق ۋە يۇمشاق.

تۆرىلەتتى، تۆرەلمىدى، ھەيران ئۇ بىراق.
شۇنداق،
بىلسەك ئاياللارنىڭ بۇ مەنتىقىسى
ئېلىپ كېلەر بەدەلسىز بىر زەخمەتنى ھەرۋاق،
كۆڭلىڭىزدە سىزمۇ بەلكىم ئويلايسىز مۇنداق -
قورقىسەن، دەپ. . .
مەن تاشلىدىم راستتىن بىر بوۋاق.

سىلۋىيە پىلاس (ئامېرىكا)

## كۆڭۈلدىكى گەپ

ئورمانلارنى كەسكەندە پالتا
دالىلاردا چاپقاندەك ئاتلار
يىراقلارغا تارايدۇ سادا

دۈبۈرقايلار مېنىڭ كۆز يېشىم
ئېقىپ - ئېقىپ تۆكىدى
ئۆيۈپ قالدى شۇنچە خاتىرجەم
ئەينەكسىمان
كۆرۈنەر ئۇندا كۆڭلۈمدىكى تاش
دومىلاپ چۈشسە
مۇميا بولۇپ قالىدۇ باشلار
يېشىل چۆپلەر قىلار ئۇنى يەم
يىللار ئۆتۈپ
يول بويىدا ئۇچراتسام ئۇنى
تىلىم تۇتۇلار، چەۋەنداز غايىب
تاراسلاپ ئاڭلىنار تۇياقلار ئۇنى
تىنىق كۆلنىڭ تەكتىدە
جىمىرلىغان يۇلتۇزلار تويى
كۆرسىتىدۇ ھايات ئەكسىنى.

### چەت

كەمتۈكسىز ساھىبجامال ئىدى ئۇ.
ئۆلگەن تېنىدە
جىلۋىلىنەر زەپەر كۈلكىسى،
يەلپۈنۈپ تۇرغان ئېتەكلىرىدە
يۇناننىڭ خىيالى تراگېدىيىسى.
سۆزلەيدۇ

يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى ئۇنىڭ:
يىراقلاپ كەتتۇق، ئەمدى ئىش تامام.

ئۆلگەن ھەر بالا ئاپئاق يىلاندەك
تولغىنىپ ياتار كىچىككىنە شۇ

بوش قالغان سۈت بوتۇلكىسىدا.
ساھىبجامال ئالدى ئۇلارنى
قوينىغا، گويا
قىزىل گۈل بەرگىنى يۇمۇۋالغاندەك.

مۇزلىغاندا باغ، ئۆلۈم نۇرلىرى
چوقچۇر بوغۇزدىن يامرىدى بالدەك.

ھەسرىتى يوق ھېچ تولۇن ئاينىڭ
ئاق رومال ئاستىدىن تۇرار ئۇ قاراپ،

كۆنۈپ كەتتى بۇ ئىشلارغا ئۇ،
قارا كۆڭلەك سۆرۈلۈپ ئۇنلەر پالاقلاپ.

H• دۇلىتېر (ئامېرىكا)

## سېنى سۆيمەيمەن

سېنى سۆيمەيدۇ
شامالالار قايتا،
يامغۇرلارمۇ ھەم.
كۆرەلمەيمىز شۇنچە ئۇز
چاقناشلىرىڭنى
شامالالار ئىچىدە، قارلار ئەكسىدە.

ئېرىپ - ئېرىپ قار
كېتىدۇ يوقاپ،
سەنمۇ ئۆچۈپ كېتىسەن ئۇزاپ.

قولىمىزدىن ئۇچقان قۇرغۇيدەك
قەلبىمىزدىن ئۆچكەن نۇرلاردەك
كەلمەيسەن يېنىپ.

**لەيۇنتوۋ (ئامېرىكا)**

## يېگانە ئادەم

قان رەڭگىدە پاتقان كۈن
يېيىپ قويار سىرلىق بىر ئاتنى
سوۋۇمايدۇ
نۇرلاردىكى ھارارەت
قونالغۇ ئىزدەشكە بار تېخى پۇرسەت
قونغاندا ئاي ئۇپۇق لېۋىگە

ئاستا تېگىرقاپ
شولىلىرى ئۆچەر تامامەن
تۇرمايدۇ چاقناپ
تەڭرىنىڭ ئىشلىرى شۇنداق
ئەۋلىيالارمۇ
قەھرىمانلارمۇ شۇنداق

**ئاننا ئاندرىيېۋنا ئاخماتوۋا (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى**

## ئىككى لىرىكا

1

ياستۇقۇمنىڭ ئۈستى ھەم ئاستى
قىزىپ كەتتى ئوت بولۇپ گويا.
ئىككىنچى تال شاممۇ پىلىلداپ
ئۆچەي - ئۆچەي دەپ قالدى مانا،
شۇنچە ئېنىق قاقىلدار قاغا.
ئۇيقۇم قاچتى كېچىدىن خويمۇ،
ئۇخلاي دېسەم ئۇيقۇ يوق ئەمما. . .
كۆز چاقنىتىپ سۈت رەڭلىك پەردە
سۇزۇلمەكتە دېرىزەم بۇندا.

2

يەنە شۇ كۆز، يەنە شۇ ئاۋاز،
قوڭغۇر چاچلار تۇرار يەلپۈنۈپ.
ئۆز پېتىچە تۇرۇپتۇ ھەممە
ئېغىر يىللار كەتسىمۇ ئۆتۈپ.
دېرىزەمدىن تۆكۈلگەن شولا
تۆت تېمىمنى قىلدى جىلۋىدار. . .
ئاق سەبدە گۈل چاچىدۇ ئەمبەر،
سېنىڭ سۆزۈڭ شۇنچە شېرىن، يار.

### قۇياش تەپتى ئۆچتى دىللاردىن

قۇياش تەپتى ئۆچتى دىللاردىن،
سارغايماقتا ياۋا گىياھلار.
سوغۇق شامال ئۆتمەكتە يەلپۈپ،
چۈشەر لەيلەپ دەسلەپكى ئاق قار.

تار ئېقىنلار مۇزلىدى تامام،
دولقۇنلىنىپ ئاقمايدۇ ئەمدى.
بۇندا مەڭگۈ بولمايدۇ ھېچ ئىش،
قىرلار چېچەك تاقمايدۇ ئەمدى.

ئاق دالىدا يالغۇز بىر سۆگەت،
پېچىرلىشىپ تۇرار كۆك بىلەن.
شۈكرى دەيمەن ھېلىمۇ مىڭ رەت،
ساڭا خوتۇن بوپ قالماپتىمەن.

قۇياش تەپتى ئۆچتى دىللاردىن،
ئېيتقىن، تۇنمۇ؟ نېمە ئۇ ئەسلى.
ئۆتۈپ كەتسە يەنە بىر كېچە،
بەلكىم يېتىپ كېلەر قىش پەسلى.

سودىگىران (فىنلاندىيە)

# سوۋۇماقتا كۆندۈز...

1

سوۋۇماقتا زاۋالدا كۆندۈز...
قولىلىرىمدىن ئىزدە هارارەت،
ئۇندا باهار تىنىقى ئاتەش.
باغرىڭغا ئال بىلەكلىرىمنى،
سۆزلەيدۇ ئۇ تىلەكلىرىمنى.
تەنلەر ئارا قۇترايدۇ تۇيغۇ،
قۇچىقىمغا تاشلا بېشىڭنى،
نەقەدەر ئۇز، سۆيۈملۈك بۇ كەچ.

2

ئوتقاش كەبى سۆيگۈ گۈلۈڭنى
تاشلىدىڭ پاك ماھۇق باغرىمغا.
قۇرۇپ كەتتى بىر پەستىلا ئۇ،
ئالسام ئاتەش ئالىقانلىرىمغا.
كۆزۈڭ مۇزدەك تۇرسىمۇ چاقناپ،
گۈلتاجىڭنى ئالدىم ئاۋايلاپ.
نە ئۇچۇندۇر بېشىم بىردىنلا
كۆكسۈم تامان چۈشتى ساڭگىلاپ...

3

ۋىسالىڭغا يەتتىم مەن ئاخىر،
تونۇۋالدىم ئۇنىڭ تۇرقىنى.
ئاق بىلىكىم ئۇنىڭ ئىلكىدە،
نازاكەتلىك شوخ كۆلكەم قېنى؟
مەغرۇر ئىدىم، هۆرلۈكۈم قېنى؟
ئەسىر ئاڭا تىترەك تەنلىرىم،
قۇلىقىمدا رەھىمسىز سادا
يەكسان ئەيلەپ زەئىپ چۈشۈمنى
يۇپۇرۇلۇپ كېلىدۇ ماڭا.

4


چېچەك ئىزدىدىڭ
يەتتىڭ ئانارغا؛
بۇلاق ئىزدىدىڭ
يەتتىڭ دەرياغا؛
يەتمەكچى ئىدىڭ
گۈلى رەناغا،
بىر روھنى تاپتىڭ ـ
قالدىڭ بالاغا

# كەچكۈز

ئورمانلارنىڭ ئالتۇن رەڭگىدە
چايقىلىدۇ سۇزۇك كۈز پەسلى...
ئۇ جىلمىيىپ باقار ئالەمگە.
چۈشلىرىڭدە نە ئارزۇ ـ نە دەرد،
خالىمايسەن ياكى خىيابان.
كۆمۈلسەن گۈل ـ چېچەكلەرگە،
ئۇخلاپ ياتساڭ، ياستۇق يېنىدا
ئوتقاشتەك مەي، بىر دەستە رەيهان...
كۈز كۆڭلىرى ئۆڭدى تىلەكلەر،
سورۇپ كەتتى ئۇنىڭ قوللىرى.
چۈشلىرىدە كۆرمەكتە ئەمدى،
تۆكۈلگەننى كۈمۈش گۈللىرى.

# يۇلتۇزلۇق كېچە

بىهۇدىدۇر ئۇزاق كۈتۈشلەر،
بىهۇدىدۇر چەككەن دەرد ـ پىغان،
گويا سېنىڭ كۆلكەڭگە ئوخشاش
مەنىسىزدۇر بۇ زەئىپ جاهان.
تۆكۈلمەكتە مۇزدەك يۇلتۇزلار،
كېچە تىمتاس، كېچە مۇقەددەس،
چۈش قوينىدا جىلمىيار سۆيگۈ،
سۆيگۈ ئىزلەر چاقناشنى مەڭگۈ...
بىهۇدىدۇر قورقۇپ يۇرۇشلەر،
بىهۇدىدۇر چەككەن دەرد ـ پىغان،
شۇنچە پۇچەك، مەنىسىز جاهان،
ئەبەدىيلىك ئۈزۈكلىرىگە
سۆيگۈ بارمىقى كىرمەكتە هامان.



# بۇرۇقتۇرمىلىقتىن ئازادلىققىچە

ئوشو (ھىندىستان)

ئادىل تۆنىياز تەرجىمىسى

بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى كۈن تېخى چىقمىغان چاغدا بىر بېلىقچى دەريا بويىغا كەلدى. قىرغاقتا نېمىدۇر بىرنېمە پۇتىغا پۇتلىشىقاندەك بولدى، سىلاشتۇرۇپ باقسا ئۇ بىر خالتا تاش ئىكەن. ئۇ خالتىنى ئېلىپ، بېلىق تۇتىدىغان تورنى بىر يانغا قويۇپ، قاشتا كۈننىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. تاڭ يورۇسىلا ئۇ بىر كۈنلۈك ئىش - ئوقىتىنى باشلىۋەتكەن بولاتتى. ئۇ مەقسەتسىز ھالدا خالتىدىن بىر تاشنى ئېلىپ سۇغا تاشلىدى، ئاندىن يەنە بىرنى تاشلىدى، قىلغۇدەك باشقا ئىشى بولمىغاچقا خالتىدىكى تاشلارنى بىر - بىرلەپ سۇغا تاشلاۋەردى. ئاستا - ئاستا قۇياش كۆتۈرۈلۈپ، زېمىن نۇرغا چۆمۈلدى. بۇ چاغدا ئۇ قولىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر تال تاشتىن باشقا خالتىدىكى ھەممە تاشنى سۇغا تاشلىۋېتىپ بولغانىدى. ئۇ كۈن نۇرىدا قولىدىكى نەرسىگە قاراپ يۈرىكى توختاپ قالغاندەك بولدى. چۈنكى قولىدىكىسى بىر تال گۆھەر ئىدى! قاراڭغۇدا ئۇ بىر خالتا گۆھەرنىڭ ھەممىسىنى دەرياغا تاشلىۋەتكەنىدى! ئۇنىڭ بىخۇدلۇقتا تارتقان زىيىنى قانداق زور - ھە! ئۇ پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي، ئۆزىنى تىللاپ - قارغاپ كېتىپتۇ، يىغلاپ - قاقشاپ خۇدىنى يوقىتىپ قويايلا دەپ قاپتۇ.

تاسادىپىي قولغا چۈشكەن بۇ بايلىق ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر كەڭ - تاشا يېتەتتى. لېكىن ئۇ بىخۇدلۇقتا، قاراڭغۇلۇقتا بۇنى قولدىن چىقىرىپ قويدى. لېكىن مەلۇم جەھەتتە ئۇنى يەنە تەلەيلىك دېيىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قولىدا بىر تال گۆھەر ئېشىپ قالدى. بۇ گۆھەرنى تاشلىۋەتكىچە تاڭ يورۇپ كەتتى. ئادەتتە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ مۇشۇنچىلىكمۇ تەلىيى يوق.

ئەتراپ قاپقاراڭغۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقىت بەك تېز ئۆتىدۇ، قۇياش تېخى كۆتۈرۈلمەستىنلا بىز پۈتكۈل ھايات گۆھەرلىرىمىزنى زايە قىلىۋېتىپ بولىمىز. ھايات - چوڭ بىر خەزىنە، ئىنسانىيەت ئۇنىڭدىن ئوبدانراق پايدىلانماستىن بىكارغا ئىسراپ قىلماقتا، بىز ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتكەن ۋاقتىمىزدا، ئۆمرىمىز ئاللىقاچان بىر يەرگە بېرىپ قالغان، تۇرمۇشنىڭ سىرى، ئاجايىباتلىرى، راھىتى، ئازادلىقى، جەننىتى - ھەممە نەرسە ئاللىقاچان تاشلىۋېتىلگەن بولىدۇ. ئادەمنىڭ ئۆمرى مانا شۇنداق ئۆتۈپ كېتىدۇ.

كېيىنكى بىرنەچچە كۈندە ھاياتنىڭ جاۋاھىرلىرى ھەققىدە سۆزلىمەكچىمەن، بىراق ھاياتقا بىر خالتا تاش قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن ئۇلارنى پارلىتىش ئاسان ئەمەس. مۇبادا سىز ئۇلارنىڭ تاشلىۋەتكىنىنىڭ تاش ئەمەس گۆھەر ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ قويسىڭىز، سۆزىڭىزنىڭ توغرا بولمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەخمىقانىلىقى

ئاشكارىلىنىپ قالغىنى ئۈچۈن، ئوغىسى قايناپ، قەھر - غەزەپكە كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ يوقاتقان نەرسىسى ئېسىگە سېلىنغاچقا ئۆزلۈكى ئارىلىشىۋېلىپ، خاپا بولۇشقا باشلايدۇ.

گەرچە، بۇرۇن يوقاتقىنىڭىز ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھاياتىڭىزنىڭ ئېشىپ قالغان قىسمى بەك قىسقا، پەقەت بىر تاللا گۆھەر قالغان بولسىمۇ، ھاياتىڭىزنى يەنىلا قۇتقۇزۇۋالغىلى بولىدۇ. ئۆگىنىش كېچىكىپ قېلىش بىلەن مۇناسىۋەتسىز. ئۇنىڭ قۇتقۇزۇلۇش ئىمكانىيىتى يەنىلا مەۋجۇت. بولۇپمۇ ھەقىقەت ئىزدەش جەھەتتە ئۇ ئەزەلدىن كېچىكىپ كەتكەن بولمايدۇ، ئۇنىڭ يەنىلا سىزنى ئۆزىڭىزگە ئىشەندۈرەلىگۈدەك ئاساسى بار.

بىراق، بىز نادانلىقىمىزدىن، قاراڭغۇلۇقتا قالغانلىقىمىزدىن ھايات خورجىنىمىزغا توشقىنى گۆھەر ئەمەس، ساپلا تاش دەپ ئويلايمىز ھەم شۇنداق بولۇشى كېرەك دەپ قارايمىز. بىزدە جاسارەت كەم بولغاچقا ھەرقاچان ھەقىقەت ئىزدەش يولىدا تىرىشىشتىن ئاۋۋال مەغلۇبىيەتنى قوبۇل قىلىمىز.

گەپنىڭ بىسمىللاسىدىلا مەن تەقدىرچىلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالغانلارغا قارشى ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەكچىمەن، جەزمەن مەغلۇپ بولىمەن دەپ قارايدىغانلارنى ئاگاھلاندۇرماقچىمەن. ھايات بىر دۆۋە قۇم - شېغىل ئەمەس، ناۋادا سەن لىللا كۆز بىلەن قارايدىغان بولساڭ، ھاياتتا نۇرغۇن ياخشى نەرسىلەر بار، ھەتتا سەن ھاياتلىقتىن ئىلاھنىڭ قېشىغا يەتكۈزىدىغان شوتىنى تاپالايسەن.

قان، گۆش ۋە سۆڭەكتىن تەركىب تاپقان بۇ بەدەندە بۇ نەرسىلەردىن ھالقىپ كەتكەن مەلۇم نەرسە ۋە مەلۇم زات بار، ئۇ قان، گۆش ۋە ئۇستىخان بىلەن مۇناسىۋەتسىز، ئۇ مەڭگۈلۈك، ئۇنىڭ باش - ئاخىرى يوق، شەكىلگە ئىگە ئەمەس، ئۇ ھەر بىرىمىزنىڭ مەركىزىدە، مەن ھەرقايسىڭلارنىڭ ناتونۇش قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئاشۇ ئەبەدىيلىك ئوت يالقۇنىغا ئىنتىزار بولۇشۇڭلارنى تەشەببۇس قىلىمەن.

بىراق، ئۇ ئۆچمەس ئوت يالقۇنى چىركىن ئىس - تۈتەكلەر ئارىسىدا، شۇڭا بىز نۇرنى كۆرۈشكە ئامالسىز. بىز تۈتەككە دۇچ كەلگەن ھامان ئارقىغا قايتىمىز. جەسۇرراق كىشىلەر ئازراق ئالغا ئىنتىلىپ باقىدۇيۇ، ئىس - تۈتەكلەر ئارىسىدا قېلىپ ئوت يالقۇنىغا يېتىپ بارالمايدۇ، نۇر چېچىپ تۇرغان مەنبەگە يېتەلمەيدۇ.

بىز قانداق قىلغاندا بۇ سەپەردە ئىس - تۈتەكتىن ھالقىپ يالقۇنلار ئىچىگە، تەندىكى شەكىلسىز مەنىگە يېتىپ بارالايمىز؟ قانداق قىلغاندا گىگانت مەنىگە ئايلىنىپ، ئالەملىككە ئىگە بولالايمىز؟ بىز قانداق قىلغاندا تەبىئەت ئوراپ تۇرغان، تەبىئەتنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان نەرسىنى بىلەلەيمىز؟ مەن ئۇنى ئۈچ باسقۇچ بويىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغىنىم بىز بىر تەرەپلىمە، كۆپتۈرمە قاراشلار ۋە ساختا پەلسەپىلەر بىلەن ئۆزىمىزنى تونجۇقتۇرۇپ قويدۇق، بۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئاشكارا ھەقىقەتلەرنى كۆرۈش ئىقتىدارىمىزنى يوقاتتۇق. بىلىشكە، ئىزدىنىشكە، ھەرقانداق قىزىقىشقا ئورۇن قالدۇرماي، ھايات ھەققىدىكى بۇرۇنلا بار بولغان تەييار قىياسلارغا ھەييار بولۇۋالدۇق. نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى بىزگە ھايات دېگەن مەنىسىز، كېرەكسىز، ئازاب - ئوقۇبەتلىك دەپ ۋەز ئېيتىلىپ كەلدى، بىز غەپلەتتە قېلىپ، بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىز ئەھمىيەتسىز، مەقسەتسىز، غەم - قايغۇغا تولغان دېگەنلەرگە ئىشەندۈرۈلدۇق، ھاياتقا پەرۋاسىز قاراپ ھاياتتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرماقچى بولدۇق. بۇ خىل ئىدىيىلەر تولا ئەزۋەيلىنىپ، كېلىمىزنى بارغانسېرى چىڭ سىقىپ، بىزنى تونجۇقتۇرۇپ قويۇشقا ئازلا قالدى، شۇڭا بىز ھاياتنى ھازىر غەلۋە - غوۋغا، دىشۋارچىلىق، رىيازەت بىلەن تولغان كۆھنىقاپ دەپ ھېس قىلىدىغان بولدۇق.

ھاياتنى بۇنداق كەمسىتىش ئادەمنى كۆڭۈل ئازادىلىكى ۋە مۇھەببەتتىن مەھرۇم قىلدى، ئادەم بىر دۆۋە تۇترۇقسىز نەرسىگە، قايغۇ ۋە بىسەرەمجانلىق بىلەن تولغان دېڭىزغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ خاتا كۆزقاراشلار تۈپەيلى ئادەملەر خېلى بۇرۇنلا ئۆزى ھەققىدە ئويلانماس بولۇپ قالدى. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق، نېمە ئۈچۈن ئادەم مەينەت بىر دۆۋە ئىچىدىن گۈزەللىك ئىزدەيدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەم ھاياتنىڭ قەدىرلىگۈچىلىكى يوقلۇقىغا بۇنداق چىن پۈتكەن، ئۇنى بۇنداق رەت

قىلغانلىكەن، يەنە بىرىپ ئۇنى ئىتىراپ قىلىشنىڭ، پاكلىنىشنىڭ، گۈزەللەشتۈرۈشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ جىمى تىرىشچانلىقلىرى گويا بىھۇدە ئىشتەكلا.

بىز ھاياتقا پويىز ئىستانسىسىدىكى يولۇچىنىڭ ۋوگزالغا تۇتقان مۇئامىلىسىنى تۇتۇۋاتىمىز، يولۇچى ئۆزىنىڭ ئۇ يەردە بىردەمغىنا تۇرۇپ، ھايال بولماي كېتىدىغىنىنى بىلىدۇ، شۇڭا ۋوگزال ئۇنىڭغا ھېچقانچە مۇھىم ئەمەس. ئۇ پۇتۇنلەي ئىتىبارغا ئېلىنمايدىغان، قىممەتسىز بولغاچقا قالايمىقان قەغەز پارچىلىرىنى تاشلاپ، تۈكۈرۈپ، مەينەت قىلىپ ئاياپمۇ قويمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئويلىشىپ ئولتۇرمايدۇ، چۈنكى ئۇ بەرىبىر كېتىدۇ - دە. ئوخشاشلا بىز ھاياتلىقنى بىر ۋاقىتلىق قونالغۇ قاتارىدا كۆرۈۋاتىمىز.

كۆز ئالدىمىزدىكى بىر يۈزلىنىش - بىز نېمە ئۈچۈن ھاياتتا ھەقىقەت ۋە گۈزەللىك ئىزدەيمىز دەپ سورىماقتا، بۇ يەردە تەكىتلىمەكچى بولغىنىم ھايات بىر مۇۋاپىق پەيتتە ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ بارىدۇ، ئاندىن ئادەممۇ ھاياتلىق سۇبىستانسىيىسىگە يۈزلىنىشى كېرەك، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىنى ئۆزگەرتەلەيمىز، بەدىنىمىزنى ئۆزگەرتەلەيمىز. بىراق ھاياتنىڭ ماھىيىتى يەنىلا بىزگە ئەگىشىدۇ، مانا بۇ ئەزەلىيلىكتۇر، بۇ ئەزەلىيلىكنى يوق قىلىۋېتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

بىز ئۆزىمىزنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىگە يارىشا شەكىللىنىمىز، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتقاندا، بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز بىزنى يارىتىدۇ ياكى بەربات قىلىدۇ، ئۇ بىزنىڭ ھاياتىمىزنى ئۆزگەرتىدۇ، ھاياتىمىزنى شەكىللەندۈرىدۇ، روھىمىزنى يارىتىدۇ. بىزنىڭ قانداق ياشىغانلىقىمىز، ھاياتتا نېمىلەرنى قىلغانلىقىمىز كەلگۈسىمىزنى شەكىللەندۈرىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ھاياتقا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئۇنىڭ روھىغا يول باشلاپ ماڭىدۇ، روھنىڭ قانداق قانات يېيىشى، نېمىنى ئايان قىلىدىغانلىقى ھازىرغا قەدەر بىر سىر. بىر ئادەم ھاياتقا تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ كەلگۈسىنى يارىتىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتەلىسە ئىدى، ھايات تەڭشەلمىگەن، ھايات كېرەكسىز، ئەھمىيەتسىز دېگەن بۇ پاسسىپ كۆزقاراشنى دەرھال تەرك ئەتكەن بولاتتى ھەم پۇتكۈل مەۋجۇدىيەت ئازاب - ئوقۇبەتكە تولغان، دېگەن قاراشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئېھتىمال ھاياتلىققا قارشى بارلىق ئىشنىڭ دىنغا قارشى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىۋالغان بولاتتى.

بىراق بىز باشقىلار تەرىپىدىن دىنىنىڭ نامىدا ھاياتنى ئىنكار قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەندۇق، دىنىي پەلسەپىلەر ھاياتلىقنى ئەمەس، ئىنجىل تۇردە ئۆلۈمنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. دىن - دۇنياغا كېلىش مۇھىم، بىراق ئۆلۈشتىن بۇرۇن يۈز بەرگەن ئىشلار ئۇنچە مۇھىم ئەمەس دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ، تا ھازىرغىچە دىن ھاياتلىققا ئەمەس، ئۆلۈمگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ، ھاياتلىق غۇنچىسى ۋە مېۋىسىنىڭ خۇشال - خۇرام قوبۇل قىلىنغانلىقىنى ھېچ يەردىن كۆرگىلى بولمايدۇ، ھەممىلا ئادەم ئۆلۈم چېچەكنى چىلىك تۇتۇۋالغان، ھاياتىمىز بولسا ئۆلۈم گۈللىرىنىڭ قەبرىسىگە ئوقۇلغان مەدھىيەدۇر!

دىنىي پىكىرلەر باشتىن - ئاخىرى ئۆلۈمنىڭ ئۇ تەرىپىگە مەركەزلەشكەن، خۇددى ئۆلۈشتىن بۇرۇنقى ئىشلارغا ئەسلا كۆڭۈلشىمەيدىغاندەك، جەننەت، نىرۋانا، مولشا (ئازادلىق) قاتارلىقلارغىلا مەركەزلەشكەن. قېنى، مەن بىر سوراپ باقاي، سىز ھايات ۋاقتىڭىزدا ئوبدانراق ياشىمىسىڭىز، ئۆلگەندىن كېيىنكى ئىشلارغا قانداق جاۋاب قىلىسىز؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس! ئەگەر بىز ھايات چاغدا بۇ يەردىكى ئىشلىرىمىزنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلالمىساق، ئۆلۈمدىن كېيىنكى ئىشلارغا مەڭگۈ تەييارلىقىمىز پۈتمەيدۇ ھەم ئۆلگەندىن كېيىنمۇ لاياقەتلىك بولالمايمىز. بىر ئادەم ئۆلۈمنىڭ تەييارلىقىنى تىرىكلىكىدە پۈتتۈرۈپ بولۇشى كېرەك! ئەگەر يەنە بىر دۇنيا بار دېيىلسە، ئۇ يەردە ئۇچرىتىدىغىنىمىزمۇ بۇ يەردە بىر ئۆمۈر بېشىمىزدىن كەچۈرگەن ئىشلار، ئۇ چاغدا بۇ ھاياتلىقتىكى ئىشلارنى تەرك ئېتىمىز دېمۇ تەرك ئېتىپ بولالمايمىز، ئۇنىڭ ئاسارەتلىرىدىن ئەلتۈكۈس قۇتۇلۇپ كېتەلمەيمىز.

مەن ھاياتتىن ئۆزگە ئىلاھ يوق دەيمەن، مەن يەنە ھاياتنى سۆيۈشنى شەخسنىڭ دىنى

ئەمەلگە ئاشقانلىق، ئىلاھىيلىق يولىغا كىرگەنلىك دەپ قارايمەن. ھەقىقىي دىن بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشقا ئۆزىنى ئېچىۋېتىشىدۇر. تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئاخىرقى ھەقىقەت - پۈتۈنلەي ئازاد بولۇپ، سائادەت يولىغا قەدەم قويۇشتۇر. ئەگەر بىر ئادەم ھاياتنى قولدىن بېرىپ قويسا، ئۇ جەزمەن باشقا بارلىق ئىشلارنىمۇ قولدىن بېرىپ قويىدۇ. سىز قانداق قىلغاندا مۇۋاپىق شەكىل بىلەن ياشىغىلى بولىدىغانلىقىنى تاپالىسىڭىزلا، تۇرمۇش سىزگە چەكسىز ھوزۇر ئېلىپ كېلىدۇ.

مەن دىننى تۇرمۇشنىڭ سەنئىتى دەپ ئاتايمەن. دىن تۇرمۇشقا تەخسىرەت يەتكۈزىدىغان يول ئەمەس، ئۇ مەۋجۇدىيەتنىڭ سىرىنى چوڭقۇر كولايدىغان ۋاستە، دىن تۇرمۇش بىلەن قارشى ئەمەس، ئۇ ساپ دىللىق بىلەن تۇرمۇشقا يۈزلىنىش؛ دىن تۇرمۇشتىن قېچىش ئەمەس، ئۇ بارلىقى بىلەن تۇرمۇشنى قوچۇش، ئۇ تۇرمۇشنىڭ تولۇق روياپقا چىقىشى.

بۇ ئاساسىي كۆزقاراشلارنىڭ خاتا يەكۈنى تۆپەيلىدىن بۇ كۈنلەردە پەقەت چوڭ ياشلىق كىشىلەرلا دىنغا بولغان قىزىقىشىنى نامايان قىلماقتا. ئىلاھنىڭ يېرىدە - بۇتخانىدا، دىنىي جەمئىيەتتە، پىر - ئۇستازلارنىڭ تۇرالغۇسىدا، مەسچىتلەردە پەقەت قېرىلارنىلا كۆرىسىز، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇنىڭ بىرلا چۈشەندۈرۈشى بار: بىزنىڭ دىنلىرىمىز ئاللىقاچان چوڭ ياشلىق كىشىلەرنىڭ دىنىغا ئايلىنىپ قالغان، ئۇ ئۆلۈمدىن قورقىدىغانلارغىلا مەۋجۇت، ئۇ ئاشۇ ھاياتنىڭ پەللىسىگە يېقىنلاپ قالغانلارغا، ئۆلگەندىن كېيىن قانداق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلمەي، ساراسىمىدە قالغانلارغا مەۋجۇت.

بۇ ئەھۋاللارنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە مېنىڭ مۇتائىلە قىلماقچى بولغىنىم تۇرمۇشنىڭ دىنى، تىرىك ئېتىقادنىڭ دىنى ھەم بىر قىسىم ئادەتتىكى كىشىلەر ئەزەلدىن قىزىشقا رىغبەتلەندۈرۈلمىگەن، تىلغا ئېلىنىپ باقمىغان ئاساسىي پرىنسىپلار.

ئادەتتىكى ئادەمنى قوزغىتىدىغان ئاساسىي كۈچ نېمە؟

خۇدا؟

ياق.

روھ؟

ياق.

ھەقىقەت؟

ياق.

ئادەمنى ئادەم قىلىپ تۇرۇۋاتقان مەركەز قايسى؟ ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ - ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ھاياتىدىكى، ئەزەلدىن ئىستىقامەت مەشىقى ئېلىپ بارمىغان، ئۆز روھىنى ئىزدەپ باقمىغان، ئەزەلدىن ھەرقانداق دىنىي يولغا قەدەم باسمىغان ئادەملەرنىڭ ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈر-گۈچ كۈچى قايسى؟

تەقدىم قىلىش؟

ياق.

ئىبادەت؟

ياق.

ئازدلىق؟

ياق.

نىرۋانا؟

تېخىمۇ ئەمەس.

ئەگەر بىز ئادەتتىكى ئادەملەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئاساسلىق كۈچنى ئىزدىسەك، ھاياتنىڭ كەينىدىكى كۈچنى ئىزدىسەك بىزنىڭ بايقايدىغىنىمىز تەقدىم قىلىشمۇ ئەمەس، خۇدامۇ ئەمەس، ئىبادەتمۇ ئەمەس ھەم بىلىم تەشنالىقىمۇ ئەمەس. بىزنىڭ بايقايدىغىنىمىز ئوخشىمايدىغان بىر نەرسە - قاراڭغۇلۇقتا بېسىلىپ تۇرغان نەرسە، ئەزەلدىن سەگەك ھالەتكە يۈزلىنىپ باقمىغان نەرسە، ئەزەلدىن دەڭسەپ بېقىلمىغان نەرسە، ئۇ زادى نېمە؟ ئەگەر سىز ئادەتتىكى ئادەمنىڭ قات - قېتىنى يېرىپ، تەھلىل قىلىپ باقسىڭىز نېمىنى بايقايسىز؟

ۋاقىتنىچە ئادەمنى بىر ياققا قويۇپ، ھايۋاناتلار دۇنياسى بىلەن ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىغا قارايدىغان بولساق، ھەربىر نەرسىنىڭ مەركىزىدىن نېمىنى تېپىپ چىقالايمىز؟ ئەگەر بىر تۈپ ئۆسۈملۈكنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ باقساق، نېمىنى تېپىپ چىقالايمىز؟ ئۇنىڭ ئۆسۈش نىشانى نە؟ ئۇنىڭ پۈتۈن ئېنېرگىيىسى يېڭى بىر ئۇرۇق يارىتىشقا قارىتىلغان. قۇشلار نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ ھايۋاناتلار نېمە قىلىۋاتىدۇ؟

ئەگەر بىز تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھەرىكىتىنى يېقىندىن كۆزىتىدىغان بولساق، بىز بىرلا جەرياننى، پۈتۈن كۈچ ۋە ئىشتىياق بىلەن يۇرۇشۇۋاتقان بىر جەرياننى بايقايمىز، ئۇ بولسىمۇ ئۈزلۈكسىز يارىتىش، كۆپىيىش، يېڭى ۋە ئوخشىمىغان ئۆزلۈك شەكىللىرىنى پەيدا قىلىش. گۈلنىڭمۇ، مېۋىنىڭمۇ ئۇرۇقى بار، ئۇرۇقنىڭ تەقدىرى قانداق؟ ئۇرۇقنىڭ تەقدىرى يېڭى بىر ئۆسۈملۈككە، يېڭى بىر گۈلگە، يېڭى بىر مېۋىگە، يېڭى بىر ئۇرۇققا ئايلىنىش، ئۆزىنى تەكرارلىغۇچى بۇ خىل دەۋرىيلىك، كۆپىيىش جەرياني ئەبەدىيلىكتۇر. ھايات ئۈزلۈكسىز ھالدا ئۆزىنى قايتا تۇغىدىغان كۈچ، ھايات بىر ياراتقۇچى قۇدرەت، ئۆزىنى يارىتىدىغان جەريان.

ئادەممۇ شۇنداق، ۋەھالەنكى، بىز ئۇشبۇ جەرياننىڭ ئىسمىنى «قىزغىنلىق» ياكى «جىنسىيەت» دەپ ئاتىۋالغان، بەزىدە ئۇنى «شەھۋەت» دەپمۇ ئاتىۋالىمىز. بۇ خىل ئاتاقلار تىللىغان بىلەن ئوخشاش، ئۇ كەلسە - كەلمەس ناملاش. بۇنداق تۆھمەتلەر ئاخىرقى ھېسابتا پۈتۈن كەيپىياتنى بۇلغىدى.

ئۇنداقتا شەھۋەت نېمە؟ قىزغىنلىق نېمە؟ جىنسىيەت دەپ ئات قويۇلغان كۈچ يەنە نېمە؟ ئەلمىساقتىن بېرى دېڭىز دولقۇنلىرى مەۋج ئۇرۇپ، دېڭىز قىشىغا ئۇرۇلىدۇ، بۇزغۇنلار كۆتۈرۈلۈپ چېچىلغاندىن كېيىن يەنە ئاقىدۇ، ئارقىدىنلا يەنە ئېتىلىپ كېلىدۇ، چاپچىپ، كۈرەش قىلىپ ئاندىن يېڭىۋاشتىن بۆلۈنۈپ ئاقىدۇ. ھاياتنىڭ توختاۋسىز ئىلگىرىلەپ، ئالغا ئېتىلىپ تۇرىدىغان ئىچكى قۇۋۋىتى بار، دېڭىز دولقۇنلىرىدا مەڭگۈ توختاپ قالمايدىغان بىر خىل كۈچ بار، بۇ مەڭگۈلۈك كۈچ يەنە ھايات ئېقىنىدىمۇ مەۋجۇت. ھاياتتىكى توختاۋسىز تىرىشچانلىق نېمىگە يەتمەكچى؟ ئۇنىڭ مەقسىتى نېمە؟ ئۇ ياخشىراق ئورۇنغا يېتىش ئىستىكىدۇر، تېخىمۇ يۈكسەك پەللىگە چىقىشقا بولغان قىزغىنلىقتۇر، بۇ مەڭگۈلۈك كۈچنىڭ كەينىدىكىسى دەل ھاياتلىق. ھاياتلىق تېخىمۇ ياخشى ھاياتلىققا، تېخىمۇ ياخشى مەۋجۇتلۇققا ئېرىشىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ.

ئىنسانىيەت يەر شارىدا مەيدانغا چىققىلى ئانچە ئۇزۇن بولمىدى. بۇنىڭ ئالدىدا ھايۋاناتلارلا بار ئىدى؛ ھايۋانات مەۋجۇت بولغان ۋاقىتمۇ ئانچە ئۇزۇن ئەمەس، ئۇنىڭ ئالدىدىكى بىر مەزگىلدە ھايۋانات بولمىغان، ئۆسۈملۈكلەرلا بولغان؛ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بۇ پىلانىتىدا مەۋجۇت بولغان ۋاقتىنىمۇ قەدىم - قەدىم زامانلاردا دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، بۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن پەقەتلا تاشلار، تاغلار، دەريالار ۋە دېڭىز - ئوكيانلار بولغان.

بۇ تاشلار، تاغلار، دەريالار ۋە دېڭىز - ئوكيانلار دۇنياسى يەنە نېمە كويدا؟ ئۇ ئۆسۈملۈك پەيدا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ، ئاستا - ئاستا، بارا - بارا ئۆسۈملۈكلەر پەيدا بولۇپ، ھاياتلىق كۈچى يېڭى بىر شەكىل بىلەن ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ، ئاندىن پۈتۈن يەر شارى ئۆسۈملۈككە قاپلىنىپ، ھاياتلىقنى توختاۋسىز ئالغا سىلجىتىدۇ، داۋاملىق كۆپىيىپ، داۋاملىق چېچەكلەپ مېۋە بېرىدۇ.

لېكىن، ئۆسۈملۈكلەرمۇ تىنچلانمايدۇ، ئۆزىدىن قانائەت تاپمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەيدەكچىلىك قىلغۇچى كۈچ تېخىمۇ يۈكسەك نەرسىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇلار ھايۋانات ۋە قۇش ئاپىرىدە قىلىشنى ئارزۇلايدۇ، ئاندىن ھايۋاناتلار ۋە قۇشلار ئاپىرىدە بولۇپ نۇرغۇن يىللار بۇ پىلانىتانى ئىگىلەپ تۇرىدۇ، ئۇ چاغدا تېخى ئادەمزات بارلىققا كەلمىگەن، بىراق ئادەم ھايۋاناتلارنىڭ ۋۇجۇدىدا پىنھان ئىدى، توسالغۇنى بۆسۈپ ئۆتۈپ تۇغۇلۇشقا تىرىشىۋاتاتتى، كېيىن پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە ئادەم پەيدا بولدى.

ھازىر ئادەملەرچۇ؟ ئادەم توختىماستىن يېڭى ھايات يارىتىشقا تىرىشىۋاتىدۇ، بىز بۇ خاھىشنى «جىنسىيەت» دەپ ئاتىۋالدۇق، بىز ئۇنى «قىزغىنلىق» ياكى «شەھۋانىيلىق» دەپ ئاتىۋالدۇق، «شەھۋانىيلىق» دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟ ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ يارىتىش، يېڭى جان يارىتىش. ھايات ئۆزىنىڭ ئاخىرلىششىنى خالىمايدۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا تېخىمۇ ياخشى ئادەمنى بارلىققا كەلتۈرۈش، تېخىمۇ يۈكسەك شەكىلدىكى ئۆزىنى يارىتىش ئىستىكى بولغىنى ئۈچۈنمۇ؟ ياكى ھاياتلىق ئادەمدىنمۇ ئالىي مەۋجۇتلۇقنى كۈتۈۋاتامدۇ؟ دانىشمەنلەردىن نىتزىدىن ئائۇروبىندوغىچە، پاتانجالىدىن روسسوغىچە ھەممىسىنىڭ قەلبىدە بىر ئارزۇ،

بىر چۈش چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى، ئۇ بولسىمۇ بىر ئەۋزەل ئادەمنى ياكى بىر كارامەت ئىگىسىنى كۆرۈش. ئۇلار قانداق قىلغاندا ئادەمدىنمۇ مۇپەسسەل يەنە بىر تۈرلۈك ئادەم ياكى مەۋجۇتلۇق يارالقىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدەنگەنىدى.

بىز كۆپىيىش كۈچىنى جان - جەھلىمىز بىلەن ئەيىبلەپ كېلىۋاتقانغا نەچچە مىڭ يىل بولۇپ قالدى. بىز ئۇنى قوبۇل قىلمىغاننىڭ ئۈستىگە پەس كۆرۈپ، خارلاپ كەلدۇق، ئۇ خۇددى يەردە يوقتەك، ھاياتتا ئۇنى سىغدۇرىدىغان ئورۇن يوقتەك، ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرغاندا ئۇنى ئويلاشماسلىق كېرەكتەك، باشتىن - ئاخىر ئۇنى يوشۇرۇپلا كەلدۇق. ئەسلىدە ئىشنىڭ ھەقىقىتى مۇنداق: بۇنىڭدىنمۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە يەنە بىر كۈچ يوق، ئۇ بىر لىللا ئورۇنغا ئېرىشىشى كېرەك، ئىنسانىيەت بۇنىڭ ئەكسىچە ئۇنى يوشۇرۇپ، كەمسىتىپ، ئۆزىنى قويۇپ بېرەلمەيۋاتىدۇ، ئۆزىنى قامال قىلغانسېرى بۇ بۇرۇقتۇرمىلىق كۈتكىنىنىڭ ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىۋاتىدۇ.

ۋېلىسپىت مىنىشنى ئۆگىنىۋاتقان بىر ئادەمنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى، يول ھەرقانچە كەڭ بولسىمۇ يولنىڭ چېتىدە بىر تاش تۇرغان بولسا، ۋېلىسپىتكە مىنگۈچى ئاشۇ تاشقا ئۇرۇلۇپ كېتەرمەنمىكىن دەپ قورقىدۇ، تاشقا ئۈتلىشىپ كېتىش ئېھتىماللىقى يۈزدە بىر پىرسەنت بولسىمۇ، ھەتتا كۆزى كور ئادەممۇ سەللىمازا ئۆتۈپ كېتەلەيدىغان ئۇ يەردە قورقۇش تۈپەيلى ۋېلىسپىت مىنگەن كىشى پەقەت تاشنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىلا ھېس قىلىدۇ، تاش ئۇنىڭ كاللىسىدا بارغانسېرى سۈرلۈكلىشىپ، بارغانسېرى يوغىناپ، يول غايىب بولىدۇ، تاش ئۇنى غەپلەتتە سۆرەپ ئۇنى غەرق قىلىۋېتىدۇ، ئاخىرىدا بېرىپ تاشقا ئۇرۇلىدۇ. ئۇ تاشقا ئۈتلىشىپ كەتمەي دەپ قانچە قىلغانسېرى قېرىشقاندەك تاشقا سوقۇلىدۇ.

يول شۇنچە كەڭ تۇرسا نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئېھتىماللىق يۈز بېرىدۇ؟

پسىخولوگ كون (Cone): ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ كاللىسى تەتۈر ئۈنۈم قانۇنىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ، دەيدۇ. بىز نېمىدىن ئېھتىيات قىلساق شۇنىڭغا ئۇرۇلۇپ كېتىمىز، چۈنكى بىز ئەنسىرىگەن نەرسە بىزنىڭ ئېڭىمىزنىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلىنىدۇ. ئۆتكەن بەش مىڭ يىلدا ئىنسانىيەت ئوخشاش ئۇسۇلدا ئۆزىنى جىنسىيەتتىن دالدىغا ئالماقچى بولدى، نەتىجىدە شۇ بولدىكى، جىنسىيەت ئوخشىمىغان شەكىللەر بىلەن ھەممە يەردە ئىنساننىڭ ئالدىنى توستى، تەتۈر ئۈنۈم قانۇنىيىتى ئىنسان روھىنى مەھكەم قامالىۋالدى.

ئەجەبا، سىز كاللىڭىزنىڭ سىز ساقلانماقچى بولغان نەرسە تەرىپىدىن غەپلەتتە قالدۇرۇلىدىغانلىقى ياكى تارتىپ كېتىلىدىغانلىقىغا زادىلا دىققەت قىلمىغانمۇ؟

بارلىق مەسئۇلىيەتنى جىنسىيەتكە قارشى تۇرۇش ھەققىدە ۋەز ئېيتىۋاتقان ئاشۇ كىشىلەر ئۈستىگە ئېلىش كېرەك، ئۇلار ئادەملەرنى جىنسىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا شۇقەدەر سەزگۈر قىلىۋەتتى، ئىنسانىيەت ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان ھەددىدىن زىيادە جىنسىي ئاڭنىڭ سەۋەبكارى خاتا تەلىماتلاردۇر.

بۈگۈنكى كۈندە ھەممىمىز جىنسىيەت ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالدۇق، نېمە ئۈچۈن بۇ تېمىدىن مۇنداق قاتتىق خۇدۇكسىرەيمىز؟ چۈنكى كىشىلەر جىنسىيەت ھەققىدە پاراڭلىشىش جىنسىي ئىستەكنى ئويغىتىپ قويىدۇ دەپ خاتا قىياس قىلغان. بۇ پۈتۈنلەي بولمىغۇر كۆزقاراش، جىنس بىلەن جىنسىي مۇددىئا ئوتتۇرىسىدا زور ئوخشىماسلىقلار بار، پەقەت ئەقىل - ئىدراك ۋە ساغلام قىياپەت بىلەن چىقىپ جىنسىيەت ھەققىدە سۆزلىشەلىگۈدەك جاسارەتكە ئىگە بولغاندىلا، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز جىنسىيەتنىڭ تىلسىمىدىن قۇتۇلىدۇ.

جىنسىيەتنىڭ ئوخشىمىغان قاتلاملىرىنى چۈشىنەلىگەن چاغدىلا، بىز جىنسىيەتتىن ھالقىيالايمىز. سىز كۆزىڭىزنى يۇمۇۋېلىپلا بۇ مەسىلىدىن قۇتۇلدۇم دېيەلمەيسىز، پەقەت ساراڭلارلا كۆزىنى يۇمۇۋېلىشنى دۈشمەننىڭ يوقالغانلىقى دەپ بىلىدۇ. قۇملۇقتىكى تۆگىقۇش شۇنداق ئويلايدۇ، تۆگىقۇش قۇمغا بېشىنى تىقىۋېلىپ، رەقىبى كۆرۈنمىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ

يەردە رەقىبىم يوق دەپ ئويلايدۇ. بۇنداق مەنتىقە تۈگىمىگۈشتا بولسا ئەپۇ قىلىنىشىقا بولىدۇ، لېكىن ئادەملەردىكىسىنى كەچۈرۈم قىلىنغۇدەك بولمايدۇ.

جىنسىيەت مەسىلىسىدە ئادەملەر تۈگىمىگۈشتىن ئاقىلانە ئىش قىلالىغىنى يوق، كۆزنى يۇمۇۋالساقلا، پەرۋا قىلمىساقلا جىنسىيەت يوقىلىدۇ دەپ قاراۋاتىدۇ. راستىنلا مۇشۇنداق مۆجىزە يۈز بەرگىنىدە ئىدى، ھايات تولىمۇ ئاسانلىشىپ كېتەتتى. بىراق كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، دېرىزە پەردىسى چۈشۈرۈۋېتىلگەن بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسە يوق بولۇپ كەتمەيدۇ. بۇنىڭ ئەتۇرسىچە ئۇ بىزنىڭ جىنسىيەتتىن قورقۇشىمىزنى ئىسپاتلايدۇ، ئۇنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى بىزنىڭ قارشىلىق كۈچىمىزدىنمۇ قۇدرەتلىك. بىز جىنسىيەتتىن غالىب كېلەلمەيدىغىنىمىزنى سەزگىنىمىز ئۈچۈن كۆزىمىزنى يۇمۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا قارىماس بولدۇق.

كۆزنى يۇمۇۋېلىش ئاجىزلىقنىڭ ئالامىتى، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۇنىڭدىن گۇناھ ھېس قىلىدۇ، ئادەم جىنسقا كۆز يۇمۇۋېلىپلا قالماستىن، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن ئىختىلاپ، توقۇنۇشلارغا پېتىپ قالدى. بۇنى ۋە جىنسقا قارشى ئۇرۇشنىڭ قورقۇنچلۇق نەتىجىسىنى ھەممە ئادەم بىلىپمۇ بولدى، بۇ يەردە بىر - بىرلەپ مىسالغا ئېلىپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. يۈزدە توقسەن سەككىز پىرسەنت پىسخىك كېسەللىكلەر ۋە نېرۋا كېسەللىكلىرىگە جىنسىي سىقىلىش سەۋەبچى، ئىستېرىيە ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچى ئاياللارنىڭ يۈزدە توقسەن توققۇز پىرسەنتى جىنسىي بىنورماللىقتىن بولغان. ھازىرقى زامان كىشىلىرىدىكى قورقۇنچ، گۇمان، تىتىلداش، جىددىيلىك ۋە سىقىلىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى جىنسىي ئىستەكنى بېسىشتۇر. ئادەم ئۆزىدە بار بولغان بىر قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى ئىنكار قىلدى، بىز قورقۇش تۈپەيلىدىن كۆزىمىزنى يۇمۇۋېلىپ، جىنسنى چۈشىنىشكە ئۇرۇنۇپ كۆرمىدۇق، بۇنداق قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى بەختسىزلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بۇ ئىشلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەدەبىياتتىن ئىبارەت كاللىمىزنىڭ ئەينىكىنى تەكشۈرۈپ باقساقلا كۇپايە. ئەگەر ئاي شارىدىن پاكى مارىستىن بىر ئادەم كېلىپ بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنى كۆرگەن بولسا، بىزنىڭ كىتابلىرىمىزنى ۋە شېئىرلىرىمىزنى ئوقۇسا، بىزنىڭ رەسىملىرىمىزنى كۆرسە، ئۇ جەزمەن ھەيران قالىدۇ، ئۇ نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ سەنئىتىمىز ۋە ئەدەبىياتىمىزنىڭ جىنسنىڭ ئەتراپىغا مەركەزلەشكەنلىكىدىن جەزمەن ئەجەبلەنمەي تۇرالمايدۇ.

ئۇ جەزمەن: نېمىشقا ئادەملەرنىڭ ھەممە شېئىر، ھېكايە، رومان، ژۇرناللىرى جىنس بىلەن تولۇپ كەتكەن؟ نېمىشقا ھەر بىر ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسىدا بىردىن يېرىم يالىڭاچ ئايالنىڭ رەسىمى بار؟ نېمىشقا ھەربىر كىنو جىنس بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ سورايدۇ. بۇ يات مېھمان نېمە ئۈچۈن ئادەم باشقا ئىشنى ئويلىماي جىنسىيەتنىلا خىيال قىلىدىغاندۇ؟ دەپ تەئەججۈپلىنىدۇ، ھەيران قالىدۇ. مۇبادا ئۇ بىر ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، مۇڭداشقۇدەك بولسا گاڭگىراپلا قالىدۇ، چۈنكى ئۇ ئادەم ئىلاج بار ئۆزىنى جىنسنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىزدەك تەسىر بېرىشكە تىرىشىدۇ، ئۇنىڭ كاللىسىغا جىنسىي قاراشلار توشۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بىرەر قېتىممۇ جىنس دېگەن سۆزنى تىلغا ئالمايدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا جەزمەن روھ، خۇدا، جەننەت ۋە ئازادلىق دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇرىدۇ. بۇ مېھمان ئادەملەرنىڭ مىلىڭ بىر خىل چارە تېپىپ ھەۋىسىنى قاندۇرغىنى بىلەن، بۇ ئىستەك ھەققىدە لام - جىم دەپ ئېغىز ئاچمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكىنىدە جەزمەن ھالڭ - تالڭ قالىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ ئۆلۈم مەنزىلىنى كۆرسىتىپ تۇرغۇچى ئەقىدىلەر ئۇنىڭ كاللىسىنى جىنسقا تولدۇرۇۋەتكەن، يەنە بىر نۇقتىدىن ئۇنى بىنورمال قىلىپ قويغان، ئۇنىڭغا ھەۋەسلەر تەرك ئېتىلگەن ئالتۇن چوققىنى كۆرسىتىپ قويالىغانىۇ، ئۇنجى قەدەمنى ئېلىشقا يېتەكلىيەلمىگەن، ھەۋەسسىزلىكنى چۈشىنىش ئاساسىدا جىنسنى چۈشىنىشكە يېتەكلىيەلمىگەن.

ئاۋۋال بىز جىنسنى ئېتىراپ قىلىشىمىز ھەم ئۇنى چۈشىنىشىمىز كېرەك، بىز بۇ ئاساسىي

هەربىر تەلەندۇرگۈچ كۆچنى چۈشەنگەن چاغدىلا ئاندىن ئۇنىڭدىن ھالقىپ، ئۇنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ ئاخىرىدا ئىستىقامەت باسقۇچىغا يېتەلەيمىز. ئەگەر بىز بۇ ئاساسلىق ھاياتىي كۈچنىڭ بارلىق شەكلى ۋە يۈزىنى چۈشىنىپ يېتەلمىسەك، ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەپ، بېسىم قىلىپ يۈرگەن بارلىق ئىشلىرى ئۇنىڭ چۈشكۈنلىشىپ ئالجىشىغا، نەق ساراڭ بولۇشىغىلا ياردەم بېرىدۇ، خالاس. ھالبۇكى بىز ئۆزىمىزنىڭ بۇ كېسەللىي بىلەن ھېسابلاشماستىن، ھەدېگەندە ئىستىقامەتنىڭ يۈكسەك پەللىسىنى ئارزۇلاپ يۈردۇق. ئىنسانىيەت ھېچقاچان ھازىرقىدەك مۇنداق كېسەلچان، مۇنداق بىنورمال، مۇنداق بەختسىز ياكى مۇنداق پەرىشان بولۇپ باقمىغان، ئىنسانىيەت پۈتۈنلەي سەۋدايى. ئۇ يىلتىزىدىن زەھەرلەنگەن.

بىر كۈنى مەن بىر شىپاخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ۋىۋىسكىغا يېزىلغان مۇنۇ خەتنى كۆردۈم: چايان چېقىۋالغان بىر ئادەم بۇ يەردە بىر كۈن داۋالىنىپلا دوختۇرخانىدىن چىقتى.

يەنە بىر ئېلان تاختىسىغا مۇنداق يېزىلغانىدى: يىلان چېقىۋالغان بىر ئادەم داۋالىنىپ ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۈچ كۈن ئىچىدىلا سەللىمازا ساقايدى. ئۈچىنچى تاختايغا مۇنداق يېزىلغانىدى: غالجىر ئىت چىشلىۋالغان بىر ئادەم ئۆتكەن ئون كۈن ئىچىدە ئۇدا داۋالىنىپ، تېزلا ساقىيىپ كەتتى. ئاندىن تۆتىنچى تاختايغا مۇنداق يېزىلغانىدى: بىر ئادەمنى يەنە بىر ئادەم چىشلىۋالدى، ئۇ بىرنەچچە ھەپتىنىڭ ئالدىدىكى ئىش، ئۇ تېخىچە ھوشسىز، ساقىيىشىدا ئۈمىد چوڭ ئەمەس. مەن ھەيران قالدىم، ئەجەبا بىر ئادەمنىڭ چىشلىۋېلىشىمۇ شۇنچىۋالا زەھەرلىكمۇ؟

ئەگەر بىز ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا نۇرغۇن زەھەر توپلانغانلىقىنى بىلىمىز، بەلكىم بۇنى يالغان تېۋىپلار كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، بىراق ئەڭ مۇھىم سەۋەب ئۇنىڭ ئۆزىدىكى تەبىئىي نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغانلىقى، ئۆزىدىكى ئاساسلىق نەرسىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغانلىقىدىن بولغان. بىز ئۆزىمىزدىكى تۇغما ھاياتىي كۈچكە جور بولۇشنىڭ ئورنىغا ئۇنى تىزگىنلىمەكچى، يوقاتماقچى بولدۇق، ئۇنى ئۆزگەرتىشنى، كامالەتكە يەتكۈزۈشنى ئويلىمىدۇق، بىز خاتا ئۇسۇللار بىلەن ئۆزىمىزنى ئاشۇ ئېنېرگىيىنى تىزگىنلەشكە مەجبۇرلىدۇق، ئۇ ئېنېرگىيە خۇددى ئېرىگەن ماگمىدەك ئىچ - ئىچىمىزدە قايناپ ئېتىلىپ تۇرىدۇ، ئەگەر سەللا بىخەستەلىك قىلساق ئۇ بىزنى ھەرقاچان غولىتىپ تاشلايدۇ. سىز ئۇنىڭ كىچىككىنە بىر چىقىش ئېغىزى بولغىنىدا قانداق بولىدىغىنىنى بىلەمسىز؟

مەن ئۇنى بىر مىسال بىلەن چۈشەندۈرەي: بىر ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچراپ سىز نەق مەيدانغا كەلگەن بولسىڭىز، ئۇ يەردە ياتقان بىر جەسەتنى كۆرگىنىڭىزدە سىزنىڭ كاللىڭىزدا پەيدا بولىدىغان بىرىنچى سوئال قايسى؟

بۇ ئادەم ھىندى دىنى مۇخلىسىمىدۇ ياكى ئىسلام مۇرىتىمىدۇ؟

ياق.

بۇ ئادەم ھىندىستانلىقمىدۇ ياكى جۇڭگولۇقمىدۇ؟

ياق.

شۇ دەقىقىدە سىزنىڭ تۇنجى بولۇپ ئويلايدىغىنىڭىز جەسەتنىڭ ئەر ياكى ئاياللىقىنى كۆرۈپ بېقىش.

نېمە ئۈچۈن بۇ سوئالنىڭ كاللىڭىزدا ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولىدىغىنىنى بىلەمسىز؟ چۈنكى جىنسىي سىقىلىش، دەل جىنسىي سىقىلىش سىزنى ئەر - ئاياللىق پەرقىگە شۇقەدەر دىققەت قىلغۇزىدۇ. سىز بىر ئادەمنىڭ ئىسمى، چىرايى، دۆلەت تەۋەلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشىڭىز مۇمكىن، ئەگەر مەن سىزنى كۆرگەن بولسام سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى، چىرايىڭىزنى، ئىجتىمائىي تەبىقىڭىزنى ھەم سىزگە ئالاقىدار ھەربىر ئىشنى ئۇنتۇپ قېلىشىم مۇمكىن، بىراق سىز بىر ئادەمنىڭ جىنسىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايسىز، بىرسىنىڭ ئەر ياكى ئاياللىقىنى ھەرگىز، ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايسىز. سىز مۇڭداشقان بىر ئادەمنى، مىسال ئۈچۈن ئۆتكەن يىلى دېڭىزغا ماڭغان پويىزدا تونۇشۇپ قالغان بىر ئادەمنى ئەرمىدى، ئايالمىدى دەپ ئىككى خىيال بولۇپ

باققانمۇ؟

نېمە ئۈچۈن؟ نېمە ئۈچۈن بىر ئادەمنىڭ ھەممە نەرسىسىنى ئۇنتۇپ قالسىڭىزمۇ بۇ تەرىپى ئېسىڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ؟ چۈنكى جىنسىي سەزگۈرلۈك ئادەمنىڭ كاللىسىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. ئادەمنىڭ ئىدىيىۋى پائالىيەتلىرى جەريانىدا جىنس باشتىن - ئاخىر مەۋجۇت ھەم شۇقەدەر جانلىق مەۋجۇت.

ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ تۆمۈر پەردە، بۇ ئارىلىق مەۋجۇتلا بولىدىكەن، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز ياكى بىزنىڭ بۇ پىلانىتىمىز مەڭگۈ ساغلام بولالمايدۇ، ئادەمنىڭ بۇ كۆيۈۋاتقان ئوتى ئۇنىڭ ئىچىدىلا غەليان قىلىدىكەن، بۇ نۇقتىدا ئۇ جاھىللىق قىلىپلا تۇرۇۋالىدىكەن، ئۇنىڭ كۆڭلى تىنچلىنالمايدۇ، ئۇ ھەر كۈنى، ھەر مىنۇت ئۇنى بىر ئاماللاپ بېسىپ تۇرۇشى زۆرۈر. بۇ ئوت بىزنى كۆيدۈرمەكتە، بىزنى كاۋاپ قىلماقتا، شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ بىز ئۇنىڭغا يۈزلىنىشكە تەييارلانمىدۇق، ئۇنى كۆزىتىشكە تەييارلانمىدۇق. بۇ ئوت نېمە؟

ئۇ دۈشمىنىمىز ئەمەس، دوستىمىز.

بۇ ئوتنىڭ ماھىيىتى قانداق؟

سىزگە ئېيتايلى، سىز بۇ ئوتنى چۈشەنگەن ۋاقتىڭىزدا ئۇ رەقىبكە ئەمەس، دوستىڭىزغا ئايلىنىدۇ. ئەگەر سىز بۇ ئوتنى چۈشەنسىڭىز ئۇ سىزنى كۆيدۈرمەيدۇ، بەلكى ئۆيىڭىزنى ئىسسىتىدۇ، تامىقىڭىزنى پىشۇرۇپ بېرىدۇ، سىزنىڭ ئۆمۈرلۈك دوستىڭىزغا ئايلىنىدۇ.

چاقماق ھاۋادا نەچچە مىليون يىل چاقناپ كەلدى. بەزىدە ئادەمنى سوقۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، بىراق ھېچكىممۇ بۇنىڭغا ئوخشاش ئېنېرگىيىنىڭ ھامان بىر كۈنى بىزنىڭ شامالدۇرغۇچىمىزنى پىرقىرىتىپ، ئۆيلىرىمىزنى يورۇتىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ چاغلاردا ھېچكىممۇ بۇ ئېھتىماللىقنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە توك بىزنىڭ دوستىمىزغا ئايلاندى، بۇ قانداق بارلىققا كەلدى؟ ئەگەر بىز كۆزىمىزنى يۇمۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا قارىمىغان بولساق، ئۇنىڭ مەخپىيىتىنى مەڭگۈ قىياس قىلالمىغان، ئۇنىڭدىن مەڭگۈ پايدىلىنالمىغان بولاتتۇق. ئۇ مەڭگۈ بىزنىڭ دۈشمىنىمىز، قورقۇنچلۇق ئوبيېكتىمىز بولۇپ قالاتتى. لېكىن ئادەم توكقا دوستانە مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ چۈشىنىشكە باشلىغاندىن كېيىن، ئۇلار ئارىسىدا ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇلپەتچىلىك پەيدا بولدى. ئۇنداق بولمىغىنىدا ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ قانداق تۇرمۇش كەچۈرىدىغىنىنى بىلىش تەس.

ئادەمدىكى جىنس ۋە جىنسىي ئىقتىدار توكتىنمۇ بەك ھاياتىي كۈچكە ئىگە. ماددىنىڭ كىچىككىنە بىر ئاتومى پۈتۈن خىروسىما ئارىلىدىكى 100 مىڭ ئادەمنى ھالاك قىلدى، ئەمما ئادەمزات ئېنېرگىيىسىنىڭ ئاتومى يېڭى بىر ھاياتلىقنى، يېڭى بىر ئادەمنى يارىتالايدۇ! جىنس ئاتوم بومبىسىدىنمۇ قۇدرەتلىك. سىز بۇرۇن بۇ كۈچنىڭ چەكسىز ئېھتىماللىقى ھەققىدە، ئۇنى ئۆزگەرتىپ قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ئىلغار ئىنسانىيەتكە ئايلانغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ باققانمۇ؟ بىر تۆرەلمە بىر گەندى بولۇپ چىقالايدۇ. ئۇنىڭدىن بىر ماھاۋىر (Mahavir)، بىر بۇتساتۋا ياكى بىر ئەيسا، بىر ئېينىشتېين يېتىلىپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر نيۇتونمۇ نامايان بولىدۇ، گەندىدەك مانا شۇنداق بىر بۈيۈك ئادەممۇ ئىنتايىن كىچىككىنە بىر جىنسىي ئېنېرگىيە ئاتومى ئىچىدە ئاپىرىدە بولغان!

بىراق، بىز ھەتتا جىنسنى چۈشىنىشكە ئۇرۇنۇپمۇ كۆرمىدۇق، ھەتتا ئۇنى ئاشكارا مۇھاكىمە قىلىشتىنمۇ بىزگە زور غەيۇرلۇق كېرەك. زادى قانداق ۋەھىمە بىزنى قىيناپ، پۈتۈن دۇنيانى يارىتىدىغان بۇ كۈچنى چۈشىنىشىمىزگە تەرەددۇت قىلغىلى قويمايۋاتىدۇ؟ بۇ قورقۇنچ زادى نېمە؟ نېمە ئۈچۈن جىنس بىزنى شۇقەدەر ۋەھىمىگە سالىدۇ؟

مەن ئۆتكەن ئايدا بومبايدا تۇنجى قېتىم جىنس ھەققىدە سۆزلىگىنىمدە، ئاڭلىغۇچىلار ناھايىتى چۆچۈپ كەتتى. مەن بىرمۇنچە قەھر - غەزەپلىك خەتلەرنى تاپشۇرۇۋالدىم، ئۇلار بۇ خىل ئۇسۇلدا سۆزلىمەسلىكىمنى، بۇ تېمىدا زىنھار گەپ قىلماسلىقىم كېرەكلىكىنى يېزىپتۇ. مەن ناھايىتى ئەجەبلەندىم، نېمىشقا بىر ئادەم بۇ تېمىدا گەپ قىلسا بولمىغۇدەك؟ بىز مۇشۇ قوزغاتقۇچى كۈچ بىلەن تۇغۇلغان تۇرساق، نېمىشقا بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچساق بولمايدىكەن؟ بىز

ئۇنى چۈشەنمىسەك، تەھلىل قىلمىساق، ئۇنى قانداقمۇ تېخىمۇ يۇقىرى بىر قاتلامغا كۆتۈرەلەيمىز؟ بىز ئۇنى چۈشىنىشىمىز، ئۆزگەرتەلىشىمىز، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالىشىمىز، ئۇنى يۈكسەلدۈرەلىشىمىز كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا بىز جىنسنىڭ ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلالمايمىز.

مېنىڭچە جىنس ھەققىدىكى سۆھبەتلەرنى چەكلىگۈچى ئاشۇ كىشىلەر ئىنسانلارنى جىنسنىڭ چوڭقۇر ھاڭغا ئىتتىرىۋەتكۈچىلەردۇر، جىنستىن ۋەھىمە ھېس قىلىدىغان، باشقىلارنى جىنس جەھەتتە ئۆزىنىڭ پاكلىقىغا ئىشەندۈرمەكچى بولىدىغان ئاشۇ كىشىلەر، ئىرۋىسى جايىدا ئەمەس ساراڭلاردۇر. ئۇلارنىڭ قەستى پۈتۈن دۇنيانى غايەت زور ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا ئايلاندۇرۇش.

دىن ئادەم ئېنېرگىيىسىنىڭ ئايلىنىشىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ، دىنىنىڭ مەقسىتى ئادەمنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى تەرتىپكە سېلىش. بۇ ئۇنىڭ يۈكسەك تەشنالىقى بىلەن ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ گەپنى يومىلاتساق، دىن ئادەمنى تۆۋەندىن يۇقىرىغا، قاراڭغۇدىن يورۇقلۇققا، ساختىلىقتىن چىنلىققا، مەزگىللىكتىن مەڭگۈلۈككە باشلاپ بارىدۇ.

بىراق، ئادەم بىر يەرگە بېرىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۆزى تۇرغان نۇقتىنى بىلىش كېرەك. بىز دەرقەمدە تۇرغان يەردىن باشلايدىكەنمىز، ئەڭ ئاۋۋال بۇ جاينى جەزمەن بىلىۋېلىش كېرەك. بۇ چاغدا بۇ يەر بىز نىشانلىغان يەردىنمۇ مۇھىم. مۇشۇ سۆز بويىچە بولغاندا جىنس بىر ئەمەلىيەت، بىر ھەقىقىي نەرسە. جىنس باش نۇقتا، ئۇنداقتا خۇداچۇ؟ خۇدا بۇ يەردىن ناھايىتى يىراقتا، خۇدانىڭ ھەقىقىتىگە يېتىشتىكى بىردىنبىر يول - بۇ سەپەرنىڭ باش نۇقتىسىنى بىلىش، ئۇنداق بولمايدىكەن بىز يېرىم قەدەممۇ ئالدىغا ماڭالمايمىز، ئېزىپ قالىمىز، خۇددى جىنچىراغنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك ھېچيەرگە بارالمايمىز.

مەن بىرىنچى قېتىملىق يىغىلىشتا نۇتۇق سۆزلىگىنىمدە، ھەرقايسىڭلارنىڭ ھاياتىنىڭ ماھىيىتىگە يۈزلىنىشكە ئوبدان تەييارلىق قىلمىغىنىڭلارنى سەزدىم، مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا بىز يەنە نېمىمۇ قىلالايمىز؟ نېمىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز؟ مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا خۇدا ۋە روھ ھەققىدىكى غەلۋە - غەۋغالىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئەھمىيەتسىز، ھەممىسى ئىمانسىزلىق، ھەممىسى پەقەتلا ساختا گەپ - سۆزلەردۇر.

بىز پەقەت مەلۇم ئىشتا ھەقىقىي بىلىمگە ئېرىشەلىگەن چاغدىلا ئاندىن ئۇنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرەلەيمىز. بىلىم ھالقىش دېمەكتۇر، بىراق ئەڭ مۇھىمى بىز مۇنداق بىر پاكىتنى چۈشىنىشىۋېلىشىمىز زۆرۈر: ئادەم جىنستىن كەلگەن، ئادەمنىڭ بارلىقى جىنسىي پائالىيەتتىن كەلگەن، ئادەم جىنسىي ئېنېرگىيە بىلەن تولغان، ھاياتلىق ئېنېرگىيىسى جىنسىي ئېنېرگىيىدۇر.

بۇ جىنسىي ئېنېرگىيە زادى نېمە؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن تۇرمۇشىمىزدا شۇنچە زور مالامەت پەيدا قىلالىدى؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ پۈتۈن جانلىقلار دۇنياسىنى قاپلىغان؟ نېمە ئۈچۈن ھەتتا بىز ھاياتىنىڭ ئاخىرقى پەللىسىگە بېرىپ قالغاندىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىمىز؟ بۇ كۈچنىڭ مەنبەسى نېمە؟

ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنىڭ جىنسنى يامان كۆرۈپ كەلگىنىگە نەچچە مىڭ يىل بولدى، بىراق كىشىلەر تېخىچە قايىل قىلىنغىنى يوق. تالاي ئەسىرلەردىن بېرى ئۇلار جىنسنى ئاشكارا چەكلىشىمىز كېرەك، جىنسقا ئالاقىدار خىيال ۋە ئىستەكلەرنى ھەيدىشىمىز كېرەك دەپ تەشەببۇس قىلدى، بىزنى بۇ غاپىل دۇنيادىن يىراقلاشتۇرماقچى بولدى، بىراق ئادەم ئۆز تاقىتىنى بۇزۇشقا يەنىلا چارە قىلالمىدى. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش جىنستىن خالاس بولۇشقا سىزمۇ ئامالسىز، بۇ ئۇسۇل خاتا.

مەن ھەر قېتىم پاھىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالسام ئۇلار جىنس ھەققىدە زادىلا ئېغىز ئاچمايدۇ، مەن نۇرغۇن دەرۋىش ۋە راھىبلار بىلەنمۇ ئۇچراشقان، خالىي قالغان چاغدا ئۇلارنىڭ سورايدىغىنى ساپلا يوتقان ئىچىدىكى ئىشلار. مېنىڭ ئەجەبلىنىدىغىنىم راھىبلار ئىزچىل تۈردە جىنسقا قارشى ۋەز ئېيتىشىدۇ، لېكىن ئۇلارنى ۋەسۋەسىگە سالىدىغىنى يەنىلا جىنس. بۇ

كىشىلەر ئۇنىڭغا ناھايىتى قىزىقىدۇ ھەم ئۇنىڭدىن ئىيمەنكىرەيدۇ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۇلاردا پىسخىك داۋالغۇش بولسىمۇ لېكىن دىنىي ۋەزلەردە ئۇنى ئاشكارا ھالدا ئادەمدىكى ھايۋان تەبىئىتى دەپ جاكارلايدۇ. ئەمەلىيەتتە جىنس ناھايىتى تەبىئىي ئىش.

بىز بۇ مەسىلىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەنلىكىمىزنى ئويلىمايمىز ھەم ئۇرۇنۇپ كۆرمەيمىز. جىنسنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا جەلپ قىلىش كۈچى بارلىقىدىكى سەۋەبىنى ئەزەلدىن كوچىلاپ باقمىدۇق.

سىزنى كىم جىنسقا يېتەكلەيدۇ؟

پۈتۈن دۇنيا جىنسىي تەربىيىگە قارشى، ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئۇنى بىلىپ قېلىشىغا يول قويماسلىق كېرەك دەپ ئويلايدۇ، مۇئەللىملەرمۇ شۇ قاراشتا، دىنىي كالاملارغىمۇ شۇ يېزىلغان. بىرمۇ مەكتەپتە جىنسىيەت تېمىسىدىكى دەرس يوق، مەكتەپ ئاپپاراتلىرى ئۇنى بىلىشنى چەكلەيدۇ. بىراق ياشلىق باھارىدا ھەربىر ياش ئۆزىنىڭ ۋە پۈتۈن ھاياتىنىڭ جىنسىي تەشنالىققا تولغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ قەدىمدىن بېرى قۇرغان مۇداپىئە قورغانلىرىنىڭ بەربات بولغانلىقىنى، جىنسنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ قانداق يۈز بەردى؟ ئۇلار ھەقىقەت ۋە مۇھەببەت تەربىيىسى بەرمەكچى بولىدۇ، ئەمما بۇ تەربىيىلەر ئۇزۇنغا بارمايدۇ، ئۇلار ئاجىزدۇر. جىنس ھەممىمىزنىڭ ئىچ - ئىچىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، ئۇنداقتا ئۇنىڭ تۇرغۇسى نەدە؟ بۇ تەبىئىي تارتىش كۈچىنىڭ مەركىزى نەدە؟ بۇ كۈچلۈك ۋە ئاجايىپ تارتىش كۈچىنىڭ مەركىزى نەدە؟ بۇ بىر سىر، بىز باشتا بۇ سىرنى ئېتىراپ قىلغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭدىن ھالقىيالايمىز.

تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، بىز ھېس قىلىۋاتقان جىنسىي جەلپكارلىق ھەرگىزمۇ جىنسنىڭ تارتىش كۈچىدىن بولغان ئەمەس.

ھەر قېتىملىق جىنسىي ئەۋجىدىن كېيىن ئادەم بىر خىل قۇرۇقچىلىق، مەنىسىزلىك، ئۈمىدسىزلىك ھېس قىلىدۇ، ئۆكۈنۈپ، سەۋەبسىز ئازابلىنىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق ئىشتىن ساقلىنىش ئويىغا كېلىدۇ. بۇ خىل روھىي ھالەتنىڭ مەنبەسى نېمە؟ چۈنكى ئۇ يالغۇز تەنىنىڭ قاندۇرۇلۇشىغىلا ئەمەس، باشقا نەرسىگىمۇ بولغان ئىستەكتۇر.

ئادەتتە بىر ئادەم ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ چوڭقۇرىغا يېتىپ بارالمايدۇ، ۋەھالەنكى جىنسىي پائالىيەت تاماملانغان چاغدا بۇ چوڭقۇرلۇققا يېتىپ بارالايدۇ. ئادەم تۇرمۇشىنىڭ ئادەتتىكى يولىدا، كۈندىلىك يۈگۈر - يېتىم ئىش - كۈشلەردە، كوچا ئايلانغاندا، ئىش قىلغاندا، ۋەج - ئوقەت توپلاپ جان بېقىش جەريانىدا تۈرلۈك تەجرىبىلەرگە ئىگە بولىدۇ. بىراق جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ ئاتا قىلىدىغىنى ئەڭ چوڭقۇر تەجرىبە، بۇ تەجرىبىنىڭ تىرەن دىنىي قاتلىمى بار: ئۇ يەردە ئادەم ئۆز چېگراسىدىن ھالقىپ چىقالايدۇ، ئۇ يەردە ئادەم ئۆزىدىن ھالقىپ كېتەلەيدۇ. ئۇ چوڭقۇرلۇقتا، ئادەم ۋۇجۇدىدا ئىككى ئىش يۈز بېرىدۇ.

بىرىنچى، جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغان ۋاقىتتا ئۆزلۈك يوقىلىدۇ. پاناھ (ئۆزلۈك يوق ھالەت) شەكىللىنىدۇ، ئۇ دەقىقىلەردە «مەن» يوق، ئۇ دەقىقىلەردە بىر ئادەم ئۆزىنى ئەسلىيەلمەيدۇ. سىز دىنىي ئىخلاسمەنلىكتە «مەن» نىڭ پۈتۈنلەي ئېرىپ كېتىدىغانلىقىنى، دىنىي سەرگۈزەشتىدە ئۆزلۈكنىڭ ئېرىپ يوقلۇققا ئايلىنىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ جىنسىي پائالىيەتتە ئۆزلۈك ئاستا - ئاستا غايىب بولىدۇ، جىنسىي پەللە ئۆزلۈك ئۆچۈرۈۋېتىلگەن ھالەتتۇر.

جىنسىي تەجرىبىدىكى ئىككىنچى ئىش شۇكى: ئۇ مىنۇتلاردا ۋاقىت غايىب بولۇپ ۋاقىتسىزلىق (مەڭگۈلۈك) پەيدا بولىدۇ. خۇددى خرىستوس ئەيسا ئېيتقاندەك، سىز مەقامغا يەتكەندە، سىز سامادھىلىق (Samadhi ئاڭدىن ھالقىغان دېگەن مەنىدە) ھالىتىگە بارغاندا ۋاقىت بولمايدۇ. جىنسىي پەللىدە ۋاقىت ئېگى مەۋجۇت بولمايدۇ، ئۆتمۈشمۇ، كەلگۈسىمۇ بولمايدۇ، پەقەت ھازىرلا مەۋجۇت. ھازىر ۋاقىتنىڭ بىر قىسمى ئەمەس، ھازىر ئەبەدىيلىكتۇر.

مانا بۇ ئادەمنىڭ نېمە ئۈچۈن جىنسقا تەشنا بولىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى، بۇ قانداقتۇر ئەرنىڭ ئايالنىڭ تېنىگە ياكى ئايالنىڭ ئەرنىڭ تېنىگە بولغان تەشنالىقى ئەمەس، بۇ قىزغىنلىق باشقا نەرسىگە ـ پاناھقا ۋە ئەبەدىيلىككە تالىق. بۇ

جىنسىي پەللە پەقەت بىرنەچچە دەقىقىلا داۋاملىشىدۇ، بىراق مۇشۇ قىسقىغىنا دەقىقە ئۈچۈن ئادەم نۇرغۇن ئېنېرگىيە ۋە ھاياتىي كۈچىنى خورىتىدۇ. كېيىن بۇ يوقىتىشقا ئۆكۈنىدۇ. بەزى ھايۋاناتلارنىڭ ئىچىدە ئەركىكى بىر قېتىملىق جۈپلىشىشتىن كېيىنلا جېنىدىن جۇدا بولىدۇ. ئافرىقىدا بىر خىل ئالاھىدە قۇرت بولۇپ، بىرلا قېتىم جۈپلىشىپ بولغۇچە دەرمانىدىن كېتىپ، جۈپلىشىش جەريانىدىلا ئۆلۈپ قالىدىكەن. ئادەم جىنسىي ئالاقىنىڭ ئۆز كۈچىنى ئازايتىدىغانلىقى، ئېنېرگىيىسىنى خورىتىدىغانلىقى ۋە ئۆلۈمگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ ئەمەس، بىلىدۇ. ھەر قېتىملىق جىنسىي تەجرىبىدىن كېيىن ئۇ ئۆز نەپسىنى قويۇۋەتكەنلىكىگە پۇشايمان قىلىدۇ، لېكىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە قايتىدىن قىزىپ، بۇ ھەرىكەتتە ئەسلىدىكىدىنمۇ چوڭقۇر مەنە باردەك ھېس قىلىدۇ.

جىنسىي تەجرىبىنىڭ جىسمانىي مەشغۇلاتتىنمۇ ئىنچىكە قاتلىمى بار، ئۇ بولسىمۇ ماھىيەتلىك بولغان دىنىي قاتلامدىن ئىبارەت. بۇ تەجرىبىنى چۈشىنىش ئۈچۈن سىز ھېزى بولۇشىڭىز، دىققەت قىلىشىڭىز كېرەك، بۇ تەجرىبىنىڭ مەنىسىنى تونۇۋېلىشنىڭ ئېپىنى قىلمىسىڭىز، سىز پەقەت جىنس ئىچىدىلا ياشايسىز ھەم جىنس ئىچىدىلا ئۆلىسىز.

چاقماق كېچە قاراڭغۇلۇقىدا چاقنايدۇ، لېكىن قاراڭغۇلۇق چاقماقنىڭ بىر قىسمى ئەمەس، بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىردىنبىر مۇناسىۋەت شۇكى، چاقماق پەقەت كېچىدىلا گەۋدىلىنىدۇ، پەقەت قاراڭغۇلۇقتىلا گەۋدىلىنەلەيدۇ. جىنسمۇ ئوخشاش، بىر چۈشىنىش، بىر ھالاۋەت، بىر نۇر جىنستا پارلاپ قالىدۇ، بىراق ئۇ ھادىسە جىنسنىڭ ئۆزىدىن كەلگەن ئەمەس، گەرچە ئۇ جىنسىيەت بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ پەقەتلا بىر قوشۇمچە ھاسىلات، جىنسىي پەللىدە جىلۋىلەنگەن نۇر جىنستىن ھالقىغان، يىراقتىن كەلگەن. بىز بۇ يىراقتىن كەلگەن نۇرنىڭ تەجرىبىسىنى چۈشەنگەندىلا ئۆزىمىزنى جىنستىن يۇكسەكلىككە كۆتۈرەلەيمىز، ئۇنداق بولمايدىكەن بۇ مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس.

جىنسىيەتكە قارىغۇلارچە قارشى تۇرغۇچىلار مۇۋاپىق نۇقتىدا تۇرۇپ بۇ ھادىسىنىڭ پەيزىنى سۈرۈشتىن مەھرۇم، ئۇلار بۇ قانماس جىنسىي تەشنالىقنى، بۇنداق چوڭقۇر ئېچىرقاشنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلمايدۇ.

مېنىڭ تەكىتلىمەكچى بولغىنىم شۇكى، كۈچ - قۇدرەتلىك، قايتا - قايتا يۈز بېرىدىغان، بۇ يۆنىلىشچان تارتىش كۈچى قىسقا مۇددەتلىك سامادھى ئۈچۈندۇر.

ئەگەر سىز جىنسنى كېرەك قىلمايلا سامادھىغا يەتمەكچى بولسىڭىز ئۆزىڭىزنى جىنسنىڭ ئىچىدىن ئازاد قىلىشىڭىز كېرەك. ئەگەر بىر ئادەم 1000 روپىيە قىممىتىدىكى بىرنەرسىنى سېتىۋالماقچى بولغىنىدا، بىرسى ئۇنى بىكارغىمۇ ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتسا، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ جەزمەن بىرمۇنچە پۇلنىڭ بېشىغا سۇ قۇيۇپ ئۇنى سېتىۋالمايدۇ. مۇبادا بىراۋ باشقا ئۇسۇل بىلەن، تېخىمۇ ئۇلۇغ ۋاستە بىلەن جىنسىيەتتىن كېلىدىغان خۇشاللىققا ئېرىشىش مۇمكىنلىكىنى ئېيتسا، ئۇ ھالدا كاللا جىنسقا بولغان تەلپۈنۈشنى ئۆزلۈكىدىن توختىتىپ، باشقا بىر يۆنىلىشكە قاراپ چېپىشقا باشلايدۇ. ئادەمنىڭ بىرىنچى قېتىم سامادھىغا يېتىشى ئۇنىڭ جىنسىي تەجرىبىسى ئىچىدە بولىدۇ، لېكىن جىنسىيەت ناھايىتى كۆپ سەرپىيات كېتىدىغان ئىش، ھەقىقەتەنمۇ سەرمايىسى چوڭ ئىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە داۋاملىشىش ۋاقتىمۇ بىرنەچچە دەقىقىلا، پەللىگە يېتىپ بولغاندىن كېيىن بىردەمدىلا بىز يەنە ئەسلى ئورنىمىزغا بېرىپ قالىمىز. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئاشۇ دەقىقىدە بىز مەۋجۇتلۇقنىڭ ئوخشىمىغان قاتلاملىرىغا يېتىپ بارىمىز، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بىز ئادەمنى قاندۇرغۇچى چوققىغا يامىشىمىز، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى قۇۋۋىتىمىز چوققىغا يۈزلەنگەن بولىدۇ، ئەمما بىرنەچچە قەدەم ماڭا - ماڭمايلا بىز يەنە ئەسلىدىكى باش نۇقتىغا قايتىپ كېتىمىز. بىر دولقۇن ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئاسمانغا چىقىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، بىراق ئۇ كۆتۈرۈلە - كۆتۈرۈلمەيلا پەسكە چۈشۈشكە باشلايدۇ. بىزمۇ ئوخشاشلا ئۇ شادىيانىلىق ئۈچۈن، ئۇ خۇشلۇق

ئۇچۇن، ئۇ مەقسەت ئۇچۇن دائىم كۈچ توپلايمىز، ئاندىن يەنىمۇ كۆتۈرۈلىمىز، ھالبۇكى ئاشۇ نازۇك قاتلامغا، ئاشۇ ئالىي ئورۇنغا چىپىلا - چىپىلمايلا، ھەش - پەش دېگۈچە ئەسلى جايىمىزغا چۈشكىنىپ كېتىمىز، نۇرغۇن كۈچ - قۇۋۋىتىمىزنى نابۇت قىلىمىز.

ئادەمنىڭ كاللىسى يەنىلا بۇ جىنسىيەت ئېقىنىغا غەرق بولۇۋېرىدىغان بولسا بۇنداق چىقىش ۋە چۈشۈشنى تەكرارلاۋېرىدۇ، مەيلى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە بولسۇن ھايات ئۈزلۈكسىزلىك (پاناھ) بىلەن ۋاقىتسىزلىقتا قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلەيدۇ. ئادەمنىڭ كۈچلۈك ئارزۇسى ھەقىقىي ئۆزىنى بىلىش، ھەقنى بىلىش، ئىپتىدائىي، ئەبەدىيلىك، زامانى ۋە مەنبەسى بولمىغان ئۇ نەرسىنى بىلىش، ۋاقىتنىڭ سىرتىدىكى ئۇ نەرسە بىلەن بىرلىشىش، ھەمدە ئۆزلۈك بولمىغان ساپ ھالەتكە يېتىشتۇر. روھنىڭ بۇ ئاڭسىز، ئىچكى ئىستىكىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيا جىنستىن ئىبارەت بۇ ئوقنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ.

ئەگەر بىز بۇ تەبىئىي، ئىچكى، ھەممىنى ئۆزئىچىگە ئالىدىغان ھادىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملىق ئىنكار قىلىۋەرسەك بىز ئۇ مەنزىلنى قانداقمۇ بىلەلەيمىز؟ ياكى ئۇنىڭ بىلەن بولغان ماس مۇناسىۋەتنى قانداقلارچە تەرەققىي قىلدۇرالايمىز؟ بىز جىنسقا كەسكىن قارشى تۇرغاندا ئۇ بىزنىڭ ئېڭىمىزنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشتا يوق، ئۇنىڭغا چىرمىشىپ قالىمىز، تەتۈر ئۇنۇم قانۇنىيىتى رول ئويناشقا باشلاپ، بىز جىنسقا باغلىنىپ قالىمىز. بىز جىنستىن قېچىشنى ئويلايمىزيۇ، ئۇنىڭدىن نېرى بولغانسېرى ئۇ بىزگە يېپىشىۋالىدۇ.

بىر ئادەم ساقسىز بولۇپ قاپتۇ، ئۇنىڭ كېسىلى دائىم قورساقنى ئاچقاندەك ھېس قىلدىغانلىقى ئىكەن. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنىڭ ھېچبىر كېسىلى يوقكەن، ئۇ ھاياتنىڭ ئىنكار قىلىنىشى ئازادلىق دېگەننى ئوقۇپتۇ، ئۇنىڭ ئوقۇغىنى تاماق يېمەسلىك، دىن يولىنى تۇتۇش، تاماق يېيىش گۇناھلىق دېگەندەك نەرسىلەر ئىكەن. ئۇ يەنە بىرنەرسە يېيىش زالىملىق، ئۇ رەھىمدىللىك ئەھكاملىرىغا خىلاپ دەپ ئاڭلاپتۇ.

بىراق، ئۇ بىرنەرسە يېيىشنىڭ گۇناھلىقىنى قانچە ھېس قىلغانسېرى، ئۆزىنىڭ ئاچارچىلىقىنى شۇنچە بېسىپتۇ، ئۇنىڭ ئاچلىقىمۇ ئوخشاش يول بىلەن كۈچىيىپتۇ، ئۇ دائىم ئۈچ - تۆت كۈنلەپ بىرنەرسە يېمەيدىكەن، ئاندىن كېيىنكى كۈندە ھەممىنى يەيدىكەن، يېگۈدەك نەرسە بولسىلا ئاچ ئەرۋاھتەك يەۋېرىدىكەن، يەپ بولغاندىن كېيىن قەسەمنى بۇزغىنىغا پۇشايمان قىلىشقا چۈشىدىكەن، ھەددىدىن ئارتۇق يېگەن گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن، قايتىدىن قەسەم ئىچىپ روزا تۇتىدىكەن، روزا تۇتۇپ بولۇپ يەنە يېيىشكە چۈشىدىكەن.

ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ ئۆيىدە تۇرسا بۇ تەرىقەتكە ئەمەل قىلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، دۇنيادىن قول ئۈزۈپ بىر ئورمانلىققا بېرىپتۇ، كىچىك بىر تاغقا چىقىپ خالىي بىر ئۆڭكۈرنى ماكان تۇتۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەر پەرىشانلىققا چۆكۈپتۇ، ئايالى كۆڭلىدە «بەلكىم ئېرىم زاھىدلىق يولىنى تۇتقان يەردە يېيىش كېسىلىدىن ئوڭشالغاندۇ» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ بالدۇرراق ساقىيىپ، تېز قايتىپ كېلىشىنى تىلەپ بىر دەستە گۈل ئەۋەتىپتۇ.

ئۇ ھەزرەت ئايالىغا بىر ئىلىك جاۋاب خەت يېزىپ: «ئەۋەتكەن گۈللىرىڭگە رەھمەت، بەك قىممەتلىككەن» دەپتۇ. ئەسلىدە ئۇ بۇ گۈللەرنىمۇ يەۋەتكەنىكەن. بىز گۈلنى يېگەن ئادەمنىڭ تاماق يېمەسلىكىنى ئەقلىغە سىغدۇرالماسلىقىمىز مۇمكىن، بىز بولساق ئۇ ئادەمگە ئوخشاش غىزا يېمەسلىككە ئۇرۇنغىنىمىز يوق، پۈتۈن كۈچى بىلەن يەۋاتقان ئۇ كىشىلەر بۇ ئەھۋالنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنىدۇ. جىنسقا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىز ھەممىمىز مۇشۇ كېسەلگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە گىرىپتار بولدۇق. بىز بۇرۇنلا جىنسقا جەڭ باشلىۋەتكەن. جىنس بىلەن بولغان جەڭنىڭ نەتىجىسىنى توغرا مۆلچەرلەش تەس بولسىمۇ، بىراق ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى ئىنسانلارنىڭ ئاتالمىش مەدەنىي جەمئىيىتىدىن باشقا يەنە نەدە بار؟ چەت جايلاردا ياشاۋاتقان ئىپتىدائىي قەبىلە كىشىلىرى بىر ئەرنىڭ يەنە بىر ئەر بىلەن زىنا قىلىشىنى تەسەۋۋۇرىغىمۇ سىغدۇرالمايدۇ. مەن بۇرۇن بىر قىسىم قەبىلە كىشىلىرى بىلەنمۇ بىللە بولغان، مەن ئۇلارغا

مەدەنىيەتلىك ئادەملەرنىڭ مۇشۇنداق ئىشلارنىمۇ قىلىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگىنىمدە، ئۇلار ھاڭ - تاڭ قالغىنىدىن زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمىگەنىدى. ۋەھالەنكى، غەربتە ئوخشاش جىنسلىقلار كۇلۇبى بار. نۇرغۇن جەمئىيەتلەر ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشۇپ، شۇنچە كۆپ ئادەم بۇ ئىشنى قىلىۋاتقان يەردە، ئوخشاش جىنسلار مۇھەببىتىنى چەكلەش دېموكراتىيە ئەمەس دېيىشكەن، قانۇن ئارقىلىق ئوخشاش جىنسلار مۇھەببىتىنى چەكلەشنى ئاساسلىق كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى قىلغانلىق، كۆپ سانلىقلارنىڭ ئاز سانلىقلارنى چەكلىشى دەپ جاكارلىغان. ئوخشاش جىنستىكى ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ پەيدا بولۇشى جىنس بىلەن جەڭ قىلىشنىڭ پىسخىك نەتىجىسىدۇر.

پاھىشەلەرنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت بىلەن ئوڭ تاناسىپ. سىز پاھىشىخانىلارنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى ئويلاپ باققانمۇ؟ قەبىلە ئۇلۇسلار جايلاشقان تاغلىق رايونلاردا، چەت جايلاردا سىز بىرەر جالاپ تاپالامسىز؟ مۇمكىن ئەمەس، ئۇلار بىر ئايالنىڭ ئۆز ئىپپىتىنى سېتىشقا ماقۇل بولىدىغىنىنى، تاپاۋەت ئۈچۈن زىنا قىلىدىغانلىقىنى ھەرگىز ئەقلىگە سىغدۇرالمايدۇ. بىراق زىنا سودىسى ئىنسان مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئاۋۇپ كېتىۋاتىدۇ، بۇمۇ بىر خىل كۆل يېيىش قىلمىشى، مۇبادا بىز جىنس ناتوغرا ئىشلىتىلگەن بارلىق ئەھۋاللارنى ئەتراپلىق ئويلىشىپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان بارلىق سەتچىلىكلەرنى كۆزىتىدىغان بولساق، بىز تېخىمۇ ئەجەبلەنگەن بولاتتۇق.

ئادەمگە زادى نېمە بولدى؟ بۇ سەتچىلىك ۋە شاللاقلىقتا كىم جاۋابكار؟ ئۇنىڭغا جىنسنى بېسىۋاتقان ۋە چۈشەنگىلى قويمايۋاتقان كىشىلەر مەسئۇل بولۇش كېرەك. مۇشۇ بېسىم تۈپەيلىدىن ئادەمنىڭ جىنسىي ئېنېرگىيىسى ناباب يوللار ئارقىلىق سەرپ قىلىنىۋاتىدۇ. پۈتۈن جەمئىيەت بىمارغا، بەختسىزگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ ناتىۋان جەمئىيەتنى ئۆزگەرتمەكچى بولىدىكەنمىز، جىنسىي ئېنېرگىيىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك، جىنسىي تارتىش كۈچى ماھىيەتتە دىنىي خاراكتېرگە ئىگە دەپ تونۇشىمىز كېرەك.

نېمە ئۈچۈن جىنسىي تارتىش كۈچىنىڭ شۇقەدەر تورى بار؟ چۈنكى ئۇ ئەمەلىي كۈچكە ئىگە. ناۋادا بىز جىنسنىڭ ھەرقايسى ئاساسىي قاتلىمىنى تونۇۋالالايدىغان بولساق، بىز ئادەمنى جىنستىن يۇقىرى كۆتۈرەلەيمىز، شۇندىلا شەھۋەت دۇنياسىدىن ئىلاھىي دۇنيا جەۋلان قىلىپ چىقىدۇ، شۇندىلا ئىشرەت دۇنياسىدىن مېھىر - شەپقەت دۇنياسى كۆكلەپ چىقىدۇ.

مەن بىر توپ دوستلىرىم بىلەن كاجۇراخو (Khajuraho) غا بېرىپ، دۇنياغا مەشھۇر بىر بۇتخانىنى كۆرۈپ چىقتىم. بۇتخانا قورۇسىنىڭ قاشا تېمى پۈتۈنلەي جىنسىيەت رەسىملىرى بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ھەر خىل ھالەتتىكى ئويما رەسىملەر جىنسىيەتنىڭ ھالەتلىرى ئىدى. دوستۇم مەندىن «نېمە ئۈچۈن بۇتخانا مۇشۇنداق رەسىملەر بىلەن بېزەلگەن؟» دەپ سورىدى.

«بۇتخانىنى سالغۇچى ئۇستىلار ناھايىتى ئەقىللىق كىشىلەر ئىكەن، ئۇلار قىزغىنلىق بىلەن جىنسىيەتنى ھاياتنىڭ قاشا تېمى دەپ بىلىپ، جىنسقا بەنت بولۇپ قالغانلارنىڭ بۇتخانىغا كىرىش ھوقۇقى يوقلۇقىغا ئىشىنىدىكەن» دەپ چۈشەندۈردۈم.

بىز بۇتخانىنىڭ ئىچىگە كىردۇق، ئىچىدە بىرمۇ مەبۇدنىڭ يوقلۇقىدىن دوستۇم ناھايىتى ئەجەبلەندى. ھاياتنىڭ سىپىلىدا مەۋجۇت بولغىنى شەھۋەت ۋە قىزغىنلىقتۇر، تەڭرىنىڭ بۇتخانىسى بولسا ئۇنىڭ ئىچىدە، يەنىلا قىزغىنلىق ۋە جىنس بىلەن قايمۇقۇپ يۈرگەن ئاشۇ كىشىلەر ئىچكىرىلەپ كىرىشكە ئامالسىز، ئۇلار قورۇق تامدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ، دەپ چۈشەندۈردۈم.

بۇ بۇتخانىنى بىنا قىلغۇچىلار ناھايىتى دانىشمەن كىشىلەردۇر، بۇ بىر ئىستىقامەت مەركىزى جىنس - قاشا تېمى، سىرتقى يۈزى؛ ئەمىنلىك ۋە تىمتاسلىق ئۇنىڭ مەركىزىدە. ئۇلار تەرەققىيات يولىنى تونۇغۇچىلارغا ئاۋۋال ئىستىقامەت ھالىتىدە ئولتۇرۇپ جىنسنى خىيال قىلىشنى، يېتەرلىك سۈكۈتى بىلەن دالان تامدىكى جىنسىي مۇناسىۋەتنى تەسۋىرلەشنى تاپىلايدۇ، ئۇلار جىنسنى تولۇق چۈشىنىپ، كاللىسىدا جىنس قالمىغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلىگەن ۋاقىتتا

ئىچكىرىگە كىرسە بولىدۇ، پەقەت شۇ چاغدىلا ئۇلار تەڭرىگە يۈزلىنەلەيدۇ. لېكىن ئۇلار دىن نامىدا جىنسىي چۈشىنىشنىڭ ھەممە ئېھتىماللىقىنى بەربات قىلدى. بىز جىنسقا جەڭ ئېلان قىلدۇق، ئۆزىمىزنىڭ ئىپتىدائىي تۇغما قابىلىيىتىگە جەڭ ئېلان قىلدۇق، مىزان تەرتىپىمىز جىنسقا قارشى ئەمەس، بەلكى كۆزىمىزنى يۇمۇۋېلىپ، ئىبادەتخانىلارغا قارىغۇچىلارغا كىرىش بولدى. كۆزىنى يۇمۇۋالغان بىر ئادەم نەگىمۇ بارالىسۇن؟ ئىچىگە كىرگەن تەقدىردىمۇ يۇمۇق كۆز بىلەن تەڭرىنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئەكسىچە سىزنىڭ كۆرىدىغىنىڭىز پەقەتلا سىز قېچىپ يۈرگەن نەرسە!

بەلكىم، بەزىلەر مېنى جىنسىيەت تەرغىباتچىسى دەپ قارىشى مۇمكىن. راستىنلا شۇنداق بولسا ئۇلارغا ئېيتىپ قويۇڭلاركى، ئۇلار مېنىڭ گېپىمنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان. بۇ كۈنلەردە جىنسنىڭ مەندىن ئۆتە دۈشمىنى تېپىلمايدۇ. كىشىلەر خالىس نىيەت بىلەن مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدىغان بولسا، ئۇلار ئادەمنى جىنستىن ئازاد قىلغان بولاتتى، بۇ تېخىمۇ ياخشى ئادەم بولۇشنىڭ بىردىنبىر يولى، بىز ئاتالمىش ئۇ ئالىملارنى جىنسنىڭ دۈشمىنى دەپ قارايمىز، بىراق ئۇلار ئەسلا ئۇنىڭ دۈشمىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ جارچىسى، ئۇلار جىنسنىڭ ئەتراپىدا جەزبە پەيدا قىلىدۇ. ئۇلار جىنسقا قارشى ئەسەبىيلەرچە كۈچ توپلاۋاتقانلارغا ئەجەللىك قارشى تۇرىدۇ.

بىر كىشى ماڭا ئۆزىنىڭ ھەرقانداق بىر چەكلەنمىگەن، جەڭ ئېلان قىلىنمىغان، ئۆچ كۆرۈلمىگەن ئىشقا قىزىقمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھەممىمىزگە ئايان، ئوغرىلاپ يېگەن مېۋە بازاردىن سېتىۋالغان مېۋىدىن تاتلىق، شۇڭا ئۆزىنىڭ خوتۇنى قوشنىسىنىڭ خوتۇنىدەك ھەۋەس قوزغىيالمايدۇ، باشقىلارنىڭكى گويا ئوغرىلاپ كەلگەن مېۋە، باشقىلارنىڭكىگە چەك بار، گەرچە بىز ھەپىلىشىدىغان ئورۇن ئوخشاش بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا بەك ئازدۇرالايدۇ، ئۇنىڭغا ئەپسانىنىڭ زەرباب تونلىرى كىيگۈزۈلگەن بولغاچقا ئاداۋەتتىن تاشقىرى جەلپ قىلىدۇ.

رۇسسونىڭ يېزىشىچە ۋىكتورىيە دەۋرىدە، ئۇ تېخى كىچىك چاغدا، جامائەت سورۇنلىرىدا ئاياللارنىڭ پۇتىنى كۆرگىلى بولمايدىكەن، ئۇلار يەرگە سۆرۈلۈپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيىپ، پۇتىنى پۇتۇنلەي يۆگەيدىكەن، تاسادىپىي ھالدا ئاياللارنىڭ ھوشۇقى كۆرۈنۈپ قالسىمۇ ئەرلەر جەزمەن ئۇنىڭغا ھەۋەس كۆزى بىلەن قاراپ، نەپسى قوزغىلىپ كېتەتتىكەن.

رۇسسو يەنە مۇنداق يازغانىدى: بۈگۈنكى كۈندە ئاياللار ئەتراپتا يېرىم يالىڭاچ مېڭىپ يۈرىدۇ، پاقالچاقلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئوچۇق، بىراق ئۇلار بىزگە بۇرۇنقى ئاياللارنىڭ ھوشۇقى كۆرۈنۈپ قالغانچىلىكمۇ تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ئۇ يەنە بىز بىر ئىشنى قانچىكى يوشۇرغانسېرى ئۇ بىزنىڭ شۇنچە دىققىتىمىزنى قوزغايدۇ دەپ يازغانىدى، بۇ ئىسپاتلاندى.

دۇنيانى جىنسىي ۋەسۋەسىدىن ئازاد قىلىدىغان بىرىنچى قەدەم، ئىلاج بار بالىلارنى ئۆيدە يالىڭاچ يۈرۈشكە رۇخسەت قىلىش، مۇمكىن قەدەر قىز ياكى ئوغۇل بولسۇن بالىلارنى يالىڭاچ بىللە ئوينىغىلى قويۇش كېرەك، قارشى تەرەپنىڭ بەدىنىنى پىششىق بىلىدىغان قىلىش كېرەك، شۇنداق بولغاندا، كېيىنچە ئۇلارنىڭ كوچىدا چاپلىشىپ مېڭىشىنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. شۇنداق بولغاندا، كېيىنچە يالىڭاچ رەسىملەرنى كىتابقا بېسىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. شۇنداق بولغاندا، قارشى تەرەپنىڭ بەدىنىگە كۆزى چۈشۈپ ئۈنچىۋالا ئىچىرقاپ كەتمەيدۇ.

بىراق، بەندىچىلىكتە ئىشلەتكەن ئۇسۇللىرىمىزنىڭ تەتۈرىسىچە، ئۇ سېتىشنى يۈركەپ، يوشۇرۇپ يۈرگەنلەر ئويلىمىغان يەردە ناھايىتى زور جەلپ قىلىش كۈچى پەيدا قىلىپ قويىدۇ، گەرچە بۇ جەلپكارلىق كاللىمىزنى ئەسىر قىلىۋالغان بولسىمۇ، بىز ئۇنىڭ غايەت زور زەربىسىنى تېخىچە ھېس قىلىپ بولمىدۇق.

بالىلارنى يالىڭاچ يۈرگىلى، بىر مەزگىل يالىڭاچ ئوينىغىلى قويۇش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا كېيىنكى ئۆمرىدە ئۇلارنى غالجىرلىق ئورۇقى مالال قىلمايدۇ. بىراق كېسەل ئالدىنى ئالىبۇرۇن مەۋجۇت. مەۋجۇتلا ئەمەس ئېغىرلاپ كېتىۋاتىدۇ، نۆۋەتتە زور مىقداردا تارقىتىلىۋاتقان شەھۋانىي ئەسەرلەردىن بۇ كېسەلنى كۆرۈش مۇمكىن. كىشىلەر ئۇنداق كىتابلارنى نوملارنىڭ

ۋە ئىنجىلنىڭ كەينىگە يوشۇرۇپ قويۇپ ئوقۇماقتا. بىز سېرىق گېزىت - ژۇرناللارنى چەكلەش كېرەك دەپ جار سالىمىز، لېكىن ھېچقاچان ئۆپكىمىزنى بېسىۋېلىپ تۇرۇپ، بۇ خىل كىتابنى ئوقۇيدىغان ئادەملەر نەدىن كەلگەن دەپ ئويلاپ باقمايمىز. بىز يالىڭاچ رەسىم كۆرگەزمىلىرىگە قارشى تۇرىمىز، بىراق بۇ يالىڭاچ رەسىملەر دەسلەپتە نېمىشقا كۆرگەزمە قىلىنغان بولغىيتتى، دەپ سوئال قويۇپ باقمايمىز. جىنسىيەت تەبىئىي ئىش، لېكىن جىنسىي مۇددىئالار جىنسىيەتكە قارشى تۇرۇش تەلىملىرى ئاستىدا كېلىپ چىققان، ئەگەر بۇ ۋەزلەرگە ئەمەل قىلساق، بۇ ئىلمىيلىكى بولمىغان تەلىماتلارنىڭ ئۆندەرەشلىرىنى قوبۇل قىلساق، روھىمىز پۈتۈنلەي جىنسىي غەرەزلەر بىلەن توشۇپ كېتىدۇ، بۇ ئەھۋال يۈز بېرىپمۇ بولدى، لېكىن خۇداغا شۈكرى، بۇ مۇئەللىملەرنىڭ تەربىيىسى نۇسرەت قازىنالمىدى، ئۇلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشى تۇپەيلىدىن، كىشىلەر قىسمەن ۋىجدانىنى ۋە پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ساقلاپ قالالىدى. ئەگەر ئادەم جىنسىيەتنى مۇۋاپىق چۈشىنەلىگەندە ئىدى، ئۇ جىنسىيەتتىن ھالقىپ كېتەلەيتتى. ئۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈشى كېرەك ھەم شۇنداق بولۇشى زۆرۈر.

بۈگۈنگە قەدەر بىزنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرىمىز خاتا نەتىجىگە ئېرىشتى، چۈنكى بىز جىنسقا دوستانە مۇئامىلە قىلمىدۇق، ئەكسىچە ئۇنىڭغا قارشى جەڭ ئېلان قىلدۇق، بىز بېسىش بىلەن يېتەرسىز چۈشىنىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، جىنس مەسىلىلىرىنى ھەل قىلماقچى بولدۇق، ئادەمنىڭ چۈشىنىشى قانچە چوڭقۇرلاشقانسېرى، شۇنچە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلەيدۇ، چۈشەنچىسى قانچىكى يۈزە بولسا، جىنسنى شۇنچە سىقىدۇ، سىقىشنىڭ نەتىجىسى مەڭگۈ ئەھمىيەتسىز، كۆڭۈلسىزدۇر.

جىنس ئادەملەرنىڭ ھاياتىي كۈچى ئەڭ تولۇپ تاشقان ئېنېرگىيىسىدۇر، بىراق ئۇ ئۆزىنى چەكلەپ قويماسلىقى كېرەك. جىنس ئادەمنى روھقا باشلاپ كىرىش كېرەك، نىشان شەھۋەتتىن ئەقىل نۇرىغا يېتىپ بېرىش.

جىنسنى چۈشەنگەندىلا شەھۋانىيەتتىن قۇتۇلغىلى، جىنسنى چۈشەنگەندىلا ئۇنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلغىلى، ئۇنىڭدىن ھالقىپ كەتكىلى بولىدۇ. ئادەم بىر ئۆمۈرلۈك جىنسىي تەجرىبە ئارقىلىقمۇ، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان تولىمۇ قىسقا سامادھى (samadhi) تەجرىبىسىنى كۆزىتەلمەيدۇ، سىز يۈكسەك ئاڭغا شۇنداقلا بىر نەزەر تاشلىغان بولسىڭىزمۇ ئاشۇنىڭ ئۆزى جىنسنىڭ ئەڭ زور تارتىش كۈچىدۇر، ئاشۇنىڭ ئۆزى جىنسنىڭ ئەڭ زور ئېزىقتۇرۇش كۈچىدۇر، ئاشۇنىڭ ئۆزى بارچىدىن يۈكسەك ئىلاھنىڭ ماگنىتتەك سېھرىي كۈچىدۇر. سىز بۇ قىسقىغىنا نىگاھىڭىزنى بىلىشىڭىز، ئۇنى قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك. زېھنىڭىزنى ئۇنىڭغا مەركەزلەشتۈرۈشىڭىز كېرەك. ھەربىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك. سىز بۇنىڭدىن باشقا ئىستىقامەت، يۇگا[1] ۋە ئىبادەتكە ئوخشاش بىر ئاز ئاسان ئۇسۇللارنى تاللاپمۇ پۈتۈنلەي ئوخشاش تەجرىبىگە نائىل بولالايسىز، لېكىن جىنستىن ئىبارەت بۇ يولنىڭ ئادەمگە بولغان تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك، شۇنداقتىمۇ باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق ئوخشاش مەقسەتكە يېتىشمۇ ناھايىتى مۇھىم.

بىر دوستۇم ماڭا يازغان خېتىدە «سېنىڭ بۇ تېمالىڭ ئادەمگە بىئەپ تۇيۇلىدىكەن، بىر ئاتا بىلەن قىزنىڭ بىللە نۇتۇق ئاڭلاۋاتقان چاغدىكى ئەپسىز كەيپىياتىنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرۈپ باقساڭ» دەپتۇ. ئۇ يەنە بۇنداق ئىشنى ئەل - جامائەتنىڭ ئالدىدا تىلغا ئالمىساڭ دەپ نەسىھەت قىپتۇ.

مەن جاۋاب خېتىمدە ئۇنىڭ قارشىلىقىنىڭ ئاساسى يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ جەزمەن كەيپى جايىدا ئەمەسلىكىنى ئېيتتىم. ئەگەر ئانىنىڭ ئەقلى بولسا، قىزى ھەۋەس كۆلىگە چۈشۈپ كېتىشتىن ئاۋۋال، ناتونۇش، پىشمىغان ئۇسۇللاردا قايمۇقۇپ قېلىشتىن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ جىنسىي تەجرىبىسىنى قىزىغا ئېيتىپ بېرىدۇ. ئەگەر بىر ئاتا چۈشەرلىك بىلەن ئاتىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالسا، قىزى بىلەن جەزمەن بۇ تېما ئۈستىدە ئوچۇق - يورۇق سۆزلىشىدۇ، ئۇلارنى بولغۇسى خاتالىقلاردىن ئاگاھلاندۇرۇپ،

---

[1] يۇگا - ھىندىلارنىڭ سىرلىق يىل گۇمپا ئۇسۇلى.

قۇتقۇزۇپ قالىدۇ، كېيىنچە يۈز بېرىپ قالىدىغان جىنسىي تاسادىپىيلىقلاردىن خالاس قىلىدۇ.

لېكىن كۆلكىلىك بولغىنى شۇكى، ئاتا - ئانا بولغۇچىنىڭمۇ بۇ ئىشقا نىسبەتەن ھېچقانداق چۈشەنچىسى، ئاڭلىق تەجرىبىسى يوق، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ تەن قاتلىمىدىكى جىنستىن تېخىچە يۇقىرى كۆتۈرۈلەلمىگەن بولغاچقا، ئۇلار پەرزەنتىنىڭمۇ مۇشۇ قاتلامغا بەنت بولۇپ قېلىشىدىن قورقىدۇ. ئۇنداقتا سىزدىن سوراپ باقاي، بىرسى سىزنى يېتەكلىگەنمۇ؟ سىز ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز پۇتلاشتىڭىز، بالىلىرىڭىزمۇ كېيىنچە ئۆزىگە ئۆزى توسالغۇ بولىدۇ. بۇ ئىش ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئەۋلادتىمۇ ھەم ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە داۋاملىشىدۇ. ئەمما سىز بالىڭىزغا ئېيتىپ بەرسىڭىز، ئۇلارنى يېتەكلىسىڭىز، ئۇلارنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق ئىختىيارىي ئويلىشىغا رۇخسەت قىلسىڭىز، ئۇلار ئۆز - ئۆزىنى قۇتقۇزۇپلا قالماستىن، كۈچ - قۇۋۋىتىنى زايە قىلىۋېتىشتىن ساقلىنالايدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇلار بۇ ئېنېرگىيىسىنى ساقلاپ قالغاننىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش ياسىيالايدۇ.

بىز ھەممىمىز كۆمۈرنى تالاي قېتىم كۆرگەن، ئالىملار نەچچە مىڭ يىل ئۆتكەندە كۆمۈر ئالماسقا ئايلىنالايدۇ دەيدۇ، كۆمۈر بىلەن ئالماسنىڭ خىمىيىلىك تەركىبىدە ھېچقانداق پەرق يوق، ئالماس بولسا كۆمۈرنىڭ ئۆزگىرىش ياسىغاندىن كېيىنكى كۆرۈنۈشى، ئالماس پەقەت كۆمۈردىنلا ئىبارەت.

سىلەرگە ئېيتايكى، جىنسىيەت كۆمۈردۇر، ھەۋەسسىزلىك ئالماس، ئۇ جىنسىي ھەۋەسنىڭ يەنە بىر خىل تىپى. ھەۋەسسىزلىك جىنسىي ھەۋەسنىڭ ئۆزگىرىشى، ھەۋەسسىزلىك كۆمۈر، لېكىن ئۇ بىر ئالاھىدە تەرتىپتىن كېيىن ئاندىن ئۆزگىرەلەيدۇ، ماڭا ئىشىنىڭلار، بۇ ئىككى قۇتۇپ ئارىسىدا دۈشمەنلىك يوق، جىنسىي ھەۋەسنىڭ دۈشمىنى ھەرگىزمۇ ھەۋەسسىزلىككە ئۆزگىرەلمەيدۇ.

ئىستەكسىزلىكنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئىستەكسىزلىكنىڭ مەنىسى خۇدا بىلەن مۇناسىۋەتلىشىش. ئۇلۇغلۇقنى باشتىن كەچۈرۈش، ئىلاھنى باشتىن كەچۈرۈش، جىنسىي ئېنېرگىيىنى بۇ يولغا، خۇدانىڭ يولىغا يۆتكىيەلەيدىغانلىقىمىزنى ئاڭلىق ھالدا چۈشىنىشتىن ئىبارەت.

مەن ئەتە سىلەرگە قانداق قىلغاندا جىنسىيەت تەجرىبىسىنى ئەقىل نۇرىغا كۆتەرگىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرمەكچىمەن. مەن سىلەرنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، ئېزىقتۇرۇپ قويماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. كاللاڭلاردا قانداق بىر سوئال تۇغۇلسا، راستچىللىق بىلەن سوراڭلار، يېزىپ ماڭا بېرىڭلار، كېيىنكى بىرنەچچە كۈندە سىلەرگە ئاددىي ۋە بىۋاسىتە جاۋاب بېرىپ باقاي، كاللاڭلاردا ئەگىپ يۈرگەن مەسىلىنى يوشۇرۇش ھاجەت ئەمەس، ھەقىقەتنى يۈگەشكە ھەددىمىز ئەمەس، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىشمۇ ئەھمىيەتسىز. ھەقىقەت دېگەن ھەقىقەت، بىز كۆزىمىزنى يۇمۇۋالساقمۇ، ئاچساقمۇ ئۇ يەنىلا ئوخشاش، پەقەت باتۇرلۇق بىلەن ھەقىقەتكە يۈزلىنەلىگەن ئادەم ھەقىقىي تەرەققىيات يولىنى تۇتقان ئادەم. ئاجىزلار ۋە قورقۇنچاقلار، ھايات ھەقىقەتلىرىگە باھادىرلارچە يۈزلىنەلمىگەنلەر مەڭگۈ ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ ھەم ھەقىقىي تەرەققىيتنىڭ ئادەمگە ئايلىنالمايدۇ.

كېيىنكى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە سىلەرنىڭ بۇ تېما ئۈستىدە ئويلىنىپ بېقىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئۇ دېگەن قېرى دانىشمەن بىلەن ئەۋلىيا - ئەنبىيالارمۇ ئېغىز ئاچمايدىغان تېما، ئېھتىمال سىلەرمۇ بۇنىڭدىن بۇرۇن مۇنداق نۇتۇقنى ئاڭلىمىغان بولغىيدىڭلار، شۇڭلاشقا كاللاڭلاردىكى ئىنكاس ناھايىتى قورقۇنچلۇق، شۇنداقتىمۇ سىلەرنى سەۋر قىلىپ، ئىخلاس بىلەن ئاڭلاشقا رىغبەتلەندۈرىمەن. بەلكىم جىنسقا بولغان چۈشىنىش سىلەرنى روھ قەسرىگە باشلاپ بېرىشى مۇمكىن، بۇ مېنىڭ ئۈمىد قىلىدىغىنىم. خۇدا بۇ تىلىكىمنى ئىجاۋەت قىلغاي.

1968 - يىلى 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى بومباي

(ئوشۇنىڭ «چىن مۇھەببەت سەپىرى» ناملىق كىتابىدىن)

KOKNUR

# «كۆكنۇر مۇكاپاتى» - سىزنىڭ مۇكاپاتىڭىز

ئەدەبىياتىمىز ئۆزىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە يەنە بىر ئەسىرنى ئاخىرلاشتۇردى. ژۇرنىلىمىز ئۆشبۇ سانىنىڭ نەشردىن چىقىشى بىلەن ئۆزىنىڭ 20 - ئەسىرگە تەۋە مۇساپىسىگە چېكىت قويدى. ئىشىنىمىزكى، ژۇرنىلىمىز يېڭى ئەسىردە ئەدەبىياتىمىزنىڭ يەنىمۇ پارلاق ئىستىقبالىغا قۇچاق ئاچقۇسى. كونا ئەسىر بىلەن يېڭى ئەسىر كېسىشكەن مۇشۇ پەللىدە بىز كەڭ قەلەم ساھىبلىرىمىزنى ژۇرنىلىمىزنىڭ يېڭى ئەسىردىكى تۇنجى يېڭىلىقى بىلەن ئورتاقلىشىشقا چاقىرىمىز.

ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى ئەسىردىكى تەرەققىياتىغا ئاز - تولا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك بۇرچى ھېسابلىغان ئۈرۈمچى «كۆكنۇر» ئۈن - سىن مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ خوجايىنى، شائىر ۋاھىتجان ئوسمان ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى ئەسىردىكى تەرەققىياتىغا ئاق يول تىلەش، ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن ئۆزى شەخسىي مەبلەغ سېلىپ ژۇرنىلىمىزدا مۇكاپات تەسىس قىلدى. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تەپسىلىي ئەھۋاللار تۆۋەندىكىچە:

1. مۇكاپات ئۈرۈمچى «كۆكنۇر» ئۈن - سىن مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ نامىدا «كۆكنۇر مۇكاپاتى» دەپ ئاتىلىدۇ.

2. مۇكاپاتلىنىدىغان ئەسەرلەر ژۇرنىلىمىزنىڭ يېڭى ئەسىردىكى تۇنجى سانى، يەنى 2001 - يىللىق 1 - سانىدىن 2001 - يىللىق 6 - سانىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر ئىچىدىن تاللىنىدۇ.

3. مۇكاپاتقا قاتنىشىدىغان ئەسەرلەرنىڭ ژانىرى ئىككى تۈر بويىچە بولىدۇ. (1) شېئىرىيەت؛ (2) ئىلمىي، ئىجتىمائىي، ئەدەبىياتشۇناسلىققا دائىر ماقالىلەر، ئەدەبىي خاتىرە ۋە سۆھبەت خاتىرىلىرى.

4. مۇكاپات ئەھۋالى: بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن ئىككىسى تەسىس قىلىنىپ ئۇنىڭ مۇكاپات سوممىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1000 يۈەندىن بولىدۇ. ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن ئۈچى تەسىس قىلىنىپ، مۇكاپات سوممىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 500 يۈەندىن بولىدۇ. ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن بەشى تەسىس قىلىنىپ مۇكاپات سوممىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 300 يۈەندىن بولىدۇ.

5. مۇكاپاتلىنىدىغان ئەسەرلەر مەخسۇس تەشكىللەنگەن «كۆكنۇر مۇكاپاتى» باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن دەرىجىگە ئايرىپ بېكىتىلىدۇ (باھالاش ھەيئىتىنىڭ ئىسىملىكى مۇكاپات نەتىجىسى بىلەن بىرگە ئېلان قىلىنىدۇ).

6. مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئاپتورلارغا مۇكاپات سوممىسى بىلەن مۇكاپاتلاش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلىدۇ.

7. مۇكاپاتقا قاتناشتۇرۇلغان ئەسەرلەر (مەيلى ئۇ مۇكاپاتقا ئېرىشسۇن ياكى ئېرىشەلمىسۇن) بىردەك ژۇرنىلىمىزنىڭ نورمالنى قەلەم ھەققىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

8. مۇكاپات ئەھۋالى 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرى، يەنى ژۇرنىلىمىزنىڭ 2001 - يىللىق 6 - سانى نەشردىن چىققاندىن كېيىن بېكىتىلىدۇ ۋە ئېلان قىلىنىدۇ.

9. مۇكاپاتقا قاتناشتۇرۇلىدىغان ئەسەرلەرنىڭ كونۋېرت ئۈستىگە بىردەك «كۆكنۇر مۇكاپاتى» غا قاتناشتۇرۇلىدىغان ئەسەر دەپ ئەسكەرتىلىشى كېرەك.

# «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدىكى بارلىق خادىملار سىلەرگە سالام يوللايدۇ




















ئېسىڭىزدە بولسۇن ـ

ئەدەبىيات بىر مىللەتنىڭ روھىي تۈۋرۈكى، غەمخورچىسى، يېتەكچىسى. ئۇ سىزنىڭ ۋە سىزگە ئوخشاش ئىلىم سۆيەر دوستلارنىڭ قوللىشىغا، پەرۋىش قىلىشىغا موھتاج.



ئۈمىدىمىز ـ

ئەدەبىياتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇر...
سىزنىڭمۇ بىر كىشىلىك مەجبۇرىيىتىڭىز
شۇڭا ئېسىل ئەسەرلىرىڭىزنى ئەۋەتىپ
بىلەن ھەمدەمدە بولغايسىز. ئازغىنە پۇلنى
سەرپ قىلىپ، مۇشتىرى بولۇش ئارقىلى
ژۇرنىلىمىزنىڭ رەڭدار سەھىپىلىرىدىن با...
ئالغايسىز.



ھەر ۋاقىت جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى ياكى تەھرىر بۆلۈمىمىزگە بىۋاسىتە مۇشتىرى بولسىڭىز بولىدۇ.

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 59 ـ 58

ھۆرمەت بىلەن:

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» تەھرىراتى

国际标准刊号 ISSN1004—1745 国内统一刊号 CN65—1012/I 邮发代号 58—83 零售价: 4.40元